«جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى»دىكى نەشرىي ئەپكار

入选《中国期刊方阵》的刊物

«شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن نەشرىي ئەپكار

荣获《新疆期刊奖》的刊物

● سەنئەت ئەربابى، تونۇلغان كىنو- تېلېۋىزىيە، تىياتىر سەنئەتكارى، قابىل مۇقام، سەنئەت تەشكىلاتچىسى توختى مالتاجى ئەپەندى(2003 — 1926)نى چوڭقۇر ياد ئېتىمىز ●

XINJIANG CIVILIZATION • КУЛЬТУРА СИНЬЦЗЯНА • シンキョウ ブンカ • شىنجاڭ مەدەنىيىتى



3

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

# 新疆文化

ISSN 1008-6498

2005

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



خەلقلەر دوستلۇقىنىڭ ئەلچىسى، ئاتاقلىق خەنزۇ ئەدەبىي تەرجىمان جاڭ خۇڭچاۋ ئەپەندى
ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئىلمىي ئەمگەكلىرىدىن: «قۇتادغۇبىلىك» (مەرھۇم خاۋ گۇەنجۇڭ ۋە لىيۇ بىڭ بىلەن)، «ئۇيغۇر 12 مۇقامى» (13 توم، ۋاڭ يىجى، ئەكبەر غولام قاتارلىقلار بىلەن)، «نەۋائىي غەزەللىرى» (مۇستەقىل)، «ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى ئۇبزورلىرى توپلىمى» (خاۋ گۇەنجۇڭ بىلەن)، مەرھۇم ئابدۇرېھىم تىلەشىپ ئۆتكۈرنىڭ «قەشقەر كېچىسى» داستانى (ۋاڭ يىجى بىلەن)، مۇھەممەت باغراشنىڭ «ئادەملەر» پوۋېستى، قۇربان باراتنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە نادىر شېئىر- داستانلىرىنى ئۇيغۇر تىلىدىن خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلغان؛ «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى قامۇسى» (12 توم، خەنزۇچە) نى تۈزگەن؛ «ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ۋەزنلىرى ۋە شەكىللىرى»، «‹قۇتادغۇبىلىك›تىكى كۆپ خىل مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ سەۋەبلىرى توغرىسىدا»، «ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى سەرخىل گۈل — ‹قەشقەر كېچىسى›گە باھا» قاتارلىق ئېسىل تەتقىقات ماقالىلىرىنى خەنزۇ تىلىدا ئېلان قىلغان

● شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق ●

# بۇ ساندا


**ھەسەتخور - ئادىمىي چاپان**

يەنە ھەسەتخورلۇق ھەققىدە ........ گۈلتېكىن 2

**تارىخ سەھىپىسىدە**

كەلپىن ئۇيغۇرلىرى تېخى ئېيتىپ تۈگىمىگەن بىر رىۋايەت ........ مۇھەممەت باغراش 4

**زامان تەقەززا پىكىرلەر**

بۈگۈننىڭ دەردىنى ئېيتايمۇ، ئەتە ئۈچۈن يىغلايمۇ؟ ........ خۇدابەردى ئابىخان 11

**تەپەككۇر كۆزى**

تەپەككۇر مېۋىلىرى ........ ئابدۇساتتار ئابدۇۋەلى قاتارلىقلار 15

**بىز ياشاۋاتقان دۇنيا**

ئەخلاقنىڭ دۈشمىنى ........ ئادىل ئابدۇقادىر 35

**روھ چۇقانلىرى**

زىيالىيلاردىكى بىتەلەيلىك ........ ۋاڭ شياۋبو 43

**مەسەللەر ۋە مەسىلىلەر**

ئەخمەق بوۋاي نېمە ئۈچۈن تاغ يۆتكىدۇ؟ ........ ۋاڭ جۇڭشۇ 48

مەسەللەر ۋە مەسىلىلەر ........ ئابلەت قەييۇم 49

**مەنمۇ كۆز قارىشىمنى قويۇپ باقاي**

ھەققەت توغرىسىدا مۇلاھىزە ........ ئابلەت مۇھەممەت 51

**ھەر ئىش يولى بىلەن**

خاسلىقنىڭمۇ ئەركەك - چىشىسى بار ........ تۇرسۇن قادىر 60

**نەۋرۇز خاسىيىتى**

سېرىق ئۆگۈز ۋادىسىدىكى نەۋرۇز شەيدالىرى ........ دىلئارام قۇربان 67

**ئەل رەھمىتى - شان - شەرەپنىڭ يىلتىزى**

شېئىرنىڭ رولى ۋە تەسىرى توغرىسىدا بىر ئاغىنەمنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئىش ........ ئايۇپ ئابدۇرەھمان 69

**ئائىلىق نىداسى**

«ئانا» ھەققىدە ئويلىغانلىرىم ........ تۇرنىساگۈل خەلىل 72

**دۇنياۋى مەشھۇر نۇتۇقلاردىن ئۆرنەك**

مېنىڭ ئارزۇيۇم ........ مارتىن لۇتېركىڭ 74

**مۇڭداشقىلى مەن كەلدىم**

ساتىراش ئاكا، بۈگۈن نېمىشقا پۇل تاپالمىدىڭ؟ ........ تۇرسۇن تۇردى 79


مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: رىسالەت مۇھەممەت


# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

(54 - يىل نەشرى)

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال

ئەدەبىي ژۇرنال

2005 - يىل 3 - سان

(ئومۇمىي 273 - سان)

باش مۇھەررىر:

زۇنۇن باقى (قوشۇمچە)

(ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نا-زارىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇ-ئاۋىن مۇدىرى)

دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:

قۇربان مامۇت

(ئالىي مۇھەررىر)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:

رىسالەت مۇھەممەت

(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# يالا ھەسەتخورلۇق ھەققىدە



گۈلتېكىن

قىزىل كۆزلۈك، كۆرەلمەسلىك ۋە يا ئۆزى قىلالماسلىق،
قىلاي دەپ باغلىسا بەلنى تۇمەن بۆھتانىمىز باردۇر.

—ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى

ماقالەمنىڭ ماۋزۇسىغا «يەنە» دېگەن سۆزنى ئىشلەتتىم. بۇنىڭدىكى مەنە شۇكى، ھەسەت تېمىسى كونا ھەم يېڭى تېما. نەزىرىمىزنى تارىخقا ئاغدۇرۇپ سىنچىلاپ قارىساق، چىرىگەن سۆڭەكلەردە ھەسەتخورلۇقنىڭ شۇم نەشتىرىنىڭ ئىزنالىرىنى كۆرەلەيمىز. تارىخنىڭ بىزگە ئايان بولغان قىسمىدا ئۇلۇغبەگ، ئابدۇقادىر داموللا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىي پاجىئەلىرىدەك رەزىللىك سەمەرىلىرى كۆزگە تاشلىنىپ تۇرۇپتۇ. ئايان بولمىغان ئۇششاق ھالقىلىرىدا تۇپا ـ چاڭلار يەنە قانچىلىك يىرگىنچلىك كۆرۈنۈشلەرنى قوينىغا ئېلىپ ياتىدۇ، بۇنىسى بىزگە نامەلۇم. قىسقىسى، ئەزەلدىن مۇقەددەم ئالىم ۋە ئەدىبلەرنىڭ ئەقلى ۋە ئىقتىدارى، ھاكىم ۋە پازىللارنىڭ سەلتەنەتلىرى ھەسەتخور مۇدھىش بورانلارنىڭ زەخمىتىنى چەككەن، ھەتتا يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك ئالىي مەرتىۋىلىك دۆلەت ئەربابلىرىنىڭمۇ ھەسەتخورلۇق ئۇستىدىن زارلانغانلىقى بۇنىڭ دەلىلى.

## ھەسەتخور ــ ئادىمىي چايان

مانا بۈگۈن ھەسەتخورلۇقنىڭ جاھىل ئەرۋاھى زامان ـ ماكان چەمبىرىكىدىن ھالقىپ ئۆزلىرىگە يېڭى ئۇۋا تاپتى ۋە بۇ ئۇۋىلىرىدا تۇخۇم سالدى. ئۇ، زاماننىڭ سەلبىي ئاب ـ ھاۋاسىدا ئاينىپلا قالماي، نۇرانە تەرەپلىرىدىنمۇ ئۆزىگە خاس ئۇسۇل بىلەن چىۋەرلىك بىلەن پايدىلاندى. شەكىل ۋە ئۇسۇل جەھەتتە بېيىپ، ئۆزىنى يېتەرلىك پەردازلىدى. دېمەك ھەسەت كونا شۇنداقلا يېڭى تېما. كونىلىقى، ئۇ تارىخنىڭ چىرىگەن جەسەتلىرىگە ھەم ھەمرا، يېڭىلىقى، ئۇ ئۆز دەپنىگاھىغا ئۇنۇملۇك دەپنە قىلىنماي، يېڭى سىمالاردا تىرىلگەن.

ھەسەتخورلۇقنىڭ مەنبەسى قاراكۆڭۈل بولۇپ، ئۇ ۋىجدان قۇياشى زاۋال تاپقان كۆڭۈلدە باش كۆتۈرىدۇ. ئۇ قارا كۆڭۈلنىڭ بىراۋنىڭ بەخت ـ ئامەت، ئىقتىدار، قابىلىيەت ۋە ئۆزىگىلا مەلۇم بولغان ئاللىقانداق تەرەپلىرىنى ئۆزى بىلەن سېلىشتۇرۇشتىن كېلىپ چىققان مەنىۋى قاتىللىق. قارانىيەت ھەسەتخور ئۆز ـ ئۆزىگە ئەقلىي يوسۇندا باھا بېرىشتىن خالىي ھالدا، ئۆز ئوبيېكتىنىڭ شېخىنى كەسلەش ئارقىلىق ئۆز كۆڭلىگە ئارام بېرىشنى ئىزدەيدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۆز گۆشىنى ئۆزى يەيدۇ. ھەسەتخورلۇق ھالاللىق ۋە مەردانىلىكتىن خالىي

ھالدا ئۆز ئوبيېكتىنى سۈيىقەست يولى بىلەن بابلاشنى، ئۇنىڭ يولىغا ئورا قېزىشنى كەسىپ قىلغان نامەرد ھەم يىرگىنچلىك روھ. ئۇ ئۆز نامەردلىكىنى زامانىڭ چىرايلىق يېپىنچىلىرى ئاستىغا يوشۇرۇشقا دائىم ئۇرىنىدۇكى، ئەقىل كۆزى بىلەن كۆرەلمەيدىغانلار ئۇنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى ئىبلىس كەبىي ھەقىقىي بەشىرىسىنى كۆرۈپ يېتەلمەيدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەخپىي ھەم شەكىلسىز قاتىللىقلىرىنى ئەنە شۇنداق كارغا كېلىدىغان يېپىنچىلار ئاستىدا ئېلىپ بارىدۇ.

ھەسەتخورلۇقنىڭ يەنە بىر تىپى، ئىشلاردىكى ناقابىللىق ۋە شۇ ناقابىللىق تۈپەيلى كېلىپ چىققان كېلىشمەسلىكلەردىن يېتىلدۈرۈۋالغان ئەسەبىي قىساسكارلىق. ھەسەتخورلۇقنىڭ بۇنداق تىپى ئۆز ناقابىللىقىنى تىرىشچانلىق بىلەن تۈگىتىش كويىدا بولۇشتىن مۇستەسنا ھالدا پۇرسەت بولسا تۆھمەت قىلىش، تۈخۈمدىن تۈك ئۈندۈرۈش، تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدەش، ئۆزگىنى قىرقىش ئارقىلىق قىساسكار قەلبىگە ئاراملىق ئىزدەيدۇ. مەيلى قايسى خىل شەكىلدە بولسۇن، ئۇلار بىر تەرەپتىن ئۆزلىرىنىڭ قابىل ھەم ئۈنۈملۈك قەستى تۈپەيلى باشقىلار دۇچ كېلىۋاتقان شورلۇق قىسمەتلەردىن مەمنۇنىيەت ھېس قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ھەسەت ئوبيېكتلىرىنىڭ سالماق ھەم تەمكىن پوزىتسىيىسىدىن پۇچۇلۇنۇپ، ئۆزى ياسىۋالغان دوزاختا كۆيىدۇ. چۈنكى ھەسەتنىڭ مەنبەسى شۇنى بەلگىلىگەنلىكى، تارىختىن بېرى ئەقىل، جۈرئەت، مۇستەقىل پىكىر، يىراقنى كۆرەرلىك، گۇمانىزملىق قاراش قاتارلىق ئىنساننىڭ قىممەتلىك پەزىلەتلىرىنى ئۆزىدە يېتىلدۈرگەن مۇنەۋۋەر شەخسلەر ھەسەت ۋە پىتنىنىڭ ئوبيېكتى بوپكەلگەن. ھالبۇكى، مۇنەۋۋەرلىك شۇ يەردىكى، ئۇلار ئۆزلىرى دۇچ كېلىۋاتقان ئۆكۈشسىز قىسمەتلىرىنى ئۆزلىرىنى چېنىقتۇرۇش پۇرسىتى دەپ بىلىپ، تەمكىن ھەم سالماق مۇئامىلە قىلىدۇ، ئەمما نورمىدىن ئارتۇق چېنىقىشنىڭ بەدىلى ئەقىل ۋە زېھىن بولىدۇ.

چېقىمچىلىق ھەسەتتىن ئىبارەت رەزىل ئۇرۇقتىن بىخلاپ چىققان زەھەرلىك گىيا. چېقىمچىلىق روشەنكى زىيانكەشلىك. چۈنكى ئۇ ئادىللىقتىن چەتنىگەن بىر تەرەپلىمىلىك ۋە ئۆچمەنلىكنى چىقىش قىلىدۇ، باشقىلارنىڭ سۆزىنى بۇرمىلاپ زىيانكەشلىكنى مەقسەت قىلىدۇ. ئۇ ھەسەتتىن ئىبارەت ماتورنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىپ، ھالال ئەقىدە ئۈچۈن ئالدىراۋاتقانلارنىڭ يولىغا خەندەك كولاش بىلەن ئاۋارە بولىدۇ. نىھايەت، ئۇلار ئەقىل ۋە زېھىننىڭ بۇزغۇنچىلىرى ۋە قاتىللىرى بوپقالىدى.

بىر دۆلەت ئۈچۈن تەبىئىي بايلىقلار قانچە مۇھىم بولسا، بۇ بايلىقلارنى كۈچ ۋە قىممەتكە ئايلاندۇرىدىغان ئىقتىدار بايلىقمۇ ئوخشاشلا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئىقتىدار بايلىقلىرى قۇرۇلۇشى كەلگۈسى نىشانلانغان زور ئىجتىمائىي بىناكارلىق. دۆلەت تەشكىل قىلغان جەمئىيەت ئىقتىدار بايلىقى مەنبەسىنى ئېچىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق مىسلىسىز تەرەققىياتنى بارلىققا كەلتۈرەلەيدۇ. ئەمما جەمئىيەت جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋىتىنى يادرو قىلىدۇ. كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى گارمونىك ماسلىق جەمئىيەتنىڭ ئىناق، مۇقىم ۋە سىجىل راۋاجىنىڭ ئاساسى. جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقى ئۇلارنىڭ ئەمەلىي كۈچ ۋە گۈللىنىش دەرىجىسىنى بەلگىلەيدۇ. جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋىتىدىكى ماسلىق ھەم ھەمكارلىقنىڭ يوقىلىشى جەمئىيەت ئۈچۈن ناھايىتى زور يوشۇرۇن خەۋپ ۋە جىنايەت مەنبەسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. كىشىلىك مۇناسىۋەت ئادەم ئۈچۈن خۇددى تۇپراقتەك مۇھىم بولۇپ، ئادەمنىڭ جەمئىيەتتە مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇش شەكلىنى كۆپىنچە كىشىلىك مۇناسىۋەت بەلگىلەپ قويىدۇ. قانۇن ئۆز نۆۋىتىدە جەمئىيەتتىكى كىشىلەر مۇناسىۋىتىنى ئۆزگەرتىشتە ئۈنۈملۈك رول ئوينىسىمۇ، ئۇ كۆپىنچە ئاشكارىلانغان، پاكىت تۈسىنى ئالغان ھەرىكەتكە قارىتا چەكلەش ۋە جازالاش خاراكتېرىگە ئىگە. ئەمما پاكىتنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان ئىنسان پسىخىكىسىغا دائىر ئىنچىكە ھالقىلار ئەخلاقنىڭ ھەل قىلىشىغا تاشلاپ قويۇلغان بولۇپ، ئىنسان قەلبىنىڭ ئۆز قانۇنى بولغان ئەخلاق دۆلەت قانۇنىدەك رېئال سىياسىي كۈچ سۈپىتىدە مەجبۇرلاش كۈچىگە ئىگە بولمىغاچقا، پەقەت ئۆز ئىگىسىنىڭ ئۆزىنى تونۇپ، ئېتىراپ قىلىشىنى كۈتۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئەمما قارا كۆڭۈل ئۆز ـ ئۆزىنى تونۇشتەك نۇرانىلىقتىن مەھرۇم زىنداندۇر.

ھەسەتخورلۇق ۋە چېقىمچىلىقتەك ئەخلاق مەسىلىلىرى جەمئىيەت ئەزالىرى ئارىسىدىكى كىشىلىك مۇناسىۋەتتە دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان، خالىي بولماق تەس ھادىسە سۈپىتىدە مەيدانغا چىقسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ يامرىشى، تەرەققىي قىلىشى، ئىستىخىيلىك ھالەتتىن پىلانلىق ۋە ئاڭلىق ھالەتكە ئۆتۈشى جەمئىيەتنىڭ ئىچكى ئۇيۇشۇش كۈچىگە تەھدىت سالىدۇ. جەمئىيەت ئەزالىرى ئارا يىرىكچىلىك، ئۆچمەنلىك ۋە ئاداۋەت ئۇرۇقىنى چېچىپ، مەنىۋى بىرلىكنىڭ بۇزۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇ، كىشىلەر پسىخىكىسىغا روشەن تەسىر كۆرسىتىپ، بىنورمال پسىخىك ھالەتنى ئەۋج ئالدۇرىدۇ، نەتىجىدە ئەخلاق ئەرزىمەس نەرسىگە ئايلىنىپ شەخسىيەتچىلىك ئەۋج ئالىدۇ، ئىناقلىق ـ ئىتتىپاقلىققا دەز كېتىدۇ، ئەخلاقسىز قىلمىشلار ئەۋج ئېلىپ، جىنايەت ئۆزى ئۈنىدىغان مۇنبەت تۇپراققا ئىگە بولىدۇ، ئەقىل ۋە بىلىم، ئىقتىدار ۋە قابىلىيەت، ۋاقىت ۋە زېھىن خورايدۇ، ھەتتا پاجىئەلىك تەقدىرگە دۇچار بولىدۇ، جەمئىيەت ئۆزىگە كېرەكلىك بولغان ئىقتىدار مەنبەسىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە ھەسەتخورلۇق يەنە دۆلەت ۋە مىللەتنى پارچىلاشتەك ئىجتىمائىي ھالاكەتكە يېتەكلەيدىغان رەزىل ئىللەت. تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا نادانلىقنىڭ زامانىۋى جەمئىيەتتىكى ۋارىيانتى. ئۇنى شۇ كىشىنىڭ نورمال ئەخلاقىي تۇيغۇسىنىڭ ئويغىنىشىغا تاشلاپ قويۇش بىھۇدىلىك. چۈنكى مەنمەنلىك، قارانىيەت ۋە نامەردلىك ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا مەقامىغا يېتىپ قۇلاقلىرىنى پالەك، كۆزلىرىنى كور قىلغان، ئۇ ئىنسان قەلبىنىڭ ھەقىقىتىنى تىڭشاش، ئۆزلۈك تېگىنىڭ پارلاقلىقىنى كۆرۈش بەختىدىن مەھرۇم بىچارە ھەم تەلۋە روھ. ئۇنىڭ شەكىلسىز زىيانكەشلىكىنى توسۇش جەمئىيەتكە قوشۇلغان تۆھپە، شۇنداقلا مەسئۇلىيەت ئەھلىنىڭ بۇرچى. ئۇنى ساغلام ۋە ئىلغار بولغان جامائەت ئەخلاقى، ئىجتىمائىي كەيپىيات ئارقىلىق سوراقلاش ھەم چەكلەش كېرەك. ھەسەتخورلۇق ئۆزىگە ئىلھام بېرىدىغان ۋە سۈكۈت قىلىدىغان مۇھىتتىن ئايرىلسا، ئىنسان قەلبىدىكى ئاجىزلىق سۈپىتىدە مەۋجۇدلۇقىنى يوقاتمىسىمۇ، جەمئىيەت ئۈچۈن زىيان كەلتۈرەلمەيدۇ. ساغلام كەيپىيات يەنىلا كۆپچىلىكنىڭ ئەخلاقىي جەھەتتىكى ماھىيەتلىك ھەم ئەمەلىي تىرىشچانلىقى ئاساسىدا بارلىققا كېلىدۇ. جۇمھۇرىيەتنىڭ ھەر بىر پۇقراسى «ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش»قا تاشلىغان تۇنجى قەدىمىنى ئەخلاقىي جەھەتتە ئويلىنىشتىن باشلاش كېرەك. چۈنكى ئۆزى ئۈستىدە ھەققانىي ئويلىنىشمۇ ھەقىقەتكە قىلىنغان ھۆرمەت ۋە ھەقىقەتكە قاراپ تاشلانغان تۇنجى قەدەمدۇر.

2005 ـ يىل 1 ـ ئاپرېل

www.uyghurkitap.com



# كەلپىن ئۇيغۇرلىرى تېخى تېپىشىپ تۈگىمىگەن بىر رىۋايەت ...

مۇھەممەت باغراش

2004 ـ يىلى ئۆكتەبىردە بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى بىلەن چاقىلىق ناھىيىسى بىرلىشىپ، چاقىلىق ناھىيىسىدە يازغۇچى سۇلايمان ئابدۇرېھىمگە تون يېپىش ۋە ئۇنىڭ يېقىنقى يىللاردا ئېلان قىلغان رومانلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش، شۇنداقلا ئۇسمۇر قىز ـ يۇجىيىنىڭ يېقىندا نەشىردىن چىققان «تاش ئادەم» ناملىق جۆچەك پوۋېستىنىڭ تارقىتىش مۇراسىمىغا قاتنىشىش شەرىپىگە ئىگە بولدۇق. يىغىن كاتتا ۋە نەتىجىلىك بولدى. يىغىن ئارىلىقىدا چاقىلىق ناھىيىلىك مۇزېينى كۆردۇق.

مۇزېي كۆلەم جەھەتتە ھازىرچە تېخى كىچىك بولسىمۇ، باشقۇرۇلۇشىدىكى مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە ئەستايىدىللىق بىزدە ج ك پ چاقىلىق ناھىيىلىك كومىتېتى ۋە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ، چاقىلىق ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ يەرلىك ئاسار ئەتىقىلەرنى ۋە تارىخىي مەدەنىيەت ئىزلىرىنى قوغداش ئىرادىسى ھەم ئىشلىگەن خىزمەتلىرىگە بولغان قايىللىق ۋە ھۆرمەت تۇيغۇمىزنى ئاشۇرغان بولسا، مۇزېيدىكى نەچچە مىڭ يىللىق پارلاق كىروران ـ چەرچەن ـ لوپ ـ مىران ئۇيغۇر ئويغار ـ مەدەنىيىتىگە تانۇق (گۇۋاھ) بولۇپ تۇرغان ھەر خىل تېپىلمىلار، بولۇپمۇ يېقىندا بايقالغان، قىياس قىلىنىشىچە، تارىخى ئالەمگە داڭلىق «كىروران گۈزىلى» دىنمۇ ئۇزۇنىراق بولۇشى مۇمكىن بولغان ئۈچ كۆۋرە (قۇرۇق جەسەت) بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزنى بەكمۇ ئۇزاق قەدىمي روزىغارغا يېتەكلەپ، بۈگۈنكى كۈندە دۇنيا ۋە جۇڭگونىڭ تارىخ ۋە ئويغارلىق ساھەسىدىكى ئالىملىرىنى تاڭ قالدۇرۇۋاتقان بۈيۈك كىروران ـ لوپ ـ چەرچەن ـ مىران ئويغارىنىڭ ياراتقۇچىلىرى بولمىش كىروران ئۇيغۇرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەقىل ـ پاراستى، ياشاش ئىرادىسىگە تاغدەك پەخىرلىنىش تۇيغۇسى، شۇنداقلا يەنە ئۇلارنىڭ كېيىنكى ھالاكەتلىك تەقدىرىگە بولغان ئازابلىق ئېچىنىش تۇيغۇسىنى ئويغاتتى...

تەقدىر ئادەملەرگە خالىسا بەخت ـ سائادەت، ئاجايىپ قۇۋناق ھايات، گۈللىنىش ئاتا قىلىدۇ، خالىسا ھەر خىل خاتالارنى سەۋەب قىلىپ ئاشۇ گۈللەگەن ئەل ـ ئۇلۇسنى بىر كىشان (دەقىقە)دىلا ھالاكەت ئۇپقانىغا تاشلاپ، ئادەملەرنىڭ خاتاسىنى جازالايدۇ!

## تارىخ سەپىرىدە

ئېيتىلىشىچە، زامانىي ئەۋۋەلدە يەر يۈزىدە ئاجايىپ بۈيۈك مەدەنىيەت، پارلاق گۈللىنىش، جۇشقۇنلۇق (ئاجايىپ كاتتا) تەرەققىيات دەۋرى بولغانىكەن. كېيىن (تەخمىنەن بۇنىڭدىن 10 ـ 12 مىڭ يىللار ئىلگىرى) «توپان بالاسى» بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ نەچچە مىليون يىل داۋامىدا ياراتقان پارلاق مەدەنىيىتى بىر كېچىدىلا ۋەيران بولۇپ، ناھايىتى ئاز ساندىكى جانلىقلار ۋە ئىنسان ئۇرۇقلىرىدىن باشقا پۈتكۈل ئىنسان ۋە جىمىكى بارلىق «توپان»غا غەرق بولۇپ، ئېچىنىشلىق ھالاك بولغان ۋە ئىزسىز يوقالغانىكەن... كۆمەنلى (سىرلىق) ۋە كۈچ ـ كۈسۈنلۈك (قۇدرەتلىك)، تەگسىز ئوپقاندەك سىرى ۋە چىرايىنى ئىنسانىيەتكە كۆرسەتكىلى ئۇنىماي، ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى ئۆرتەپ، ئۇلارنى تۈرلۈك ـ تۈمەن قىياس، ئويلىنىش ۋە ئىزدىنىشلەر بىلەن قىيناۋاتقان تەكلىماكان قۇملۇقى تەكتىدە مۆكۈپ ياتقان ئاجايىپ بۈيۈك ئۇيغار ـ مەدەنىيەت، كاتتا ۋە باتۇر شەھەرلەر ھەممىدە شۇلارنى ياراتقان ئۆركى (ئېسىل)، ئەربۇزى (جەسۇر) ۋە ئالىپ (غالىب) ئەجۇ ـ ئۇغۇشلىرىمىز (بوۋا ـ ئەجدادلىرىمىز) بۇگۈندىن 1600 ـ 1700 يىللار ئىلگىرى ئاشۇ توپان بالاسىدەك دەھشەتلىك قۇم توپانى ئىكەلگەن ھالاكەتلىك تەقدىرنىڭ قۇربانى بولغانىكەن...

تارىخنى قاتتىق مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى ۋە پاكىز نىيەت بىلەن تۆپكەرلەپ (ئەتتىق قىلىپ) بوۋا ـ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىزىنى ئىزلاش، بېسىپ ئۆتكەن يوللىرىنى سىنلاش، ئۇلارنىڭ جەمئىيەت، تەبىئەت، ئېكولوگىيە، ياشاش، تەرەققىيات، مەۋجۇدلۇق... ئاگلىرىنى، پوزىتسىيە ـ مۇناسىۋەتلىرىنى ئۆگىنىش، بىلىش، ئاڭقىرىش بىزنىڭ شەرەپلىك ھەم ساۋابلىق بۇرچىمىز، ئەلۋەتتە! بۇ جەريان بىزگە گاھىدا چوڭقۇر ئېچىنىش ۋە ئازاب تۇيغۇسى بەرسە، يەنە گېزى كەلگەندە بىزگە چەكسىز خۇشاللىق، كۆفەر (غۇرۇر)، قەدىر ـ قىممەت، سۆيۈنۈش، ئىشەنچ ھەم كۈچ ـ قۇدرەت ئاتا قىلىدۇ. ئەڭ مۇھىمى، بىز بۈگۈنكى روزىغار ئادەملىرى تەجرىبە، ئۆرنەك ۋە ساۋاققا ئىگە بولىمىز ھەم يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئىنسانىيەتنىڭ، مىللەتنىڭ ئۆتكەندە باشتىن كەچۈرگەن ھالاكەتلىك تەقدىرىنىڭ بىزنىڭ قىلىپ تاشلىغان قىلماغۇلىرىمىز (خاتالىق ـ سەۋەنلىكلىرىمىز) يەنى مىللىي، ئىجتىمائىي ئەخلاق تەگرىنچى (مۇھىتى) ۋە تەبىئەت ئېكولوگىيە مۇھىتىنى بۇزۇش سەۋەبى بىلەن قايتا تەكرارلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈندۇر! ئاشۇ دەھشەتلىك قىسمەتنىڭ يەنە تەكرارلىنىپ قېلىشىدىن ياراتقۇچى پاناھ بەرسۇن!

ئەتراپىمىزنى قورشاپ ياتقان ئاشۇ مۇڭ باسقان پايانسىز قۇملۇق، ئېغىر تىنىپ ياتقان باياۋان، تەشۋىشلىك ئىگراپ ـ پىچىرلاپ ھالىنى ئېيتىۋاتقان ھالسىز، نىمجان غېرىب توغراقلار نېمە دېمەكچىدۇ؟! بىزگە قايسى قىسمەت، قايسى ئۆتكۈ ـ كەتكۈ ۋە كەلگۈلۈكلەردىن ھېكايەت قىلىۋاتقاندۇ ـ ھە؟! ئۇلارنىڭ تىلىنى ئاڭلىيالساڭ، ئۇلارنىڭ ساڭا سۆزلەپ بېرىۋاتقان ھەيۋەتلىك، دەبدەبىلىك، كاتتا، موگادىنىچ (ھەيران قالارلىق، ئاجايىپ) ئۆتكۈر داستان ـ قىسسەلىرىنى، ھەسرەتلىك ـ نادامەتلىك كەچمىشلىرى توغرىسىدىكى ئۆكۈنۈش، دەرد ـ ھەسرەتلىرىنى، بىزگە قاراپ ئۈمىتلۈپ، قالقىمىزغا، ياق، يۈرىكىمىزگە قۇيماقچى بولغان ئۆگۈت ـ نەسىھەتلىرىنى، ئىستەك، ئۈي ۋە ئارمانلىرىنى ئاڭقىرىپ، ئۇلار بىلەن قۇچاقلىشىپ، ئۇنىڭ باغرىغا مەڭزىڭنى يېقىپ تويۇپ ـ تويۇپ دەردلىشەلىسەڭ كاشكى؟! ھەسسەنەي، بۇ مۇمكىنمۇ؟!

شۇ دورەم چاقىلىق، باش لوپ (كورلا لوپ) ۋە كورلىدا ئۆتكۈزگەن سەككىز ـ ئون كۈنۈم ئاشۇنداق ئېغىر ۋە ئىزتىراپلىق خىياللار قاينىمىدا گاھ لەيلىدى، گاھ چۆكتى...

ئۆپچۆرەمدە بولۇۋاتقان كۈلكە ـ چاقچاقلار، ئويۇن ـ تاماشىلار ماڭا پەقەت سىرتتىن تەسىر قىلاتتى. مەن ئۇلارغا كېچىكىپ ئىنكاس قايتۇراتتىم. ئىچىمدە بولسا تەگسىز خىيال. كۆزلىرىم ئاشۇ سارغۇچ قۇملۇق، ئاشۇ بوزارغان باياۋان ۋە ئاشۇ قىينالغان توغراقلارنىڭ چېكىسىدە قېتىپ قالغان ...

بۇ مۇھىت شۇ قەدەر ئىنتاس، شۇ قەدەر ئاجايىپ كاتتا. شۇ قەدەر قورقۇنچلۇق ۋە شۇ قەدەر بۈيۈك ـ ئۇلۇغۋار ئىدى. لېكىن بۇ زېمىننىڭ ئاشۇ چەكسىزلىكى، ئاجايىپ كاتتا ۋە قورقۇنچلۇقلىقى، بۈيۈك ۋە ئۇلۇغۋارلىقى، تويماس ۋە كۈچ ـ قۇدرەتلىكلىكى دەل ئۇنىڭ يۈكسەكلىكى، بۈيۈكلۈكى، گۈزەللىكى ۋە تارتىشچانلىقى ئىدى! ئۇ ئاشۇ بەھەيۋەت سەلتەنىتى بىلەن، ئاشۇ ھەرقانداق تىنالىق (ھاياتلىق)نى بىر دەقىقە ئىچىدە «ھاپ» قىلىپ يۇتۇپ تاشلايدىغان قاتىرقاتىغ (دەھشەتلىك) ۋە قاتىرياۋلاغ (ۋەھىمىلىك)، بۇۋابا كۆرۈنچ (مەنزىرە)ى بىلەن شۇ قەدەر كەرەم (سېخىي) ھەم قىزىقارلىق ۋە تارتىمچان ئىدى. ئۇنىڭ باغرىدا دەپسەپ تۇرۇپ سەن ئۆزۈڭنى گاھ ھېچ ئەرزىمەس بىر تال قوغ (توزان) سانىساڭ، گاھ ئۇنىڭ ئاشۇ كەرىك (چەكسىز ـ بىپايان) ۋە قادار قاشلاغ (سۈر ـ ھەيۋەتلىك) تۇرقىدىن سۆيۈنۈپ قۇۋنارسەن. چۈنكى دەل مۇشۇ يەرلەر بوۋا ـ ئەجدادلىرىمىز يارالغان، كۆكلىگەن، ياشنىغان، بىزنى باققان، ئۆستۈرگەن، ئاۋۇتقان، ياشناتقان باتۇر ـ ئەزىمەت يەرلەردۇر!

ئەي چالاڭ يەر ①، قارقاغ ② يەر،
ئالتۇن يېرىم قۇتلاغ ③ يەر،
تومۇرىدىكى قانىم يەر،
باغرىمىدىكى جانىم يەر...
ئەجۇ ④ لەرنىڭ ئىزى بار،
ئىنە ⑤ لەرنىڭ يۈزى بار،
كەتكەنلەرنىڭ سۆزى بار،
چىنتەمەنسەن ⑥ تارىم يەر.

* * *

تارىم دېگەن يەلىڭ ⑦ يەرۇ ـ يەلىڭ يەر،
بۆكسەكىڭنى ⑧ ئەسىن ⑨ بولۇپ قۇچامچۇ...
سەنىڭ كۆركلۈگ ⑩ كۆكشىن ⑪ كەرىك ⑫ كۆككىدە
چاغرى ⑬ بولۇپ قانات قاقىپ ئۇچامچۇ...

—(قەدىمكى لوپ خەلق قوشىقى)دىن

بىر كەزدە، ئۆپچۆرەمدىكى ئادەملەرنىڭ ـــ ئەر ـ ئايال، ياش ـ قېرى، چوڭ ـ كىچىكلەرنىڭ گەپ قىلغاندىكى تاۋۇشى ـ تەمبىرى، تەلەپپۇزى، ھېسسىيات ئىپادىلەش مىمكىسى (چىراي ئىپادىسى)، شېۋىسى... بىردىنلا دىققىتىمنى تارتتى. ئۇلار باش لوپلۇق (كورلا لوپلۇق)، چاقىلىق ۋە چەرچەنلىك كىشىلەر ئىدى. بىر چاغلاردا شوپۇر بولۇپ يۈرگەن كۈنلىرىمدە باش لوپ (كورلا لوپ ـــ ھازىرقى لوپنۇر ناھىيىسى)نىڭ ئاقسۇپا، قارچۇغا، تارىم، دۆڭقوتان... دېيىدىغان يەرلىرىگە ماشىنا ھەيدەپ بارغىنىمدا شۇ يەر ئادەملىرىنىڭ تۇس ـ قىياپىتى، سۆز قىلغاندىكى شېۋە ـ تەلەپپۇزى ۋە كۈلكە ـ چاقچاقلىرىدىكى بىر شېرىن، تارتىملىق ئۆزگىچىلىكلەر مېنى شۇنداق ئىسرۇك (مەست) قىلغانىدى. شۇنداق، خاتىرە ۋاراقلىرىم بىر ـ بىرلەپ ئۆرۈلۈپ، قاناتلىق ئويلىرىم قىزىقىش ۋە ئىزدىنىش ئىستەكلىرىمنى يۈدىگىنىچە تېپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇر ۋادىسىغا قاراپ ئۇچتى. ئۇ ۋادىدا، ئىلگىرى ماڭا قاتتىق تەسىر قىلغان، مېنى تولىمۇ قىزىقتۇرغان، بەكمۇ ھەيران قالدۇرغان بىر يۇرتنىڭ ئادەملىرى توغرىسىدىكى (كېيىنكى چاغلاردا ئۇنتۇلۇپ يوشۇرۇن ئېگىمىنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدا مۆكۈپ تۇرغان) بىر بۆرتۈن (مەجھۇل) مەنزىرە باشتا بىر

① يالاڭ، يالىڭاچ يەر ② قاقاس يەر ③ بەخت ـ سائادەتلىك ④ ئەجداد ⑤ ئانىلار ⑥ گۆھەر ⑦ شاماللىق ⑧ باغرىڭ ⑨ شامال ⑩ گۈزەل ⑪ كۆكۈش ⑫ چەكسىز ـ بىپايان ⑬ لاچىن

نەفەسى ئاڭلاندى. قارىسام، بىر چەتتىكى پۇچۇق تامنىڭ ئالدىغا بىر توپ ئاللامان توپلىنىپتۇ. بىر بېسىپ، بىر - بىر بېسىپ ئۇلارغا يېقىنلاشتىم ۋە توپ ئارىلاپ بوينۇمنى سوزدۇم.

سېرىق ساقال، كۆزلىرى كۆك، ئۆڭى ئاق، سىم بۇرۇت بىر يىگىت تام تۈۋىدە زوڭزۇيۇپ ئولتۇرۇپ، دۇتار چېلىپ ناخشا ئېيتىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ يېنىدا يەنە ئىككى دۇتار تامغا يۆلەكلىك تۇرىدۇ. دۇتار ساتسا كېرەك، ناخشىسى ئارقىلىق دۇتارلىرىغا خېرىدار چاقىرىۋاتقانىكەن. ئۇنىڭ كۆزلىرى ھەۋەس ئوتلىرىدا يالت - يۇلت يېنىپ تۇرىدۇ، كۆچىنىشتىن بويۇن تومۇرلىرى كۆپۈپ، چېكىلىرى قىزغۇچ بولۇپ ۋىلىلدايدۇ، چىرايى بىر قىزغىن خۇشخۇيلۇق ۋە شوخلۇقتا يېلىنجايدۇ. يىگىت جاراڭلىق ئاۋازدا كونا كۆينى سەلگىنە بۇزۇپ تۇۋلىماقتا:

چاسىنىڭ ئوتتۇراسىدا،
ئالتى كىشى بەڭ تاتىتۇ ① .
سېكىلىكلەر بىر بولۇپ،
يىگىتلىنى دەم تاتىتۇ...

كىشىلەر كەپتەر قوپقاندەك پاراققىدە كۈلۈشتى. مەن ئۆپچۆرەمگە قارىدىم، ئۇن ئادەمنىڭ بىر - ئىككىسى كۆك كۆز، سېرىق ساقال، ھەممىسىنىڭلا قاڭشىرى قىڭراقتەك، ساقال - بۇرۇتلۇق، بەزى قىز - چوكانلارنىڭ چاچلىرى سېرىق، كۆزلىرى كۆكۈش، ئۆڭى ئاق - قىزىل، بويلىرى زىلۋا... ھەممىيلەن قولتۇقنى غىدىقلىغاندەك ئىرغىنىپ - ئىرغىنىپ كۈلۈشىدۇ:

—ما كالۋانى ...ھا...ھا...ھا...
—ئۇگاتمايتقان ئادەمكە ② ... موگۇندىۋى نېمە ③ .
—ھاي، توخۇي پوقىيەي ... ھا... ھا... ھا....

دۇتارچى تېخىمۇ ناخشىنى ئەۋجىگە كۆتۈردى:

ئېگىز تاغقا چىققاندا ياللا ④ئۆلەي،
قولىڭىزنى مەن تارتاي خەسمەي ⑤ .
بار ئۆيۈڭنى سىز ئۆيناڭ توخۇ پوقى،
دەردىڭىزنى مەن تارتاي كالۋېرەي ⑥ .

—ئۇنكوي ⑦ ھاي ھەمراخمان، ماچاقانكۆز ⑧ نېمە دەيتتۇ ⑨ ؟
—ئەنقەي ⑩ مومىنىڭ⑪ ناخشىسىنىڭ ئۇساللىقنى قالا ⑫ ؟ ئۇنىڭغا گەپ قىلغىنا، تۈزۈكرەك ناخشىغا تۇۋلاپ بەسۇن⑬ ...
—نۇكۇي ⑭ ھەممە گەپنى مەنلا قىلامىمە ⑮ ...؟
—بولمايتقان ⑯ ئىشنى قىلىپ يۈرسەڭلە بولمايتتۇ ⑰ جۇمۇ...!
—ئاپاش - ئاپاش⑱ ، نېمە بولداڭ⑲ ؟
—ئەگۇ⑳ كۇنى جاڭداپ ㉑ قېپتىكەن...
—بۇ دۇتاچى كىمتۇ㉒ ؟
—يۇفىرسى㉓ دىكى يۇدەكام ㉔ نىڭ ھەنەيۋاقسى ھۇشۇ㉕ .
—ھاي ھاۋدىللا ㉖ ... ھاۋدىللا دەيتمە㉗ ...
—ئايلىكا㉘ ، كىمنى قىشقىرتسە ㉙ ؟
—ئىگونى㉚ قىشقىرتتىم...
—دۆلگىدە سۇۋامكە㉛ ؟
—ئىيشۇ قۇرۇغدا بېيكە㉜ ؟
—ئۇرۇمچىگە بامامىز㉝ ؟
—بۇ يىل بارتمە دەيتمە㉞ .
—مەنمۇ بارنتىمغۇ㉟ ...

بىر ياقتا ناخشا، توپ ئىچىدە گەپ، ناخشا ماڭا قانچىلىك يېڭى ئاڭ-لانسا، كەلپىنلىكلەرنىڭ گەپلىرىمۇ ماڭا مەن ئىلگىرى نەلەردىدۇر ئاڭلىغان قەدىناس ناخشىدەك يېقىملىق ئاڭلىناتتى. بىردىنلا مېڭەمدە، ياق يۈرىكىمىنىڭ قېتىدا باش لوپ خەلق قوشاقلىرى ياڭراشقا باشلىدى:

ماڭغانغا تۈگىمەيدۇ،
توققۇز ئۆينىڭ يوللۇرۇ ① .
تال چىۋىقتەك ئەشمەدۇر،
گۈل يارىمنىڭ بويلۇرۇ ② .

ئۆيۈڭگۇ ③ ئارقاسىغا
سېپىل سوقۇپ شىرتەي ④ .
سەن ئىمدى ئاڭا كەمسەڭ ⑤ ،
مەن ئىمدى قانداغ ئېتەي.

چوڭ خىققى ۋالاسى ⑥دەپ،
ئاما تۇتۇپ مەن سىززى ⑦ .
ھەجەپ پاتىرقاپ ⑧ كەتتى،
كۆزگە ئىلماي بىززى ⑨ .
ئاسماندىقى ئاي غوقشۇش ⑩ ،
كىم تۇغار شۇنداق قىززى⑪ ...

ئارۇخلاپيا⑫ كېتىپسەن،
جېنىمى ⑬ ساڭا ۋەردىم⑭ .
ئىنەڭگى⑮ رازى قىلغىن،
تۈزۈڭگۇ⑯ تولايېدىم.
رەڭگىمى⑰ ساغا غانى⑱ ،
بىر قاتلىمغان⑲ دەردىم...

گۈل بۇجۇدۇم⑳ يۈرەككە،
تىل تورغۇيۇم㉑ سۆزۈڭدىن.
ساڭا بەرگەن كۆڭلۈمنى،
كۆرگىنىمدىڭ كۆزۈمدىن.
ئۆلۈپ كەتسەم ئۇتۇڭدا،
رازى بولغىن تۈزۈڭدىن.

سالىپ ㉒ بەردىم قىياق ئوت،
ھويلا داقى㉓ ئۆلاققا.
يارنى سۇغا چىقار دەپ،
ئارقا داقى㉔ بۇلاققا.

---

① تارتىدۇ ② ئۇيناتمايدىغان ئادەمكەن ③ مانېمە ④يائاللا ⑤ جېنىمەي ⑥ كالۋارەي ⑦ ھەيرانلىق ⑧ كۆك كۆز ⑨ دەيدۇ⑩ ۋا-يەي⑪ بۇ نېمىنىڭ⑫ قارا ⑬ بەرسۇن ⑭ ھەيرانلىق⑮ قىلامدىمەن⑯ بولمايدىغان ⑰ بولمايدۇ ⑱ قوزام ⑲ بولدۇڭ ⑳ ئاۋۇ㉑ تومۇقاش -زۇكامداش ㉒ كىمدۇ؟ ㉓ يۇرت نامى㉔ يۇنۇسكام㉕ بالىۋاقسى ھوشۇر ㉖ ئابدۇللا ㉗ دەيمەن ㉘ ئاچا ㉙ چاقىرىسەن ㉚ ئاۋۇنى ㉛ شارقى-راتمىدا سۇ بارمىكەن㉜ ئاشۇ ئېتىزلىقتا بار ئىكەن㉝ ئۈرۈمچىگە بار-مامدىمىز㉞ بۇ يىل بارمەن دەيمەن㉟ مەنمۇ بارىمەنغۇ

www.uyghurkitap.com

ساقلاسام يار چىقمادى،
تاقۇ㉕ چىقتى قونداققا.
تىل تورغۇيۇم تىل تەگمىسۇن بويۇڭغا،
قولۇم يەتسە گىرە سالسام بويۇڭغا.
دىل خۇمارىم ئوتۇڭدا ئېرىپ كەتمەي،
كېلىپ مېنى سالىۋالغىن قوينۇڭغا.

ئۆتەرمەن دەپ بىر ئېرىقتىن ئاتلادىم㉖ ،
غۇنچە بويىنى بىر گىرەلەپ باقمادىم.
كۈندە تۇرۇپ قىرەلىنى سوراغلاپ،
بەرگەن ۋەدە سۆزلىرىنى يادلادىم...

كەلپىنلىكلەرنىڭ ناخشىسى، كەلپىنلىكلەرنىڭ شېۋىسىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ، خۇددى چاقىلىقتا تۇرۇپ چۈشىنىكسىزلا كەلپىن دېگەن يۇرتنى ۋە كەلپىن ئۇيغۇرلىرىنى ئەسلەپ قالغاندەك، بۇ يەردىمۇ ـ كەلپىندىمۇ ئۇشتۇمتۇتلا ۋە تولىمۇ چۈشىنىكسىز ھالدا لوپ ئۇيغۇرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ شېۋىسىنى، قوشاق ـ ناخشىلىرىنى ئەسلەپ قالدىم. چىن سۆزۈمنى ئېيتسام، شۇ تاپتا (شۇ تاپتىلا ئەمەس، ئاشۇ چاقىلىقتىن باشلاپ) مەن ئويغاق، سەگەك ۋە ھەرىكەتتىكى ھالەتتە نېمىشقىدۇر چۈشسىمان تەپەككۇر قىلىۋاتاتتىم. تەپەككۇرۇم زامان ـ ماكان چەك ئارىسىنى يوقاتقان، زامان ـ ماكاندىن ھالقىپ كەتكەن، زامان ـ ماكان ئۇقۇمىنى يوقاتقانىدى! نېمىشقا شۇنداق بولىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن شۇنداق ئويلاپ قالدىم؟ بۇنىڭغا مېنى كىم مەجبۇر قىلدى؟ مەن يا تىلشۇناس، يائانتروپولوگ (ئىنسانشۇناس) ئەمەس ۋە ياكى تارىخشۇناس ياكى ئارخېئولوگ ھەم ئەمەسمەن، پەقەت بىر يازغۇچىمەن، خالاس. مېنىڭ بۇ قاتارچە زورۇقۇشلىرىمنىڭ ھازىرچە كۆز كۆرۈ (رېئال) ئەھمىيىتى ۋە ئىشلىرىم بىلەن توغرىدىن توغرا ئالاقىسى يوق! ئۇنداقتا، مەن زادى قانداق قىلىپ ھازىرقىدەك تەپەككۇر ۋە روھىي ھالەتكە ئۆتۈپ قالدىم؟ بۇ بىر ۋەھىيمۇ؟ تارىخنىڭ چاقىرىقىمۇ؟ ياكى مېنىڭ كەلگۈسىدىكى ئىجادىي ئىشلىرىم موھتاج بولۇۋاتقان ئېھتىياجمۇ؟ ۋە ياكى يوشۇرۇن ئېڭىمدىكى چۈشىنىكسىز بىر خىل ئاڭ پارتلىشىنىڭ، بىر خىل ئەس ـ خاتىرە زاپىسىنىڭ ئۆزىنى ئاشكارىلىشى ۋە تىلغا چاقىرىلىشىمۇ؟! ۋە ياكى يوشۇرۇن ئېڭىمنىڭ ئىجادىمغا، ئىلھامىمغا، يارىتىش ئىستىكىمگە بېرىۋاتقان بىر خىل بېشارىتى ھەم ماڭا ئېچىپ بېرىۋاتقان بىر تېما، تەسەۋۋۇر بوشلۇقىمۇ؟ بىر يېڭى پىكىر ـ تەپەككۇر ئۇۋىقىمۇ؟...

چىن سۆزۈمنى ئېيتسام گاڭگىراپ قالغانىدىم، ئۆزۈمنىڭ نېمىشقا مۇنداق زورۇقۇپ يۈرۈۋاتقىنىمنى ھەم خۇددى ئۆزۈمدىن يات ـ يۈچۈن ئادەمدەك زادىلا ئاڭقىرالمايۋاتاتتىم! لېكىن مەن شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، بۇ خىل ئەخمىقانە ئىزدىنىشلىرىم ئۆزۈمنىڭ نۇقتىسىدىن ئەمەس، ئىجتىمائىي، تارىخىي، مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن ئۇيغۇر ئەلكۈنىنى چۈشىنىشكە، خەلقىمنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ قاتلاملىرىنى، ئۇنىڭ ئۆلمەس ۋە ئۆچمەس ئۆز قونۇق (روھىي) زاپىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ھېس قىلىش ئۈچۈن پايدىلىق بىر خەيرلىك ئىش بوپقالسا ئەجەب ئەمەس. مۇشۇ ئەرزىمەس ئەمگىكىم سەۋەبى بىلەن ئۇلۇغ ئاتاق ۋە ياكى يېتىلىۋاتقان كەسىپ ئەھلىلىرىنىڭ مۇبارەك نەزەر دىققىتى مۇشۇ ساھەگە ئېتىبار بىلەن تىكىلسە ئەجەب ئەمەس، ئەلھەمدۇلىللا! مېنىڭ ئاڭقىرىشىمچە، كەلپىن ئۆز قوشنىلىرى بولغان ئاقسۇدىكى قۇمقۇدۇق، ئۇچتۇرپان، ئاۋات، مارالبېشى، ئاتۇش ۋە ئاقچى قاتارلىق يەرلەر بىلەن مۇرەددىشىپ تۇرسىمۇ، كەلپىنلىكلەرنىڭ جىق تەرەپلىرى ئۇ يەر خەلقىنىڭ سېلىشتۇرغىلى بولىدىغان تەرەپلىرىگە ئومۇمىي مىللىي (ئۇيغۇرلۇق) تەرىپىدىن شەك يوق ۋە مۇتلەق ئوخشىسىمۇ، مەھەللىۋى تەرەپتىن ئوخشاپ كەتمەيدۇ، ئەكسىچە، ئاشۇ مىڭلاپ كىلومېتىر ۋە ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ يىراق بولغان باش لوپ (كورلا لوپ)، چاقىلىق، چەرچەن، نىيە، ئاياغ لوپ (خوتەن لوپ) قاتارلىق جايلاردىكى خەلقلەرنىڭ سېلىشتۇرما تەرەپلىرىگە بەكلا ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ تەققى ـ تۇرقى، چىرايى ـ كۆركى، تىل شېۋىسى، تەلەپپۇز ـ ئاھاڭى... قاتارلىق جەھەتلەردە كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان (ئاشقى) تەرىپىتىكى ئوخشاشلىق بولۇپلا قالماي، كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان لېكىن ئوچۇق سەزگىلى بولىدىغان بىر مەھكەم ئىچكى باغلىنىش بار ئىدى. مېنى قىزىقتۇرۇۋاتقان، يېتەكلەۋاتقان، جۇڭقۇرۇۋاتقان باشچى سېزىم دەل مۇشۇ ئىدى! مەن بۇ يەرگە دەل مۇشۇ ئوخشاشلىقنى ئوخشىمىغان تەرەپتىن ئىسپاتلاش ئىستىكىدە كەلگەنىدىم.

مەن ئاچالدىن ئايرىلىپ كەلپىن ناھىيە بازىرىغا كىرگەن ئاخشىمىدىن باشلاپ ئەتىسى چۈشتىن كېيىنگىچە كەلپىن مەھەللىلىرىنى ئارىلىدىم. دېھقانلار ۋە ئېلىپساتارلار بىلەن مۇڭداشتىم. ئەڭ مۇھىمى، كەلپىننىڭ پىچاق ئۇچى زىيالىيلىرىدىن ئابدۇساتتار ھامىددىن، سالىھ ئىبراھىم، جەلىل مۇھەممەت قاتارلىقلارنىڭ كۆتۈشىدە ئۇلار بىلەن يۈرەكلەر ئارقىلىق سۆزلەشتىم، ئۇلاردىن مەن ئۈچۈن يېپيېڭى ۋە تولىمۇ قىممەتلىك بىلىم ھەم ئۇچۇرلارغا ئېرىشتىم.

شۇنى خۇشاللىق ئىچىدە بىلدىمكى، كەلپىنلىكلەرنىڭ خۇش قىلىق، تۈرگۈن، ئەقىللىق، چىچەن، سۆزمەن، كۈچ ـ كۈسۈنلۈك، قامەتلىك، ياشاشقا باتۇر بولۇشتەك ئىرق ـ بەلگىلىرىنىڭ باش لوپ، چاقىلىق، چەرچەن، ئاياغ لوپ ۋە نىيە ئۇيغۇرلىرىغا ئوخشاشلىقىدىن، ئۇلارنىڭ تىل ـ شېۋە، تەلەپپۇز ـ ئاھاڭ، ناخشا ـ قوشاق...لىرىدىكى تەڭداشلىقىدىن باشقا ئىنتايىن قىممەتلىك كۆزكۆرۈ (رېئال) ۋە پاكىتلىق ئوخشاشلىقلار بار ئىكەن!

بۇ ئوخشاشلىقلار مېنى بۇ ئاجايىپ زېمىنغا ۋە شۇ يەردە ياشاپ تۇرغان «كەلپەكلەر»گە تېخىمۇ قىزىقتۇردى. چاقىلىق ۋە باش لوپتا ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولۇپ ۋە مېنى ئاخىرىدا كەلپىنگە باشلاپ كەلگەن سەزگۈمنىڭ خاتا قىلمىغانلىقىنى، ھەتتا مۇشۇ سەزگۈمنىڭ مېنى خەقلەرگە ۋە ئۆزۈمگە ئانچىمۇ ئوچۇق ۋە يارقىن مەلۇم بولمىغان، ھەتتا ناتونۇش بىر سىرلىق تارىخىي ھادىسىنى ۋە ئۇنىڭ بۈگۈنكى ئىز ـ بەلگىلىرىنى تونۇۋېلىشىمغا ھىدايەت بولغىنىغا ھەممە ئاشۇ سەزگۈمنىڭ مېنى ئالدىمىغانلىقىغا تولۇق بىلەن ئىشەندىم! بۇلارنى تۆگەللىسەم تۆۋەندىكىدەك تۈگۈچ بولدى:

1

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا كەلپىن شېۋىسى ئالاھىدە شېۋە بولۇپ، ئۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ خوتەن دىئالېكتىكىغا پېئىللارنىڭ كەلگۈسى زامان ۋاستىچىلىك بايان رايى ۋە پۈتمىگەن سۈپەتداش قاتارلىق مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرى جەھەتتىن ئوخشايدۇ. چاقىلىق، بولۇپمۇ چەرچەن شېۋىسى خوتەن دىئالېكتىكىغا تەۋە بولۇپ، كەلپىن شېۋىسى ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىن.

كەلپىن شېۋىسىدە: «يەپ تۇرىتۇ»، «ئۇخۇپ تۇرىتۇ»، خوتەنچىدە: «يەپ تۇيىتۇ»، «ئۇقۇپ تۇيىتۇ»، خوتەن كەلپىنچىدە: «بارىتمەن»، «كېلىتمەن»، «ئۇخلاۋاتىتمەن»، «بارىتمىز»، «كېلىتمىز»، «ساتىتمىز»، «كۆرىتمىز»، «بىرىتۇ»، «كېلىتۇ»، «ئوينايتۇ»، قىلىتۇ»، «ئىتىتۇ»، «بى (بىر)»، «كى (كىر)»، «يىگمە (يىگىرمە)»، «تەتۈي (تەتۈر)»، «ئىتتى (ئىتتىرگىن)»، «دەيا (دەريا)»، «قىغاق (قىرغاق)»، «قىغىز (قىرغىز)»، «كۆسەت (كۆرسەت)»، «ئۆدەك»، «قي (قىر)»، «قىشقىماق»، «ئەزەن

---

① يوللىرى ② بويلىرى ③ ئۆيۈڭنىڭ ④ شەھەر ئېتەي ⑤ كەتسەڭ ⑥ باينىڭ بالىسى دەپ ⑦ سىزنى ⑧ يېتىرقاپ ⑨ بىزنى ⑩ ئوخشاش ⑪ قىزنى ⑫ ئورۇقلاپ ⑬ جېنىمنى ⑭ بەردىم ⑮ ئاناڭنى ⑯ تۆزۈڭنى ⑰ رەڭگىمنىڭ ⑱ سارغايغىنىنى ⑲ قۇچاقلىمىغان ⑳ چەكتىم ㉑ مەھبۇبەم ـ گۈلۈم ㉒ سىلىپ ㉓ ھويلىدىكى ㉔ ئارقىدىكى ㉕ توخۇ ㉖ ئاتلىدىم

(ئەرزان)» قاتارلىقلار.

باش لوپ (كورلا لوپ) شېۋىسى مەلۇم جەھەتلەردە تۇرپان شېۋىسىگە يېقىنراق بولۇپ، كەلپىن شېۋىسى بىلەن لوپ - تۇرپان شېۋىسىمۇ خېلى كۆپ تەرەپلەردە ئوخشايدۇ. مەسىلەن: «ئۇگال»، «زەدىگال»، «سۇگا (سۇۋا)»، «ھاندۇگا»، «يۇگاش»، «ھايگانچا (ھاۋانچا)»، «گاسىل»، «گاجىت»، «گاخ» (ۋاخ - ۋاق قالدى)، «جۇگا»... دېگەندەك.

ئارىلىقى 1000 كىلومېتىرلاپ يىراق يەرلەردە ياشاۋاتقان ئەلكۈنلەرنىڭ ناھايىتى ئىرەن كۆك - يىلتىزداشلىق مۇناسىۋىتى بولمىسا، شېۋىلىرىنىڭ بۇ قەدەر ئوخشاش ياكى يېقىن بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

2

كەلپىن شېۋىسىدە «كەلپىن» دېگەن سۆز يەنە «كەلۈن» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىكەن. ئۇيغۇر تىلىدا «گ» بىلەن «ۋ»نىڭ، «ت» بىلەن «د»نىڭ، «ر» بىلەن «ز»نىڭ، «د» بىلەن «ي»نىڭ، «چ» بىلەن «ش» نىڭ نۆۋەتلىشىشى تولىمۇ ئادەتتىكى ھادىسە بولۇپ، بۇلار سۆزلەملەرنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان ئەڭ قۇلاي، ئەڭ ئاكتىپ ۋە ئەڭ ئىپتىدائىي ئامىللاردۇر. مۇشۇ قانۇنىيەتكە كۆرە «كەلۈن»نىڭ ئەسلىسىنى «كەلگۈن» دەپ ئەستىرىگە ئۆرسەك، ئۇ چاغدا «كەلگۈن» دېگەن سۆز خۇددى «سۈرگۈن»، «سۈرگۈنلەر»، «سۈرگۈندىلەر» دېگەندەك «كەلگۈن»، «كەلگۈنلەر»، «كەلگۈندىلەر» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. دېمەك پەرىزىمچە، «كەلپىن»نىڭ ئەسلىسى «كەلۈن» ئۇنىڭ ئەسلىسى «كەلگۈن» بولۇپ، بۇ سۆز ئەسلىدە ھازىرقىدەك يەر - جاي نامى بولماي، ئەكسىچە، بۇ يەرگە يىراقتىن «كۆچ - كۆچ» بولۇپ كېلىپ قالغان «كەلگۈن»لەرگە - بىرمەر كەلگۈندى ئەلكۈنگە يەرلىك ئۇيغۇر - ئەلكۈن تەرىپىدىن بېرىلگەن نام بولىدۇ. ئۇنداقتا «كەلگۈندى» ئەلكۈن بۇ يەرگە كېلىشتىن ئىلگىرى بۇ جايلاردا ياشاپ تۇرغان يەرلىك ئەلكۈن بولۇشى كېرەكقۇ؟ خوش، بۇ يەردە يەرلىك ئەلكۈن بارمىدى؟

«كەلۈن» (كەلگۈن) تارىخىي خاتىرىلەردىن قارىغاندا ئىنتايىن قەدىمىي يۇرت بولۇپ، بۇ يەردە قەدىم - قەدىم زامانلاردىن بېرى ئەجدادلىرىمىز تىرىكچىلىك قىلىپ كەلگەنىدى.

كەلپىن ناھىيىلىك تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، بىلىمدار ئابدۇساتتار ھامىدىن ئەپەندى ئاساسلىق قەلەم تەۋرەتكەن، تەھرىرلىگەن ۋە تەرجىمە قىلغان، كەلپىن ناھىيىلىك پارتكوم سېكرېتارى لى جيەنىيەن، كەلپىن ھاكىمى ئابدۇراخمان ئەھمەد قاتارلىقلار «كىرىش سۆز» يازغان (1992 - يىلى نەشر قىلىنغان) «كەلپىن ناھىيىسىنىڭ تەزكىرىسى»نىڭ «ئومۇمىي بايان» قىسمىدا «كەلپىن ناھىيىسىنىڭ تارىخى ئۇزاق، بۇ يەردە يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدىلا ئىنسانلار ئولتۇراقلاشقان (ماددىي تېپىندىلار ئىسپات. - ئا). مىلادىدىن ئىلگىرى غەربكە كۆچكەن بىر قىسىم توخرىيلار، ساكلار ۋە ھۇنلار بۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان» دەپ يېزىلغان. يەنە «شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ جېڭگۇاڭ 3 - يىلى (مىلادى 522 - يىلى) تۈركلەرنىڭ ...»، «تاڭ سۇلالىسىنىڭ تيەنباۋ 3 - يىلى (مىلادى 744 - يىلى) ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى» دەپ يېزىلغان.

يۇقىرىقى خاتىرىلەرگە كۆرە كەلپىندە قەدىمدىن تارتىپ ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىدا ئۆزەك بولغان ئەجدادلىرىمىز ياشاپ كەلگەن. كېيىن (مىلادى 400 - يىللارنىڭ ئالدى - كەينىدە) بۇ يەردە يەرلەشكەن بىر قەدەر چوڭراق ئەلكۈنلەر دەل بىز ھازىر تونۇۋاتقان كەلپىنلىكلەرنىڭ ئەجدادى بولغان «كەلگۈندى» ئۇيغۇرلاردۇر. ھازىرقى «كەلۈن» دېگەن نام ئاشۇ يىراقتىن كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلارغا يەرلىك ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن بېرىلگەن نام بولۇپ، كېيىن ئاستا - ئاستا يەر - جاي نامىغا ئايلىنىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

3

ئەزەلدىن ئۇيغۇرلاردا لەقەمسىز ئادەم بولمىغىنىدەك، ئادەتتە ھەر يۇرت ئادەملىرىنىڭ ئەل ئىچىگە تارالغان بىر ئورتاق كۆسەمىشى (لەقىمى) بولىدۇ. بۇ لەقەم شۇ يۇرت ئادەملىرىنىڭ بىر خىل ئىرق - بەلگىسى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. مەسىلەن: «كاۋىچى» (ئاقسۇلۇق)، «بېلىق ئۆپكىسىنى قويۇپ يېيدىغانلار» (شايارلىق)، «مۇشۇكنى پولۇغا باسقانلار» (كورلىلىق)، «كالتە قۇيرۇق» (كۇچالىق)، «ئېشەك قېتىقى ئىچكەن» (باي - سايراملىق)، «جاھىل» (خوتەنلىك)، «پوقاق» (يەكەنلىك)، «ئۇششۇق» (ئاقسۇ ئايكۆللۈك)... ۋەھاكازا.

كەلپىن (كەلپىنلىكلەر)نىڭ لەقىمى «ئېزىتقۇ»، يەنى «جىنلار». كەلپىندە ئەل ئىچىدە «كەلپىنلىكلەرنىڭ ئانىسى ئاتۇشلۇق، ئاتىسى جىن» دېيىدىغان سەقەم بار ئىكەن. دېمەك، كەلپىنلىك ئۇيغۇرلارنىڭ لەقىمى «جىن» بىلەن باغلانغان بولۇپ، ئادەتتە ئىنسان بالىسىنىڭ جىن بىلەن جۈپلىشىشى ياكى جىندىن تۇغۇلۇشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس، بۇنى پەن ئەھلى ۋە ساۋاتلىقلارلا ئەمەس، ئادەتتىكى قارا تۈرك ۋە ئەڭ نادان قارا باش خەلقمۇ ئاغزىدا دېگىنى بىلەن بۇنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلىدۇ ۋە بۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ. ئۇنداقتا بۇ لەقەمنىڭ يەنە باشقىمۇ مەنىسى بارمۇ؟

ئادەتتە ئۇيغۇر تىلىدا «جىن» دېگەن سۆز «ئالۋاستى»، «روھ - ئەرۋاھ» دېگەندىن باشقا «ئاز»، «كىچىككىنە» («جىنەك ساقال»)، «تۇيۇقسىز»، «ئۇشتۇمتۇت» دېگەن مەنىدىمۇ ئىستېمال قىلىنىدۇ. بىز كەلپىنلىكلەرنىڭ «جىن» لەقىمىنىڭ جىن مەنىسىنى دەل ئاشۇ «ئۇشتۇمتۇت» ۋە «تۇيۇقسىز» دېگەن مەنە بىلەن قوبۇل قىلىمىز. يەنى بۇ لەقەم ئەسلىدە «جىنەك پەيدا بوپقالدى»، «جىنەك يوقاپ كەتتى» دېگەن، بولۇپمۇ «جىنەك پەيدا بوپقالدى» دېگەن مەنىدە كەلپىنلىكلەرگە سىڭگەن.

تارىخىي خاتىرىلەرگە كۆرە، كەلپىندە ئەسلىدىلا تاغ - جىرا، يايلاقلاردا بىر تۈركۈم چارۋىچى (ئاساسلىقى تۆگە، ئۆچكە، قوي باقىدىغان) ئۇيغۇر ئەلكۈن بولۇپ، ئۇلارنىڭ سانى ئىنتايىن ئاز ئىدى. چۈنكى كەلپىن يېرىنىڭ سۇ ۋە ئوت - چۆپى بار يەرلىرى بەك ئاز بولۇپ، ئارتۇقچە چارۋىنى بېقىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ ئەلكۈنلەر ئۇيغۇر، ھۇن، ساك، توخرىي قاتارلىق ئۇيغۇر ئەجدادلىرى ئىدى. تەخمىنەن مىلادى 400 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە بۇ يەردە تېرىكچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر ئەلكۈن «جىنەك پەيدا بولۇپ» قالغان. بۇلار دەل چەرچەن تەرەپتىن تەبىئىي ۋە سۈنئىي ئاپەت، بالا - قازا تۈپەيلى يۇرتىنى تاشلاپ قېچىپ چىققان ئۇيغۇرلارنىڭ بىر بۆلىكى ئىدى. شۇڭا بۇ «كەلگۈنلەر»گە كەلپىندە ياشاپ تۇرغان ئەسلىي ئۇيغۇر «كەلپەكلەر» «ئېزىتقۇ»، «جىن» دېگەن لەقەمنى سوۋغا قىلغان ۋە بۇ پەقەت كېيىن كۆچۈپ كەلگەن تېرىقچى، باغچى ئۇيغۇرلارغا بېرىلگەن لەقەم. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كەلپىندە ياشايدىغان ئۇيغۇر ئەلكۈنلىرىنىڭ ئورتاق ۋە ئومۇمىي لەقىمى بوپقالغان. دېمەك، كەلپىنلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى سىرتتىن كۆچۈپ كەلگەن («جىنەك پەيدا بوپقالغان») تېرىقچى، باغچى ئۇيغۇرلاردۇر.

4

كەلپىنلىكلەردە «ئاتا - بوۋىمىز چەرچەن تەرەپتىن كۆچۈپ كەپتىكەن» دېگەن قاراش ھازىرمۇ ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت. قېرىلار بوغۇنلارغا ئاشۇنداق ھېكايە قىلىدۇ.

كەلپىنلىكلەرنىڭ بىر خىل مالخىيى بار ئىكەن. بۇ مالخاينىڭ تىكىلىش نۇسخىسى ۋە گىرۋەك نەقىشلىرى ھازىرقى باش لوپ (كورلا لوپ)، چاقىلىق ۋە چەرچەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ كىگىز مالخىيى (ناھايىتى ئاز ئادەملەردە ساقلىنىپ قالغان) بىلەن ئوپمۇئوخشاش ئىكەن.

كەلپىننىڭ «قىسىل مازىرى» دېيىدىغان بىر قەدىمىي مازىرىدا ئىچىلىپ

قالغان بىر گۆر بولۇپ، گۆر تىك تۆت چاسا كولانغان. بۇنداق جەسەت كۆمۈش شەكلى كروران، مىران، چاقىلىق... قاتارلىق جايلاردا بايقالغان جەسەت كۆمۈش شەكلى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش. يۇقىرىقىلار كەلپىنلىكلەرنىڭ «ئاتا ـ بوۋىمىز چەرچەندىن كۆچۈپ كەپتىكەن» دېگەن قارىشىنىڭ ماددىي پاكىتلىرى بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارايمەن.

5

ئۇنداقتا چەرچەن قەيەردە؟

قەدىمدىن ئۇيغۇر (غۇز 胡)لار يارىتىپ ياشاپ كەلگەن بىر پۈتۈن كروران ئېلى تارىخىي ماتېرىياللاردا قەيت قىلىنىشىچە، مىلادىدىن بۇرۇنقى 77 ـ يىلىغا كەلگەندە بىر ـ بىرىگە دۈشمەن ئىككى خانلىققا، يەنى كروران ۋە چەرچەن (بۇرۇن پىشامشان دەپ ئاتالغان) خانلىقىغا بۆلۈنۈپ كەتتى. بۇنىڭ سەۋەبچىسى كروران خاقانىنىڭ ئىنىسى ئۇتۇش ئىدى. «خەن سۇلالىسى قوجېزى قاتارلىق خەنجەرۋازلارنى ئەۋەتىپ، كروران خاقانى ئامگوكانى ئۆلتۈرۈۋەتتى ۋە ئامگوكانىڭ ئۆزلىرىدە تورغاقتا تۇرۇۋاتقان ئۇكىسى ئۇتۇشنى يۆلەپ تەختكە چىقاردى. ئۇتۇش كروراننىڭ لاردىن ئەيمىنىپ كرورانغا كىرىشكە پېتىنالماي، هازىرقى چاقىلىق بازىرى ۋە مىرەن بوستانلىقىنى مەركەز قىلىپ، چەرچەن( 鄯善 ) خانلىقىنى قۇردى. ئۇ خەن سۇلالىسىنىڭ ئوردا قىزلىرىدىن بىرىگە ئۆيلىنىپ، خەن سۇلالىسىدىن ئەسكەر تۇرغۇزۇپ مۇهاپىزەت قىلىشنى ئۆتۈندى. خەن سۇلالىسى ئۇنىڭ ئۆتۈنۈشىنى قوبۇل قىلدى. مىلادى 1 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ كۈچەيگەن بۇ خانلىق ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ هازىرقى چاقىلىق، چەرچەن، نىيەلەرنىڭ دائىرىسىنى، مىلادى 3 ـ ئەسىرگە كەلگەندە پۈتكۈل كروران خانلىقىنى ئۆز ئىدارىسىگە ئېلىپ، تارىم ۋادىسىدىكى كۈچلۈك هاكىمىيەتلەرنىڭ بىرى بوپقالدى». دېمەك «چەرچەن خانلىقى» ئىلگىرى ئىنتايىن يۈكسەك ئويغار ـ مەدەنىيەت ياراتقان قۇدرەتلىك كروران دۆلىتىنىڭ بىر پارچىسى، ئاخىرىدا بولسا نامى «چەرچەن» دەپ ئۆزگەرگەن كروران ئېلىنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. بۇ ئەل هەر خىل تەبىئىي هەم كەرتى (سۈنئىي) ئاپەت ۋە سەۋەبلەر تۈپەيلى، مىلادى 400 ـ يىللارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە هالاك بولۇپ، ئاهالىسى تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ كۆچۈپ كەتتى. «كۆچ ـ كۆچ»نىڭ بىر قىسمى تۇرپان، هازىرقى پىچان، لۈكچىن، قۇمۇل (لوپچۇق ـ لاپچۇق) ۋە شۇ چاغلاردا ئۇيغۇر تىلىدا گامسى (هازىرمۇ سېرىق ئۇيغۇرلار گامسى دەيدۇ) دەپ ئاتىلىدىغان گەنسۇ تەرەپلەرگە، ۋە يەنە بىر قىسمى بولسا تارىم دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىنى بويلاپ هازىرقى شايار، ئاۋات (غۇر چۆلى ـ ئۇيغۇر چۆلى)، مارالبېشى ۋە هەتتا ئۇنىڭدىنمۇ يىراق قەشقەر، مەكىت، ياپچان، يەكەن ۋادىلىرىغا كۆچۈپ كەتتى.

بۇلار دەل تارىختا خۇ ـ غۇر ـ سېرىق ئۇيغۇر دەپ ئاتالغان كروران ئۇيغۇرلىرىنىڭ دەل ئۆزىدۇر. كەلپىن ئۇيغۇرلىرى تارىمنىڭ يۇقىرى ئېقىمىنى بويلاپ ئاۋات (غۇر چۆلى)، بارچۇق... تەرەپلەرگە كۆچكەن كروران ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىر كىچىك تارمىقىدۇر.

ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇهەممەتئىمىن دولانلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى ئۇزاق يىللار تەتقىق قىلىپ، ئاخىرىدا دولانلارنىڭ قەدىمكى كروران، لوپ، مىرەن ئېلىدىكى كۆل، ئورمان، چۆللۈكلەر ئارىلىقىدىكى مۇنبەت زېمىندا ياشىغان قەدىمكى لوپ ئاهالىسى ـ قۇر( 胡 ) ۋە سېرىق ئۇيغۇرلار دەپ ئاتىلىدىغان ئۇيغۇرلار بولۇپ، كېيىنكى هەر خىل ئىجتىمائىي ۋە يەرلىشىش مەسىلىلىرى ئارقىسىدا تەبىئىي ئاپەتلەر سەۋەبى بىلەن كورلا، ئاقسۇ، بۈگۈر، مەكىت قاتارلىق جايلارغا قونۇلغان ياكى سۈرگۈن قىلىنغان ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى «بولاق» نامى بىلەن ئاتالغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مۇلىنىڭ نوم ـلاپچۇق دېگەن يەرلىرىدىن تارتىپ يەكەننىڭ چەت ـ ياقىلىرىغىچە تارقىلىپ، هازىرقى «دولان» نامى بىلەن ياشاۋاتىدۇ، دەپ يەكۈن چىقاردى. ئالىمنىڭ بۇ نوپۇزلۇق ئىلمىي يەكۈنى هازىرقى كەلپىن ئۇيغۇرلىرى نامىدا ئاتىلىۋاتقان ئۇيغۇر ئەلكۈنىنىڭ كۆكى ۋە ئوق يىلتىزىنىڭ كروران ۋادىسىدا ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز ئۈچۈن بىزنى تېخىمۇ ئىشەنچلىك تەپەككۇر يولى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

تۈگەنچ

بىر غەلىتە ۋە سىرلىق سەزگۈگە ئەگىشىپ كەلپىندىن ئىبارەت تارىخچىلار، ئانتروپولوگلار، تىلشۇناسلار ۋە سەيياهلارنىڭ نەزەرلىرىنىڭ تېشىدا قالغان چەت ـ ياقا تاغ ئىچىدىكى بۇ ئالقانچىلىك يۇرتقا كېلىپ، ئېيتقۇسىز كۆڭۈل خۇشلۇقىغا ئېرىشتىم. مەن بۇ يەر ئادەملىرىنىڭ كۆۋتۈكى (ۋۇجۇدى) ۋە روهىدىن ئاشۇ بۈيۈك ئويغار ـ مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ، ئۇلۇغ ئۇيغۇر مەدەنىيەت بوستانىنىڭ ياراتقۇچىلىرى بولغان كروران ئۇيغۇرلىرىنىڭ مۇقەددەس ۋە ئۆلمەس روهىنى تېپىۋالدىم. بۇ روھ قەيسەرلىك ۋە ئۈملۈكنى ئۆزەك قىلغان يۈكسەلمەس، سۇنماس ياشاش ئىرادىسى ئىدى! بۇ روھ ـ ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇدلۇقى ئۈچۈن تولىمۇ شەپقەتسىز هەم مۇدهىش تەبىئىي ۋە سۈنئىي ئاپەتلەر بىلەن ئارسلانلارچە ئېلىشىش، ئاخىرىدا هازىر «كەلپىن» دەپ ئاتىلىۋاتقان ئاشۇ ئۈچ تاغ ئارىسىدىكى نەچچىلا بۇلاق سۈيى بىلەن كۆكىرىپ تۇرىدىغان قۇتقۇزغۇچ زېمىنغا ئۇلاشقىچە بولغان ئارىلىقتىكى كۈلپەتلىك ۋە مۇشەققەتلىك ئۇزاق سەپەر داۋامىدا يېتىلدۇرگەن، كەلپىن ئۇيغۇرلىرىنى ئەسىر ـ ئەسىرلەردىن هالقىتىپ، بەرجەس، ساغلام ۋە ئەينى پېتى شەرەپلىك بۈگۈنگە ئۇلاشتۇرغان بىر مۇقەددەس ۋە ئۇلۇغۋار روھ ئىدى!

كەلپىن ئۇيغۇرلىرىنىڭ كۆپلىگەن تۈزلۈك (خاراكتېر) خاسلىقى ئىچىدىكى ئەڭ گۈزەل، ئەڭ ئەزگۈ ۋە كىشىنىڭ سۆيۈنۈش ـ هەۋىسىنى قوزغايدىغان يارقىن تۈزلىكى، ئۇلارنىڭ ئىناقلىق، ئۈملۈك، بىرلىك ـ ئىتتىپاقلىقنى قەدىرلەش، هەممىدىن ئەلا بىلىش ۋە سۆيۈش تۈزلىكىدۇر. بۇ پۈتكۈل ئۇيغۇر جەمئىيىتى، هەر بىر ئۇيغۇر ئوغلانى بىلىشكە ۋە ئىنتىلىشكە هەم ئۈرنەك قىلىشقا تېگىشلىك گۈزەل خاراكتېر ۋە ئاددىي لېكىن تولىمۇ ئۇلۇغ كۆزكۆرۈ ھەقىقەتتۇر.

شۈبهىسىزكى، مانا مۇشۇ قەيسەرلىك ۋە ئۈملۈك ئۆز قونۇقىنى، ۋە مانا مۇشۇ هەقىقەتنى بايراق قىلغان مىللەت شەرەپ ۋە ماختاشقا لايىق، تەرەققىيات ۋە گۈللىنىشكە تالىق، ئۆلمەس، يېتمەس ۋە شەرەپلىك مىللەتتۇر. مەلۇم بولىدىكى، كەلپىن ئۇيغۇرلىرى بىز تېخى ئاڭلاپ تۈگمىگەن، ئاڭقىرىپ پۈتمىگەن، ئۈلگە قىلىپ ئۆلگۈرۈپ بولالمىغان بىز ئەزگۈ ۋە گۈزەل رىۋايەتتۇر!

2005 ـ يىل فېۋرال، شەهىرى ئۈرۈمچى

پايدىلانمىلار

غالىب بارات ئەرك: «كروران ۋە كرورانلىقلار».


ئابدۇساتتار هامىددىن: «كەلپىن ناهىيە تەزكىرىسى».

ئىمىن ئەهمىدىي: «دولانلار نەزىرىدىكى باياۋان»،

«شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى 2005 ـ يىل 1 ـ سان.

ئاپتور: ش ئۇ ئا ر يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى

بۇ ساننىڭ مەسئۇل كوررېكتورى: قۇربان مامۇت



# بۈگۈنكىنىڭ دەۋرىنى كېيىنكىلەرمۇ ئانا تۇرمۇشتىن يىغالارمۇ؟!

خۇدابەردى ئابىخان

«دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش» ھازىرقى زامان ھاكىمىيەتچىلىكىنىڭ تەرەققىيات يۆزلىنىشى بولۇپلا قالماي، بەلكى ھازىرقى زامان جەمئىيىتى ۋە دەۋرنىڭ كۈچلۈك تەلىپى، شۇنداقلا دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىكى ئىلمىي، ئىلغار بولغان دېموكراتىك، ئۈنۈملۈك ئۇسۇل. تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىيات تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، بۇنۇقتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىمىز. چۈنكى تەرەققىيات مۇقىم بولغان ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي مۇھىتقا موھتاج. بۇنداق مۇھىت مۇكەممەل قانۇن ـ تۈزۈم كاپالىتىنى تەلەپ قىلىدۇ، ئەلۋەتتە. شۇڭا تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر خېلى بۇرۇنلا «دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش» يولىغا ماڭغان. قانۇن، قانۇن تۈزۈشتىن تارتىپ ئومۇملاشقىچە خېلى ئۇزاق تارىخىي جەريانىنى بېسىپ، قەدەممۇقەدەم مۇستەھكەملىنىپ، مۇكەممەللىشىپ، ھاكىمىيەتنىڭ تۈرلۈك سىياسىي تەلىپىنىلا ئەمەس، بەلكى يەنە تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى قانائەتلەندۈرۈپ، ئىدارە قىلالىغۇدەك دەرىجىگە يېتىپ يەتكەندە دۆلەتنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداشتا قانداق رول ئوينىغان بولسا، پۇقرالارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداشتىمۇ ئوخشاشلا

زامان تەقەززا پىكىرلەر

ئۆزىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ھېچقانداق تەرەپكە يان باسمايدىغان ئادىل تارازىغا ئايلىنىپ، «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر» بولۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرغان. شۇڭا ئۇلاردا قانۇننىڭ ئىناۋىتى يۇقىرى، پۇقرالارنىڭ قانۇن ئېڭى كۈچلۈك.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئارقىلىق ئىقتىسادىي خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىش جەريانىدا پارتىيىمىز «دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش»نىڭ زۆرۈرىيىتىنى چوڭقۇر چۈشەندى؛ «دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش» ئىستراتېگىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، قانۇن ـ تۈزۈم قۇرۇلۇشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى؛ قانۇن تۇرغۇزۇش، قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتتى. تۈرلۈك قانۇن ـ نىزاملار كەينى ـ كەينىدىن تۈزۈلۈپ، ئېلان قىلىنىپ، بۇرۇنقى، ئىش بولسىمۇ تەتبىقلايدىغان قانۇن بولماسلىق تارىخىغا خاتىمە بېرىلدى. پۇقرالارنىڭ قانۇن ئېڭى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، مەيلى دۆلەت مەمۇرلىرى ياكى ئاۋام پۇقرا بولسۇن ئىش بېجىرىشتە بۇرۇنقىدەك سىياسەتكە تايىنىش ئېڭىنىڭ ئورنىنى تەدرىجىي قانۇنغا تايىنىش ئېڭى ئىگىلىدى. شۇ ئاساستا قانۇن سىياسەتنىڭ كونتروللۇقىدىن تەدرىجىي قۇتۇلۇپ، ئۆزىنىڭ مۇقەددەس ئورنىنى تېپىش مۇساپىسىنى باشلىدى. بۇ مۇساپىنىڭ مەيلى قانچىلىك ئۇزۇن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بېسىلغان قەدەمنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى كىشىنى رىغبەتلەندۈرىدۇ.

كىشىنى تېخىمۇ رىغبەتلەندۈرۈدىغىنى، «دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە

www.uyghurkitap.com

قىلىش»تىن بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ، «دۆلەتنى ئەخلاق ئارقىلىق ئىدارە قىلىش» يولىغا مېڭىش. بۇنداق «ئىككى قولدا تۇتۇش» پارتىيىمىزنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىدا پىشىپ يېتىلگەنلىكىنىڭ يەنە بىر بەلگىسى بولۇپلا قالماي، يەنە ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىدا، بولۇپمۇ كىشىلەرئارا مۇناسىۋەتنى تەڭشەش، ئىجتىمائىي تەرتىپنى ياخشىلاش جەھەتتە ئوينايدىغان رولىنىڭ ناھايىتى زور، تۇتىدىغان ئورنىنىڭ ناھايىتى مۇھىم ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى.

قانۇن بىلەن ئەخلاق ھەقىقەتەن بىر ـ بىرىنى تولۇقلاش خاراكتېرىگە ئىگە. جەمئىيەت تەرەققىيات تارىخىغا قارايدىغان بولساق، بەزىبىر ئەخلاق ئۆلچەملىرىنىڭ قانۇن پرىنسىپلىرىغا ئايلانغانلىقىنى، بەزى قانۇن پرىنسىپلىرىنىڭ ئەخلاق ئۆلچەملىرىدىن بوپقالغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئېيتساق، قانۇن بولمىغان جەمئىيەتتە ئەخلاق قانۇن ئورنىدا كىشىلەر ئارا مۇناسىۋەتنى تەڭشەش، ئىجتىمائىي تەرتىپنى ساقلاش، كوللېكتىپنىڭ ھەرىكىتىنى ماسلاشتۇرۇش رولىنى ئوينىغان. قانۇن بىلەن ئەخلاقنى مەيلى پەيدا بولۇشىدىكى ئىلگىرى ـ كېيىنلىك پەرقىدىن، مەيلى بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسىتىش ۋە ياكى مەنبە بولۇش نۇقتىسىدىن ئېيتمايلى، ئەخلاقنى قانۇننىڭ بالىياتقۇسى، دېسەك ھەرگىز ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز. چۈنكى ئەخلاق ئىنسانلار بىلەن تەڭ بارلىققا كېلىشكە باشلىغان. ئادەمنىڭ يارىلىش رىۋايىتىدە، خۇدا ئادەمنى يارىتىپ، ئۆزىنىڭ بۇ مۆجىزىۋى ئىختىراسىدىن سۆيۈنۈپ، بارلىق پەرىشتە ـ مالائىكىلەرنى ئادەمگە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغان. باشقا بارلىق پەرىشتە ـ مالائىكىلەر ئادەمگە سەجدە قىلغان، لېكىن ئازازۇل (شەيتان) سەجدە قىلمىغان. خۇدا غەزەپلىنىپ: «ئى ئازازۇل، سەن نېمىشقا سەجدە قىلمايسەن؟» دېسە، ئازازۇل: «ئى ئاللا، سەن مېنى نۇردىن ياراتتىڭ، ئادەمنى بولسا توپىدىن ياراتتىڭ. مېنىڭ زاتىم نۇر، ئادەمنىڭ خاك ـ تۇپراق تۇرسا، مەن نېمىشقا ئۇنىڭغا سەجدە قىلىدىكەنمەن؟» دەپ يەنىلا ئۇنىمىغان. شۇنىڭ بىلەن ئازازۇل خۇدانىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ مەڭگۈلۈك لەنەتكەردى بوپكەتكەن. دېمەك ئادەم يارىلىپلا ئەخلاق مەسىلىسىگە دۇچ كېلىدۇ. ئادەمنىڭ چەكلەنگەن مېۋىنى يەپ، جەننەتتىن قوغلىنىشى ئەخلاقنىڭ رېئاللىق پرىنسىپىغا ئايلانغىنىنى چۈشەندۈرىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئەخلاق ئىنسانلار تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ، ھەرقايسى دەۋر، ھەرقايسى ئىنسان توپلىرى ئارىسىدا يېڭى ـ يېڭى مەزمۇنلار بىلەن تويۇنۇپ، بېيىپ، يېڭىلىنىپ، يەنە شۇ ئىنسان توپىنى مەركەز قىلىپ مەڭگۈلۈك سەپىرىنى داۋام قىلماقتا. ئىنسانلا بولىدىكەن چوقۇم ئەخلاق بولىدۇ، ئىنسان يوقالمىسا ئەخلاقمۇ يوقالمايدۇ. لېكىن قانۇن دۆلەتنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ پەيدا بولغان ۋە تەرەققىي قىلغان. ئۇ، بىر تارىخىي ھاسىلات. دۆلەتنىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ ئۇ ھامان يوقىلىدۇ. ئەگەر بىز ماركسنىڭ «سىنىپ يوقىلىدۇ، دۆلەت يوقىلىدۇ» نەزەرىيىسى بويىچە دۆلەتنى ھامان يوقىلىدۇ، دەپ قاراپ كەلگۈسىدىكى دۆلەتسىز بىر جەمئىيەتنى تەسەۋۋۇر قىلماقچى بولساق، ئۇ جەمئىيەت چوقۇم يۈكسەك دەرىجىدە ئىجتىمائىيلاشقان ئەخلاق ئۈستىگە قۇرۇلغان جەمئىيەت بولىدۇ، دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. ئەگەر شۇنداق دېيىشكە پېتىنالمىساق، ئۇنداق بىر جەمئىيەتنى تەسەۋۋۇرىمىزغا ھەرگىز سىغدۇرالمايمىز.

كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، قانۇن تەرەققىي قىلىپ قايسى دەرىجىگە بېرىپ يەتسۇن ياكى تۇرمۇشقا تەتبىقلىنىش دائىرىسى مەيلى قانچىلىك كېڭەيگەن بولسۇن، ئەخلاقنىڭ ئورنىنى بېسىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ئەخلاق ھەر بىر ئادەمنىڭ خاراكتېر ئۆزگىچىلىكى، ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ئاساسىدا تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە مەيلى چوڭ ياكى ئۇششاق ئىشلاردا بولمىسۇن ئۆز ئىپادىسىنى تېپىپ تۇرىدۇ. بەزى ئەخلاق ئۆلچەملىرىنى قانۇن ماددىلىرىغا ئايلاندۇرغىلى بولسىمۇ، بەزى ئەخلاق ئۆلچەملىرىنى قانۇن ماددىلىرىغا ئايلاندۇرغىلى بولمايدۇ. ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا يەنە نۇرغۇن ئىش ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ ھەل قىلىشى، ئەخلاقىي دەۋەتلەرنىڭ بولۇپ تۇرۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەڭشەشتە قانۇن ھەرگىز ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، قانۇن تۈزۈشتىن ئومۇملاشتۇرۇش، ئىجرا قىلىشقىچە بولغان ھەرقايسى جەريان سىستېملاشقان مۇئەسسەسەلەرنىڭ بولۇشى ۋە ئۇلارنىڭ فۇنكسىيىلىك خىزمەت مېخانىزمىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭغا خېلى كۆپ ئادەم كۈچى ۋە مالىيە كۈچى كېتىدۇ. لېكىن ئىجتىمائىي ئەخلاق كىشىلىك مۇناسىۋەت جەريانىدا تەبىئىي ھالدا بارلىققا كېلىپ، ئىستىخىيىلىك ھالدا ئومۇملىشىدىغان بولغاچقا، ئۇ قانۇنغا ئوخشاش ئادەم كۈچى ۋە مالىيە كۈچى تەلەپ قىلمايدۇ، لېكىن ئۇنۇمى قانۇندىن تېز ۋە زور بولىدۇ. شۇڭا، «دۆلەتنى ئەخلاق ئارقىلىق ئىدارە قىلىش» ھەقىقەتەن ئاقىلانە تەدبىر.

ئىقتىسادنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى، غەرب دۇنياسىدىن سىڭىپ كىرىپ يامرىغان ئەخلاقىي چىركىنلىكلەر، مەدەنىيەتنىڭ شالغۇتلىشىشى، جەمئىيەتلىشىشكە يۈزلەنگەن ماددىي مەنپەئەت ئەسەبىيلىكى (مەسئۇل مۇھەررىردىن) كىشىلەر ئىستېمالغا يېڭى ـ يېڭى تەلەپلەرنى قويۇپ، ئىستېمالغا بولغان ئېھتىياجىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇۋەتتى. ئەكسىچە، ئىشقا ئورۇنلىشىشنىڭ قىيىن بولۇشى، ئىشسىزلىق، ئىشتىن قېلىش مەسىلىلىرىنىڭ ئېغىرلىشىشى توغرا بولمىغان بەزى كەسىپلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە زېمىن ھازىرلاپ بەردى. كېسەللىكلەرنىڭ يامراپ كېتىشى، داۋالىنىش راسخوتىنىڭ ئېشىپ كېتىشى، بالىلارنى ئوقۇتۇش دېگەندەك مەسىلىلەرمۇ بارغانسېرى كىشىلەرنىڭ بېشىنى قاتۇرۇشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئەنئەنىۋى قىممەت قارىشى كەسكىن خىرىسقا دۇچ كەلدى. غايە، ئەقىدە ـ ئېتىقاد سۇسلاشتى. جاھان ـ ئالەمنىڭ ئىشلىرى پۇلغا يۈزلەنگەندىن كېيىن «پۇل ھەممە دېمەكتۇر» دېيىدىغان ھەممىدە پۇلغا قاراش خاھىشى ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتتى؛ «ئىت بول، ئېشەك بول، پۇل تاپ» (مەسئۇل مۇھەررىردىن) دېگەن ئىدىيە بازار تاپتى. توغرا كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بەزىلەرمۇ پۇلپەزلىك دۇنياسىدىكى كەسكىن رىقابەتكە بەرداشلىق بېرەلمەي ناتوغرا يولغا مېڭىشقا باشلىدى. بەزى ھوقۇقدارلار ئاينىپ چىرىكلىشىشكە، شۇنىڭغا ئېقىپ پۇقرالارمۇ بۇزۇلۇشقا يۈز تۇتتى. ئەدەبىيات ـ سەنئەتمۇ ئۆزىنىڭ ئېستېتىك ئۆلچەملىرىنى چۆرۈپ تاشلاپ بازارنى ئۆلچەم قىلىشقا ئۇرۇندى. بەزى كىنو ـ تېلېۋىزىيە، كىتاب ـ ژۇرنال ۋە باشقا مەدەنىيەت بۇيۇملىرىدا ئوغرىلىق، قاتىللىق، زوراۋانلىققا ئوخشاش نەرسىلەرمۇ باتۇرلۇق، جەسۇرلۇق، ئەقىل ـ پاراسەت سۈپىتىدە تەسۋىرلەندى. شەھۋانىيلىق مۇھەببەت تاجىنى كىيىپ بارغانسېرى يامراپ كەتتى. جىنسىي تۇرمۇش ھايانى ئۇنتۇدى. بەزى رېستوران، تانسخانا ۋە كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىمۇ بۇزۇقچىلىققا يول ئاچتى؛ ھەتتا بەزى مېھمانخانا، سەيلىگاھ، ساياھەت ئورۇنلىرىمۇ بۇزۇقلارنىڭ ئارامگاھىغا ئايلاندى. ئىپپەتنى سېتىش، ئالدامچىلىق، يالغانچىلىق، ساختىپەزلىك، قويمىچىلىق، ۋەدىسىدە تۇرماسلىق، قەرز ئېلىپ قايتۇرماسلىققا ئوخشاش ئەخلاقسىزلىقلارمۇ بەزىلەرنىڭ نەزىرىدە ھازىر نومۇسلۇق ئىشلار ھېسابلانمايدىغان بوپقالدى. دېمەك، ئىجتىمائىي ئەخلاق ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلۇش خەۋپىگە دۇچ كەلدى. ئەخلاقى بۇزۇلغان ئەلنىڭ تەقدىرى نېمە بولماقچى؟! رىۋايەتلەردىكى «توپان بالاسى»مۇ دەل مۇشۇ خىل تەقدىرنىڭ تراگېدىيىسى

ئەمەسمۇ؟!

«پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشى» ھەقىقەتەن دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش. «پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشى» پروگراممىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشى رېئاللىقنىڭ جىددىي تەقەززاسى، «دۆلەتنى ئەخلاق ئارقىلىق ئىدارە قىلىش»نىڭ كۈچلۈك تەلىپى، پۇقرالارنىڭ ئەخلاق مەسىلىسى پارتىيە ـ ھۆكۈمەتنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىغانلىقى ھەمدە مۇھىم خىزمەت تەرتىپىگە كىرگۈزۈلگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى. ئەمەلدىكى مەسىلە بۇ پروگراممىنى قانداق ئىزچىللاشتۇرۇشتا. بۇ بىر ئەھمىيەتلىك بولغان مۇشكۈل ئەمما باش تارتىپ بولمايدىغان ۋەزىپە.

«پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشى پروگراممىسى» يولغا قويۇلۇپ، پۇقرالارنىڭ ئەخلاق ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، ئەخلاقنى ياخشىلاش جەھەتتە بەزىبىر خىزمەتلەر ئىشلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن نەتىجە كىشىنى قانائەتلەندۈرەلمەيدۇ. بۇ ھەقتىكى چاقىرىق، تەشەببۇس، تەشۋىقاتلار كۆپ، ئەمما ئەخلاقسىز قىلمىشلارنى چەكلەش، توسۇش، زەربە بېرىش سالمىقى يەنىلا دېگەندەك ئەمەس. بولۇپمۇ پۇقرالار ئەخلاقىنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولۇۋاتقان ئامىللارنىڭ تولۇق نەزەرگە ئېلىنماسلىقى، بۇ جەھەتتىكى ئىزدىنىشنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى كىشىنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ. ھە دېسىلا مەدەنىيەت بازارلىرىنى تازىلاش، مەدەنىيەت بازارلىرىنى تەرتىپكە سېلىش، مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇشقا كۆپ كۈچ سەرپ قىلىنىۋاتىدۇ. (بۇمۇ كەمكىن ئەمەس). بۇ تولىمۇ زۆرۈر. مەدەنىيەت بازارلىرى ئارقىلىق بۇلغىنىشنى ھەرگىز سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ. ئەمما بۇنى بۇزۇلغان پۇقرالار ئەخلاقىنىڭ ھەم بۇلغاش مەنبەسىنىڭ ئەڭ خەتەرلىك قىسمى دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. ئەڭ خەتەرلىك قىسمى يەنىلا دۆلەتنىڭ تۈرلۈك مۇئەسسەسەلىرى ۋە بەزى پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى قەتئىي تۈزەتمەسە بولمايدىغان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى قەتئىي چەكلەۋاتقان بۇلغىنىش. ئۇنىڭ مەركىزىدە يەنىلا چىرىكلىك، نەپسانىيەتچىلىك تۇرىدۇ. پۇقرالار ھوقۇق تۇتقانلارغا قاراپ پارتىيە ـ ھۆكۈمەتنى، قانۇن ـ نىزام، سىياسەتنى چۈشىنىدۇ؛ ئۇلارنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىنى پارتىيە ـ ھۆكۈمەتنىڭ سۆزى، ھەرىكىتى دەپ بىلىدۇ؛ ئۇلارغا پارتىيە ـ ھۆكۈمەتكە ئەگەشتىم، دەپ ئەگىشىدۇ؛ ئۇلار ئالىيجاناب بولسا، پۇقرا ئەخلاقلىق بولىدۇ، ئۇلار خىيانەتچى بولسا، پۇقرا ئوغرى بولىدۇ، ئۇلار پارىخور بولسا، پۇقرا ئالدامچى بولىدۇ، ئۇلار نەپسانىيەتچى بولسا، پۇقرا ئاچ كۆز بولىدۇ، ئۇلار زوراۋان بولسا، پۇقرا مۇتتەھەم بولىدۇ، ئۇلار زىناخور بولسا، پۇقرا بۇزۇق بولىدۇ. ئۇيغۇر ماقال ـ تەمسىللىرىدە: «چوڭ بېشىنى ئاچسا، كىچىكى كۆتىنى ئاچار» دېيىلگىنىدەك، پۇقرالار ئۇلارغا قاراپ يا بۇزۇلىدۇ، يا تۈزۈلىدۇ. شۇڭا، پۇقرالارنىڭ ئەخلاقىنى ياخشىلاشتا پالتىنى يەنىلا شۇ چىرىكلىكتىن ئىبارەت يىلتىزغا ئۇرغان ياخشى.

دەرۋەقە، پارتىيە چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنى ئىزچىل قانات يايدۇرۇپ، پاك ـ دىيانەتلىك بولۇشنى دائىم تەشەببۇس قىلىپ، پارىخور ـ خىيانەتچىلەرنى قانۇن بويىچە قاتتىق جازالاپ كېلىۋاتىدۇ. نازارەتچىلىك تۈزۈملىرى، ئورگانلىرىمۇ خېلى مۇكەممەل. ئەمما چىرىكلىك ھادىسىلىرى خۇددى يۇقۇملۇق كېسەلدەك يامراپ كېتىۋاتىدۇ. دېمىسىمۇ ئەخلاقى بۇزۇلغان ـ چىرىگەنلەرنىڭ تەبىئىتىدىكى قوترىغان نەپسى بالاسىنى قانداقمۇ توسۇپ قالغىلى بولار؟! قېنى ئۇلاردىكى كوممۇنىستىك غايە، كوممۇنىستىك ئېتىقاد؟ قېنى ئۇلاردىكى شەخسىيەتسىز تۆھپە قوشۇش روھى؟! قېنى ئۇلارنىڭ پارتىيىگە بەرگەن قەسىمى، خەلققە بەرگەن ۋەدىسى؟! بۇ تەنتەنىلىك ۋەدە ـ قەسەملەر بۇ نەپسانىيەتچىلەرنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن بولغىيمىتى؟!

شۇنداق، فرويدنىڭ ئۈچ قاتلاملىق ئىنسان تەبىئىتى نەزەرىيىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمى بولغان «ئەسلىي مەن» ئۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە قانائەت تېپىشنى پرىنسىپ قىلغان، شەخسىيەتچىلىك بىلەن تولغان ئەخلاقسىز قاتلام. كېيىنكى ئىككى قاتلام بولسا رېئاللىق پرىنسىپى ئاساسىدا «ئەسلىي مەن»نى چەكلەش رولىنى ئوينايدىغان، ئىنسان خاراكتېرىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا ئېرىشىلگەن «ئەخلاقلىق»، «ئەڭ ئەخلاقلىق» قاتلاملاردۇر. بۇ ئىككى قاتلامنىڭ بارلىققا كېلىشى ھەرگىز تۆۋەن قاتلامنىڭ يوقالغانلىقىدىن، ئىنساننىڭ تەبىئىتىدىكى ئۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىنتىلىشلىرىنىڭ مەۋجۇد ئەمەسلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. پەقەت ئۇنىڭ چەكلەنگەنلىكىنى، يوشۇرۇن ھالەتكە ئۆتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. فرويدنىڭ يوشۇرۇن ئاڭ دېگىنى مانا شۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەخلاقلىق ياكى ئەڭ ئەخلاقلىق ئادەملەردىمۇ بۇ خىل يوشۇرۇن ئاڭ بولىدۇ. لېكىن ئۇلار ئاقىلانىلىك بىلەن رېئاللىق پرىنسىپى (ئەخلاق پرىنسىپى، قانۇن ـ تۈزۈم پرىنسىپى، خىزمەت پرىنسىپى ۋە باشقا پرىنسىپلار) ئارقىلىق چەكلەپ، بۇ خىل ئاڭنىڭ قوترىشىغا يول قويمايدۇ. ئۇلار ئۆز ـ ئۆزىنى چەكلەش كۈچى ھاسىل قىلالىغان ئالىيجاناب ئادەملەر. چىرىكلەشكەن ئۇنسۇرلار ئۆز ـ ئۆزىنى چەكلەش كۈچىدىن مەھرۇم قالغان ئەخلاقسىز ئادەملەر. بۇ خىلدىكى ئادەملەرنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىشى، ھوقۇق تۇتۇشى تولىمۇ خەتەرلىك. چۈنكى ئادەتتىكى بىر ئەخلاقسىز پۇقرا جەمئىيەتكە بىر كىشىلىك زىيان سالسا، ھوقۇق تۇتقان بىر ئەخلاقسىز مىڭ كىشىلىك زىيان سالىدۇ.

بۈگۈننىڭ دەردىنى ئېيتايمۇ، ئەتە ئۈچۈن يىغلايمۇ!؟ ھەرقانچە ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئەتىگە نەزەر تاشلىساقمۇ تەسەۋۋۇر كۆزىمىزنىڭ كۆرىدىغىنى يەنىلا شۇ بۈگۈننىڭ راۋاجى ـ دۆلەتنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى ياشلارغا بولغان تەلىم ـ تەربىيىگە باغلىق. ئارىستوتېل بۇ ھۆكۈمنى مىلادىيىدىن نەچچە يۈز يىل بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، تا ھازىرغىچە ھېكمىتىنى يوقاتقىنى يوق. دېمىسىمۇ كەلگۈسىنى كىم قۇرىدۇ؟ بۈگۈنكى ياشلىرىمىز ۋە ئۆسمۈرلىرىمىز، ئەلۋەتتە. ئۇلار كەلگۈسىنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە بىزنىڭ ئۈمىد غۇنچىلىرىمىز. ئۇلارغا بىز نېمىلەرنى ئۆگىتىۋاتىمىز؟ ئۇلار بىزدىن نېمىلەرنى ئۆگىنىۋاتىدۇ؟ ئۇلارنىڭ ھازىرقى ئىدىيە ـ ئەخلاقىغا قاراپ باقايلى. بىز ئۈمىد قىلغان نەرسىلەر ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا بارمۇ، يېتىلىۋاتامدۇ؟! ئۇلارنى ياخشى تەربىيىلىدۇق دېيەلەمدۇق؟ بۇنىڭغا ھەئە دېيىشمۇ، ياق دېيىشمۇ ئوخشاشلا قىيىن. ياق دېيەلمەسلىكىمىزدىكى سەۋەب، ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىدىيە ـ ئەخلاقىغا پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ. يېقىندا ئېلان قىلىنغان «قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئىدىيە ـ ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى بىر قانچە پىكىر» بۇنىڭ كۈچلۈك دەلىلى. ئۇنىڭ ئۈستىگە «توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى» يولغا قويۇلۇپ ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ تەربىيىلىنىشى قانۇنىي جەھەتتىن كاپالەتلەندۈرۈلدى ھەمدە ئۇلارنىڭ ياش قۇرامىغا ماس ھالدا ھەرقايسى يىللىقلارغا ئىدىيە ـ ئەخلاق دەرسى تەسىس قىلىنىپ، پىلانلىق، سىستېمىلىق ھالدا تەربىيىلەش يولغا قويۇلۇۋاتىدۇ. ئالدىنقى بىر ياكى بىر نەچچە ئەۋلادنىڭ ئىمكانىيەتلىك تەربىيىلىنىش دەرىجىسىنى ھەرگىزمۇ ھازىرقىلار بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. ئەمما ھازىرقى ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىدىيە ـ ئەخلاقىدا كۆرۈلۈۋاتقان مەسىلىلەر ھەقىقەتەن كىشىنى چۆچۈتىدۇ. ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەر ئارىسىدىكى باشباشتاقلىق، ئۆز مەيلىچە بولۇۋېلىش، ئاتا ـ ئانىنىڭ گېپىگە كىرمەسلىك، ئوقۇتقۇچى ـ ئۇستازلارنى ھۆرمەت قىلماسلىق، سەممىي بولماسلىق، يالغانچىلىق،

ئالدامچىلىق، ساختىپەزلىك، ئۇرۇشقاقلىق، كىچىك تۇرۇپلا هاراق ـ تاماكىغا هەۋەس قىلىش، جىنسىي ئىستىكى بالدۇر يېتىلىش، «سۆيدۈك پۇراپ» يۈرۈشكە ئوخشاش مەسىلىلەرنى نەزەردىن ساقىت قىلمىساقمۇ، ئۆيدىن چىقىپ كېتىش، ساۋاقداشلىرىنى هەتتا ئاتا ـ ئانىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتەك جىنايەت يولىغا مېڭىشقا ئوخشاش ئىشلارنىڭ كۆپىيىپ قېلىۋاتقىنىنى ئاڭلاپ، كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. بۇلار زادى نېمە ئۈچۈن؟ ئۇلار تەربىيە كۆرمىگەنلەرمۇ ـ يە؟ياق، ئۇلار تەربىيە كۆرگەن، هەتتا بەزىسى خېلى يۇقىرى تەربىيە كۆرگەن. يېقىندا گېزىتتىن بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ تۆت ياتاقدىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرنى كۆردۇق. بۇلتۇر يۇرتىمىزدىمۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يولدا مۇشتلىشىپ، بىر ـ بىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتەك ئېچىنىشلىق پاجىئە يۈز بەردى. بۇنىڭغا نېمە دەيمىز؟ ئۇلارغا بەرگەن تەربىيە نەگە كەتتى؟ بۇ مەسىلە كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ.

ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرگە بېرىلىدىغان ئىدىيە ـ ئەخلاق تەربىيىسى ئائىلە، مەكتەپ، جەمئىيەتتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ ئورتاق ماسلىشىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئائىلە تەربىيىسى يادرولۇق ئورۇندا، مەكتەپ تەربىيىسى ئاساسىي ئورۇندا، جەمئىيەت تەربىيىسى قوشۇمچە ئورۇندا تۇرىدۇ. مۇشۇ ئۈچ تەربىيلەش مۇهىتى ئۆزئارا ماسلاشقاندىلا ئاندىن ئىشلەنگەن تەربىيىنىڭ ئۈنۈمى بولىدۇ. ئاتا ـ ئانا بولغۇچى بالىسىغا يالغان ئېيتماسلىق هەققىدە تەربىيە بەرسە، مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى كەلمىگەن ئوقۇغۇچىنى كەلدى قىلىپ، سورىمىغاننى سورىدى دەپ سانىنى مەكتەپكە ئاشۇرۇپ يالغان مەلۇم قىلسا، راست گەپ قىلغانلار زىيان تارتىپ، يالغان گەپ قىلغانلار مۇكاپاتلانسا، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يالغان سۆزلىمەسلىك هەققىدىكى تەربىيىسىنى بالا قانداقمۇ قوبۇل قىلالىسۇن؟ دەل ئەكسىچە ـ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ دېگەنلىرىدىن بالا گۇمانلىنىشقا باشلايدۇ. ئوخشاشلا مەكتەپ باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى ئېلىۋالماسلىق هەققىدە تەربىيە بەرسە، ئۆيگە كەلسە ئاتا ـ ئانىسى باشقىلارنى قاقتى ـ سوقتى قىلىشنىڭلا كويىدا يۈرسە، مەكتەپ تەربىيىسى بالىغا هەرگىزمۇ يۇقمايدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق هازىر ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرگە بېرىلىدىغان ئىدىيە ـ ئەخلاق تەربىيىسى مەكتەپلەرنىڭ ئۈستىگىلا يۈكلىنىپ قالدى. ئائىلە تەربىيىسى، جەمئىيەت تەربىيىسى دېگەنلەر ئانچە ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىدىيە ـ ئەخلاقىدا مەسىلە كۆرۈلسىلا مەسئۇلىيەتنى مەكتەپلەرگە، ئوقۇتقۇچىلارغا ئارتىمىز. هە دېسىلا: بالىلارنى ياخشى تەربىيىلىمىگەن، دەپ ئۇلاردىن ئاغرىنىمىز؛ تاياق ـ دۇمبا بىلەن ئاچچىقىمىزنى بالىلاردىن چىقىرىمىز. نېمىشقا باشقا ئامىللارنىمۇ نەزەرگە ئالمايمىز؟ چۈنكى بىز مەسئۇلىيەتتىن قېچىش ـ دۆڭگەشكە ئادەتلەنگەن.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان، يۇرتىمىزدا يۈز بەرگەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مۇشتلىشىپ، بىر ـ بىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتەك پاجىئە ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن بۇ مەسئۇلىيەت پۈتۈنلەي مەكتەپ ئىدىيە ـ ئەخلاق تەربىيىسىنى چىڭ تۇتمىغانلىقتىن، ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارغا بولغان ئىدىيە ـ ئەخلاق تەربىيىسىنى ياخشى ئىشلىمىگەنلىك سەۋەبىدىن دەپ قاراپ، نەچچە كۈنگىچە مەكتەپتىكىلەر يۇقىرىدىن كەلگەنلەرنىڭ تىل ـ دەشنىمىدىن بېشىنى كۆتۈرەلمىدى. ئوقۇتقۇچىلار شۇ كۈندىن باشلاپ هەر كۈنى خىزمەتنىڭ سىرتىدا ئىككى سائەت سىياسىي ئۆگىنىشكە تەشكىللەندى. بۇ ۋەقە ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتىن قايتىپ ئۆيگە كەتكىچە يۈز بەرگەن بولغاچقا، هەر كۈنى بالىلارنى قويۇپ بېرىپلا ئوقۇتقۇچىلار هەرقايسى كەنت، يوللارغا بۆلۈنۈپ يول چارلايدىغان كۈنگە قالدى.

مەكتەپ چىڭ تۇتمىغان، ئوقۇتقۇچىلار ياخشى تەربىيە بەرمىگەن دەپ كىم ئېيتىدۇ؟ بىر سائەتلىك دەرس ئۆتۈش ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىنىڭ يىرىم سائەتلىك ۋاقتى مەخسۇس ئىنتىزام تەربىيىسى ئىشلەشكە كېتىۋاتسا، ئىشلىمىسە دەرس ئۆتكىلى بولمايۋاتسا. بىر كۈنلۈك نورمال ئوقۇتۇش ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىنىڭ قانچىلىك كۈچ سەرپ قىلىدىغىنىنى كىم ئويلىغان؟ بۇنى ئوقۇتقۇچى بولۇپ باققانلارلا ئەمەس، ئوقۇغۇچى بولغانلارمۇ ئوبدان بىلىدۇ. ئەگەر مەكتەپ تەربىيىسىلا بىر ئادەمنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتىنى يېتىلدۈرەلەيدىغان ئىش بولسا، هازىرقى زاماندا ئەخلاقسىز ئادەم قالمىسا بولاتتى.

ئادەمنىڭ ئەخلاقىي ـ پەزىلىتىنىڭ يېتىلىشى ئەخلاقىي بىلىش، ئەخلاقىي هېسسىيات، ئەخلاقىي ئىرادە، ئەخلاقىي هەرىكەتتىن ئىبارەت تۆت باسقۇچنى بېسىپ ئۆتىدۇ. ئەخلاقىي بىلىش هېسسىياتقا ئۆتكەندە ئەخلاقىي ئىرادىنى هاسىل قىلىپ، ئەخلاقىي هەرىكەتكە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئەخلاقىي هېسسىياتنىڭ رولى ناهايىتى مۇهىم. بىر ئادەم ياخشى ـ يامانىنى ۋائىزدەك سائەت ـ سائەتلەپ سۆزلەپ بېرەلىشى مۇمكىن. مانا بۇ بىلىش مەسىلىسى. لېكىن ئۇ ئادەم دېگەنلىرىگە ئۆزى قانچىلىك ئەمەل قىلىدۇ؟ مانا بۇ ئۇنىڭدىكى ئەخلاقىي هېسسىياتنىڭ سۈسلىقى مەسىلىسى. ئەخلاقىي هېسسىيات بولمايدىكەن، ئەخلاقىي بىلىمنىڭ مەيلى قانچىلىك مول، چوڭقۇر بولغىنى بىلەن ئەمەل قىلىشىنىڭ ناتايىن. مەكتەپ تەربىيىسىنىڭ رولى ئاساسەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەخلاقىي بىلىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە كېڭەيتىش جەهەتتە ئەڭ ئۈنۈملۈك دېيىشكە بولىدۇ. هېسسىيات يېتىلدۈرۈش باسقۇچىدا تەسىرى تولىمۇ ئاجىز. هېسسىيات كۆپىنچە شەيئىلەر بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىش جەريانىدا غىدىقلاش خاراكتېرلىك تۈرتكىنىڭ تەسىرىدە پەيدا بولىدىغان بولغاچقا، مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارغا بۇنداق ئەمەلىي ئىمكانىيەتنى كۆپ يارىتىپ بېرەلمەيدۇ. شۇڭا بۇ باسقۇچتا جەمئىيەت تەربىيىسىنىڭ رولى ناهايىتى زور. ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپتە ئۆگەنگەن ئەخلاقىي بىلىملىرى جەمئىيەتتە كۆرگەنلىرى بىلەن ماسلىق هاسىل قىلالىسا، ئۇنداقتا ئۇ بىلىم تېخىمۇ مۇستەهكەملىنىپ، ئەخلاقىي هېسسىياتنى پەيدا قىلالايدۇ. ئەگەر ماسلىق بولمىسا، ئۇ بىلىم پەقەت بىلىش باسقۇچىدىلا توختاپ قېلىپ، هېسسىياتقا ئۆتەلمەيدۇ ـ دە، شۇ ئوقۇغۇچىنىڭ ئەخلاقىي ـ پەزىلىتىنى يېتىلدۈرۈشتىكى رولىنى يوقاتقان بولىدۇ.

شۇنىمۇ تەكىتلەش زۆرۈركى، هازىرقى ئەخلاق تەربىيىسى سۆز بىلەن قايىل قىلىش ئۇسۇلىنى ئاساس قىلغان، ئۇلگە ئارقىلىق قايىل قىلىش يوق دېيەرلىك. ئەخلاق تەربىيىسىدە ئۈلگىنىڭ كۈچى ناهايىتى زور. ئەپسۇس، هازىر ئوقۇغۇچىلارغا بۇنداق ئۈلگە ناهايىتى كەم تېپىلىدۇ. ئاتا ـ ئانا بىلەن ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچى ئۈچۈن ئەڭ دەسلەپكى، ئەڭ كۆپ ئۇچرىتىدىغان دائىملىق ئۈلگە. ئاتا ـ ئانا بولغۇچى بالىلار ئالدىدا هايا قىلىشنى بىلمىسە، بالىلار هايا قىلىشنى كىمدىن ئۆگىنىدۇ؟ ئوقۇتقۇچىنىڭ سۆزلىگىنى باشقا، قىلىپ يۈرگىنى باشقا تۇرسا، ئوقۇغۇچى ئۆگەنگەنلىرىگە قانداق ئەمەل قىلىدۇ؟ شۇڭا بىزنىڭ ئۇلاردىن رەنجىشىمىز ئورۇنسىز. چۈنكى بىزنىڭ ئۇلارغا ئۆگەتكەنلىرىمىز شۇ. رەنجىشكە توغرا كەلسە ئۆزىمىزدىن رەنجىيلى. ئۇلارنى ئەخلاقلىق بولسۇن دېسەك، ئۆزىمىز ئەخلاقلىق بولايلى. ئۆزىمىزنىڭ ئەخلاقى تۈزەلسە، بالىلارنىڭ ئەخلاقى چوقۇم تۈزۈلىدۇ. مانا بۇ بىردىنبىر ئەڭ ئاقىلانە، ئەڭ توغرا ئۇسۇل!

---

ئاپتور: يېڭىشەهەر ناهىيە مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ خىزمەتچىسى

# تەپەككۇر ميۋىلىرى



## ئاچچىق خىياللار

▲ تارىختىن ساۋاق شۇكى، ئەرلىرى زەيپانىلاشقان ئەلنىڭ ئاياللىرى رەسۋالىشىدۇ، ئاياللىرى شەھۋانىيلاشقان ئەلنىڭ ئەۋلادلىرى گۇمراھلىشىدۇ.

▲ شائىرلىرى مۇھەببەتنى كۈيلەيدىغان مىللەتنىڭ ئاشىق - مەشۇقلىرى كۆپ، ھەقىقەتنى مەدھىيىلەيدىغان مىللەتنىڭ قەھرىمان ۋە ئالىملىرى كۆپ.

▲ تارىختىن ساۋاق شۇكى، بىلىمخۇمار مىللەت يەھۇدىيلاردەك تارىخنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىدىمۇ ئامان قېلىپ راۋاج تاپىدۇ. چەكتىن ئاشقان «سەنئەتخۇمار» مىللەت بولسا سىگانلاردەك سەرسان - سەرگەردان بولىدۇ.

▲ ھازىرقى ئەخلاق كرىزىسىنىڭ مۇھىم بىر سەۋەبى - قىزلىرىمىزنىڭ بەدىنىنىڭ ئېچىلىش دەرىجىسى، كاللىسىنىڭ ئېچىلىش دەرىجىسىدىن كۆپ تېز بولۇۋاتقانلىقىدا.

▲ مۇھەببەت بىلەن جىنسىيەت ئەركىنلىكىنى تەڭ ئورۇنغا قويغانلىق، شۈبھىسىزكى، چىن سۆيگۈنى لەھەتكە قويغانلىق.

▲ مەدھىيىلەشنىلا بىلىپ، لايىقىدا تەنقىدلەشنى بىلمىگەن يازغۇچى يازغۇچى ئەمەس، قەلەمكەش خۇشامەتچىدۇر.

▲ تېنىڭىزنى قۇۋۋەتلەشتە دىيارىمىزنىڭ ھاياتبەخش يېمەكلىكلىرىدىن ئايرىلمىغاندەك، ھايات سەپىرىدە روھىڭىزنى قۇۋۋەتلەشتە «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىن ئايرىلماڭ.

▲ ئانىسى چوڭ يوتىسىنى ئېچىپ قويۇپ يۈرگەن يەردە، قىزنى كىندىكىڭنى ئېچىۋاپسەن، دەپ ئەيىبلەشنىڭ ئورنى بارمۇ؟

▲ جاھىل ئادەم بىر بولسا رىقابەتچى، ياكى بولمىسا ئۇچىغا چىققان جاھالەتچىدۇر.

## تەپەككۇر كۆزى

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىنىڭ خەلق كۆڭلىگە ياققانلىقى، ئۇنىڭ ئاۋامنىڭ رايىغا ياققانلىقىدىن.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ يۈزلىنىشى، خەلقىمىزنىڭ «مەنىۋەت ئىنقىلابى»دىن «تەپەككۇر ئىنقىلابى»غا ئۆتۈشكە باشلىغانلىقىدىن بېشارەت.

——ئابدۇساتتار ئابدۇۋەلى

ئاپتور: قەشقەر شەھەر چاسا كوچا باشقارما قوناق بازىرى ئاھالە كومىتېتى 7 ـ كورۇپپا 246 ـ قورۇدا

## قەلب ئۈچقۇنلىرى

▲ بىز خۇشامەتچىلىكنى سۆكۈشنى بىلدۇق. ئەمما ھېچقايسىمىز خۇشامەتتىن مەست بولماي يۈرۈشنى بىلمىدۇق.

▲ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىكى يۇقىرى ئىستېمال سەۋىيىسى كىشىنى چۆچۈتسە، نامرات يېزىلاردىكى باللارنىڭ پۇل يوق ئوقۇيالمايۋاتقانلىقى كىشىنى ئېچىندۇرىدۇ.

▲ ھازىر بەزى قىزلىرىمىز كۈندۈزى ھەرىكەت قىلماي كېچىسى ھەرىكەت قىلىدىغان «شەپەرەڭ»گە ئوخشاپ قالدى.

▲ بىر نومۇرنى سەل چاغلىما، ھاياتىڭدىكى نۇرغۇن مەغلۇبىيەت بەلكىم ئاشۇ بىر نومۇرنىڭ يوقلۇقىدىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن.

▲ بىلمىگەنلىكىم ئۈچۈن ئىزا ـ ئاھانەتكە قالدىم. ئىزا ـ ئاھانەت ئىچىدە تىرىشىپ ئۆگىنىپ بىلمىگىنىمنى بىلدىم. بىلگەندىن كېيىن ئالقىشقا ئېرىشتىم. مانا بۇ «مەغلۇبىيەت غەلبىنىڭ ئانىسى» دېگەنلىك.

▲ ئاتام ماڭا كىتابنى قانداق ئوقۇش كېرەكلىكىنى ئۆگەتكەن بولسا، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ماڭا قانداق ئادەم بولۇش يولىنى ئۆگەتتى.

▲ «بىر سىقىم ئاتۇت ھەممىنى سىيىتتى» دېگەندەك، سىنىپنىڭ بارلىق ياخشىلىقلىرىغىنى بىر قېتىم قىلغان يامانلىقىنىڭ سۇپۇرۇپ تاشلىيالايدۇ.

▲ ئەگەر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئالىلقانداق «تورخانا»، «دىسكوخانا»... لارغا خەجلىگەن پۇلىنى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى سېتىۋېلىشقا سەرپ قىلغان بولسا، ئۆزىنىڭ روھىيىتىنى تېخىمۇ يۈكسەكلىككە كۆتۈرگەن بولاتتى.

▲ شادلانغان چېغىڭدا «ۋاقىت ئاتقان ئوق»، ئازابلانغان چېغىڭدا ۋاقىت گويا ئاتقان پوق.

▲ يات مەدەنىيەتلەر تەسىرىدە قىزلار ئانىلىق نازاكىتىنى، ئوغۇللار ئاتىلىق جاسارىتىنى يوقاتماقتا.

——گۈلجەملە ئابىت

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئاخبارات ـ تارقىتىش ئىنستىتۇتى 2003 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## ھاياتتىن ئىككى تېز سىزما

▲ تارىختىن مەلۇمكى، ھاياتلىقتا كۆپىنچە مۇھەببەت ئىزدىگۈچى ھىجرانغا، سۆيگۈ چاچقۇچى سەرسانلىققا، قارا نىيەتلەر دەۋرانغا ئېرىشكەن. مانا بۇنى تەقدىر ۋە جاسارەت ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش دەيمىز.

▲ ئەيش ـ ئىشرەت ئىرىكلەرنىڭ مۇزىكىلىق قەبرىستانلىقى، ئۆلگەنلەرنىڭ دەپنە مۇراسىمى.

——مۇھەممەد

ئاپتور: قەشقەر شەھىرى ئازاد جەنۇبىي يولى 114 ـ قورۇدا

* * *

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى مىللىتىمىز مەدەنىيىتىنىڭ ئۆتمۈشى، ھازىرى ۋە كەلگۈسىنى چولپان كەبى نۇرى بىلەن يورىتىپ كۆرسەتمەكتە. ئەمدى گەپ ھەر بىرىمىزنىڭ ئۆزىمىزنى تونۇشىدا قالدى.

▲ تائام ـ ماددىي موھتاجلىقىنىڭ، ئېتىقاد ـ مەنىۋى موھتاجلىقىنىڭ كاپالىتىدۇر.

▲ رەقىبىڭنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراشنى ئەمەس كۆزىگە تىكىلىپ قاراشنى ئۆگەن. يۈرىكىڭدىكى قۇدرەت كۆز نۇرۇڭ ئارقىلىق ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسى تارىم، جۇڭغار، تۇرپان چۆللىرىدىكى ھاياتلىق بۇلاقلىرىغا ئوخشايدۇ. بۇ بۇلاقلار بۇ تەشنا زېمىننىڭ چاڭقىغان قەلبلىرىنى قاندۇرغۇسى.

▲ ئەمگەك جىسمىڭنى تاۋلايدۇ، تەپەككۇر روھىڭنى.

▲ بىزنىڭ زىيالىيلىرىمىز ئىلمى بىلەن ئېتىقادىنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرالىغان بولسا ئىدى، مەھمۇد كاشغەرىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بوۋىلىرىمىزدەك دۇنياۋى نەتىجىلەرنى قايتا ياراتقان بولار ئىدى.

▲ تېلېۋىزوردىكى بىر قىسىم ھاياسىز كۆرۈنۈشلەر ـ ئاتا ـ ئانىلار بىلەن پەرزەنتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھايا پەردىسىنى ھەر كۈنى ئاز ـ ئازدىن سۆكۈپ تۈگەتمەكتە.

——نەسىۋە قاسىم (جۇرئەتسىز)

ئاپتور: غۇلجا ناھىيە «ياشلار» دېھقانچىلىق مەيدانى 2 ـ ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇرۇمدىن ئىككى تامچە

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ ھەر بىر سانىنى تەقەززالىق بىلەن قولۇمغا ئېلىپ، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ۋىجدانى ئويغاق قەلەمساھىبلىرىنىڭ ئۆزگىچە پىكىر، مەزمۇنلار بىلەن يۇغۇرۇلغان ئەسەرلىرىنى كۆرگىنىمدە، ئۆزۈمنى باشقىچە بىر دۇنياغا بېرىپ قالغاندەك ھېس قىلىمەن ھەم ئەتراپىمدىكى قولىغا بىرەرتال ژۇرنال ئېلىشقىمۇ «ۋاقتى يوق» ساۋاقداشلىرىمغا: «كۆرۈپ قويۇڭلار، بۇگۈنكى دۇنيادا نېمە ئىشلار بولۇۋاتىدۇ، بىلىپ قويۇڭلار» دېگۈم كېلىدۇ.

▲ مۇستەقىل كۆز قارىشى بولمىغان ئادەم يىلتىزى يوق قامغاقتۇر.

——پەرىدە ئەلى ھوشۇر

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى مائارىپ ئىلمى ئىنستىتۇتى يەسلى مائارىپى 2002 ـ يىللىق 5 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر ھاسىلاتى

▲ بىزنىڭ ۋە كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ مەدەنىيەت چۈشەنچىسىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللار ئىچىدە ئەڭ گەۋدىلىك بولغىنى، مېنىڭچە، تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى پروگراممىا ئورۇنلاشتۇرغۇچىلىرىنىڭ مەدەنىيەت توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى بولسا كېرەك.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ ئوقۇرمەنلىرىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلەلىگەن بولساق، بىزدە تەپەككۇرغا ئەھمىيەت بېرىدىغانلارنىڭ قانچىلىكلىكىنى بىلەلىگەن بولاتتۇق.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسىدىكى ئاپتورلارنىڭ ئىسمىلىكىگە قاراپ تەپەككۇر بىزدە شىمالدا ئۇنىۋېرسىتېت ـ

www.uyghurkitap.com

ئىنستىتۇتلاردا، جەنۇبتا بولسا ھەر ساھە ئىشچى، دېھقان، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلاردا كۆپرەك بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم.

▲ ناھىيىلىرىمىزدىكى سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ ئارتىسلىرى يىلدا بىر قېتىم «مەدەنىيەتنى يېزىلارغا يەتكۈزىمىز» دەپ ئويۇن قويۇپلا باشقا ئىش يوق يۈرگىچە، مەكتەپلىرىمىزدە سەنئەت ئوقۇتقۇچىسى بولغان بولسا، سەنئىتىمىز تېخىمۇ يۈكسەلگەن بولاتتى.

## ئاجىزلار پەلسەپىسى

ھەقىقەت ئېگىلىدۇ، سۇنمايدۇ.
زامان ساڭا باقمىسا، سەن زامانغا باق.
ئېشەكنىڭ كۆتىگە ئاپتاپ چۈشسە قولۇڭنى ئىسسىت.
مۈشت كۆتۈرگەندىن قورق.
گويىناشىڭ ئەرباب بىلەن، ئەرباب سالار ھەرباب بىلەن.
يەكچەشمىنىڭ شەھىرىگە بارساڭ، بىر كۆزۈڭنى قىسىۋال.
پادىشاھنىڭ ئەمرىنى تۇتماق ۋاجىب.
ئۆزۈڭنى بىل، ئۆزگىنى قوي؛ كۆتۈڭنى قىس، يولۇڭغا ماڭ.

—ئابلىز قۇربان

---

ئاپتور: بۈگۈر ناھىيە ئاقسارايى يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ خەلق ئېچىلىپ تۇرغان ئالقان، ئۇ تۈگۈلگەندە ھاكىمىيەت بولىدۇ. شۇڭا خەلق بىلەن ھاكىمىيەت بىر گەۋدىدۇر.

—ئەسقەر ئىدرىس

---

ئاپتور: جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچى قىسىملىرى قىزىلسۇ چېگرا مۇداپىئە ئارماق ئەترىتى توپا ج خ چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش پونكىتىنىڭ تەكشۈرگۈچىسى

▲ سىز رادىئو ئاڭلايمەن دېسىڭىز، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ «خەيرلىك سەھەر» پروگراممىسىنى تىڭشاڭ، كىتاب كۆرمەكچى بولسىڭىز «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى ئوقۇڭ.

—مىربۇللا رەجەپ

---

ئاپتور: خوتەن ناھىيە توساللا يېزا جالالباغ كەنتىدە، دېھقان

## تەپەككۇر تىۋىشى

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇرى كۆزى» سەھىپىسىدىكى ھەر بىر تەپەككۇر دۇردانىسى يالغۇزلۇقتىكى دوستقا، چاڭقىغاندىكى سۇغا ئوخشايدۇ.

▲ قىممەت ياراتقۇچىلار ئالدى بىلەن ئۆز قىممىتىنى ھېس قىلغۇچىلاردۇر.

▲ مايمۇنلارنىڭ ئادەمگە ئايلانغىنى ئادەملەرنىڭ تەسەۋۋۇرى ئىدى. لېكىن ئادەملەرنىڭ مايمۇنغا ئايلانغىنى تارىخنىڭ يەكۈنى بولدى.

—ئابدۇسالام ھوشۇر (تۇرتېكىن)

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى بىئو ـ خىمىيە فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەپەككۇرىمىزنى ئۆلچەيدىغان ئادىل تارازا.

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ھەقىقىي مەدەنىيەت تەپەككۇرلىرى دەرس-خانىسى.

▲ مەن باشقا ژۇرناللارنى بىر قېتىم ئوقۇسام، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى بىرنەچچە قېتىم ئوقۇيدىغان بولدۇم. چۈنكى بۇ ئۇنىڭ سەرخىللىقىدا...

▲ تارىختىن ساۋاق شۇكى، يەر سىلكىنسە، ئادەملەر ھوشىنى تاپقان، خەلق سىلكىنسە، مۇستەبىت ھۆكۈمدار ھوشىنى تاپقان.

▲ قۇشلارنىڭ ئىنسانلار توپىدىن قېچىشى، ئىنسانلاردىكى مېھىر ـ شەپقەتنىڭ ئاجىزلاشقانلىقىدا.

—ئەسەد ئىمىنجان

---

ئاپتور: نىلقا ناھىيە 2 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى

## ئاچچىق ھەقىقەتلەر

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى دېھقانلىرىمىزنى ئېتىزدىن ئوقۇرمەنلەرنىڭ قەلب تۆرىگە باشلاپ كىردى.

▲ مىللىتىمىزدە ئەدەب ـ ئەخلاق بولمىسا، يېڭى دەۋر كىشىلىرىمىز يېڭى بىر ھايۋانلار دۇنياسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن بولاتتى.

▲ بەزى مەتبۇئاتلىرىمىزدىكى ناچار ئەسەرلەرگە قاراپ مۇھەررىرلىرىمىزدىمۇ زور ئۈمىد قالمىغان ئوخشايدۇ دەۋاتسام، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىكى ھەقىقەت مېۋىلىرى بۇ قارىشىمنى ئىنكار قىلدى.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى توپا ئاستىدىكى ئالتۇننى قازىدىغان ئارخېئولوگ.

▲ قىزلارنىڭ نادانلىقى كۆز يېشىنىڭ، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە زىيادە غەمخورلۇقى كېيىنكى پۇشايماننىڭ مەنبەسى.

▲ بىر قابىلىيەتسىز ئوقۇتقۇچى كەلگۈسىدىكى نۇرغۇن قابىلىيەتسىز ئوقۇتقۇچىنى تەربىيىلەيدۇ. مانا بۇ مىللەت ھالاكىتىنىڭ باشلىنىشى.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى خەلقىمىزگە ئېسىل مېۋە بېرىۋاتقاندا، ياۋا شاخ مېۋىلىرىنىڭ بۇ مېۋىزارنىڭ سورتىغا تەسىر يەتكۈزۈشىدىن ئەنسىرەيمەن. شۇڭا مۇھەررىر تاغىلارنىڭ پالتىنى بىلەپ سورت يېتىشتۈرۈشنى ئۈمىد قىلىمەن.

—خانزۆھرە مەمتىمىن

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش بۆلۈمى 2004 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ بەزى كىنو ـ تېلېۋىزىيە فىلىملىرىدىن باللىرى تەرىپىدىن خارلىنىپ، ئېغىر كۈنگە قالغان ئاتا ـ ئانىلارنى كۆرسەك ۋىجدانىي جەھەتتە ئازابلىنىپ، ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىپ كۆز يېشى قىلىمىز. لېكىن ئۆز ئاتا ـ ئانىلىرىمىز، قېيىنئاتا ـ قېيىنئانىلىرىمىز ئاشۇ فىلىملاردىكىدىنمۇ بەتتەر ھالەتكە چۈشۈپ قالغاندا، ۋىجدانىمىزنى يوقىتىپ كۆزىمىز كۆرمەس، قۇلىقىمىز ئاڭلىماس گاس بوپقالىمىز. مەن بۇ خىل ئەھۋاللارنى كۆرۈپ، بىزدىكى ئەڭ ئاسان كۆرگىلى بولىدىغان ھاماقەتلىكىمىز مۇشۇ بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قالىمەن.

▲ كۆپىنچە «بەش قول ئوخشاش ئەمەس» دەپ يۈرۈيدىغان كىشىلەر ئۈچۈن بۇ سۆز ئۆزلىرىنىڭ كۈچلۈكلەر ئالدىدىكى ئاجىزلىقلىرىنى ئېتىراپ قىلماسلىقتىكى باھانىسى، شۇنداقلا مەڭگۈ قالاق ھالىتىنى ساقلاپ قېلىشى ئۈچۈن ئىچكەن مەنۋى دورىسى.

▲ مەن بەش يۈەن پۇل تاپسام ئالدى بىلەن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»

ژۇرنىلىدىن بىرنى سېتىۋالىمەن، ئاندىن تاماقنى ۋە باشقا ئېھتىياجلىرىمنى ئويلىشىمەن.

ـــئەھمەت ئىبراھىم

---

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن ـ ئىقتىساد ئىنستىتۇتى 2002 ـ يىللىق 4 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲پۇل يوق... پۇل يوق، خۇدا بەرمىدى، دەپ زارلىنىۋەرمە! سېنىڭ ئويلايدىغانغا كاللاڭ، ئىشلەيدىغانغا پۇت ـ قولۇڭ، كۆرىدىغانغا كۆزۈڭ، ھەممە ئەزايىڭ ساپساقتۇ. سەن يەنە نېمە تەلەپ قىلىسەن؟...

ـــئابدۇللا خۇشرېپ

---

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە كەسپىي ـ تېخنىكا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ چارۋىچىلىق كەسپى 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲دېھقانلىرىمىزنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر مېۋىلىرى» سەرلەۋھىسىدىكى تەپەككۇر دۇردانىلىرىنى ئوقۇغىنىمدا، ئۇلارنىڭ بىر زىيالىي ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىمەن...

▲ئەرلىرىمىز ھاراق ـ تاماق تويلىرىنىڭ خېلى كۆپ ساندىكىسىنى، ئاياللىرىمىز كىيىم ـ كېچەك، زىبۇ ـ زىننەت تويلىرىنىڭ كۆپ ساندىكىسىنى بىلىدۇ. بىراق بىزنى دۇنياغا تونۇتۇۋاتقان ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ ناملىرىنى بىلىدىغانلار ئانچە كۆپ ئەمەسمىكىن، دەيمەن...

ـــتۇرغۇنئاي نەبى

---

▲ئاپتور: قورغاس ناھىيە چىگىسخوزا بازار 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇئەللىمەسى

▲پۈتۈن دىققىتىمىز بىلەن تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقاندا ئادەم بىزار بولىدىغان لاۋزا ئېلانلارنىڭ چىقىشى، خۇددى ھوزۇر بىلەن يېۋاتقان مەززىلىك تائام ئارىسىدىن چوڭ چىققاندەك ئادەمنى ھۆ قىلدۇرماقتا.

ـــمۇساجان كامىل

---

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر ئازاق يېزا يېڭىباغ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇردىن تامچىلار

▲«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى مەنىۋىيىتىمىزگە تاشلانغان سوئالدۇر.

▲ئۆتمۈش ـ بۈگۈننىڭ سايىسىدۇر، بۈگۈن ـ كەلگۈسىنىڭ ئەينىكىدۇر، كەلگۈسى ـ تەسەۋۋۇرنىڭ ئاتىسىدۇر.

▲دۇنيا تەرەققىياتىنىڭ تارىخى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بۇنىڭدىن كېيىن كۈچلۈكلەر تارىخنى ئاجىزلارنىڭ دۈمبىسىگە ئەمەس، پەرزەنتلىرىنىڭ يۈرىكىگە يازىدۇ.

▲ئازابنى سەنئەتكە ئايلاندۇرالىغان كىشى سەنئەتكار بولىدۇ.

▲رەببىم، دۈشمىنىمنىڭ زەھەرلىك تىغىدىن قورقمايمەن. چۈنكى ئۇنىڭدىن دوستلۇق ئۈمىدى كۈتمەيمەن. ئەمما يېقىنلىرىمنىڭ كۆرۈنمەس تىغلىرىدىن قورقىمەن، چۈنكى ئۇلارنىڭ قاچانلاردا تىغ سانجىشىنى سېزەلمەيمەن.

▲ئۆزگىچە تەسەۋۋۇر، ئۆزگىچە پىكىر، ئۆزگىچە تەنقىد، ئۆزگىچە تەربىيە ئۆزگىچە خاراكتېردىن كېلىدۇ.

▲بۈگۈنكى دۇنيا ۋەزىيىتى ۋە «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى»دىن شۇ نەرسە ئايانكى، بۇرۇنلاردا زېمىننى ئىستېلا قىلىش كۈچلۈك ھېسابلىناتتى، ھازىر روھىيەتنى ئىستېلا قىلىش كۈچلۈك ھېسابلىنىدىغان بولدى.

▲بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى ئاياللارنىڭ يەزىلىتىدە ئىپادىلىنىدۇ.

▲غۇرۇر ئىككى خىل بولىدۇ: بىرى، چىن غۇرۇر، يەنە بىرى ساختا غۇرۇر. چىن غۇرۇر ھەرقانداق ئىشقا يول قويالىدىمۇ ماڭغان يولىدىن قايمايدۇ. ساختا غۇرۇر باشقىلار كۆتۈرگەندە، ئۇچۇرغاندا شەكىللىنىدۇ. ئالدىنقىسى مەئلۇبىيەت ۋە جاپا ـ مۇشەققەتتە تىكلەنگەن بولسا، كېيىنكىسى مەقسەت ـ مۇددىئا ۋە پۇرسەت ۋاستىدە تىكلىنىدۇ.

▲كۆڭۈل قارىلايدۇ، سۆيگۈ ئاقلايدۇ.

▲ئەي، بۇ ئالەمگە ھەيران قالغۇچى، ياراتقۇچىنى كونا ئەقىدىلەر ئارىسىدىن ئىزدىمەي، ئىلغار پىكىرلەر ئارىسىدىن ئىزدە!

▲ھەقىقەتنى ھەقىقەتكە موھتاجلار ئەمەس، بەلكى ھەقىقەتنى بىلىدىغانلار دېيەلەيدۇ.

▲«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا دېھقانلارمۇ ھېكمەت سۆزلىيەلەيدۇ.

ـــرۇقىيە ئابلىكىم

---

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر 6 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئەدەبىيات مۇئەللىمەسى

## نىجاتلىق شاماللىرى

▲تۇپراقنىڭ ئۇلۇغلۇقى سۇ بىلەن، ئادەمنىڭ بۈيۈكلۈكى روھ بىلەن.

▲تەنھا ئادەملەرنى سەل چاغلىماسلىق كېرەك، ئۇنىڭ قەلبىدە نۇرغۇن ھەمراھى بولۇشى مۇمكىن. توپ ئىچىدىكى ئادەملەرنىڭ دوستى كۆپ دەپ ئويلاش توغرا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ بىرمۇ ھەقىقىي دوستى بولماسلىقى مۇمكىن.

▲زامانىۋىلىققا ئىگە بولمىغان جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى باشقا بىر جەمئىيەت كونترول قىلىپ تۇرىدۇ. قېرىلارنىڭ زامانغا ماسلىشىشىنى ياشلار كونترول قىلىدۇ.

▲باشقىلار تەرىپىدىن ئالدىنىش ئازاب ئەكەلسە، ئۆزىنى ئۆزى ئالداش ۋەھىمە ئەكېلىدۇ.

ـــئابدۇمەجىد مەمتىمىن (نىجاتكار)

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى ئەدەبىيات كەسپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲بىزنىڭ غەربلىكلەرنى دورىشىمىز ئۇلارنىڭ زورلىشىدىنمۇ ياكى روھىي دۇنيايىمىزنىڭ پورلىشىشىدىنمۇ؟

▲چىرايلىق قىزلارنى بەزلەيدىغان پۇلدار ئەرلەر بىلەن پۇلدار ئەرلەرنى ئىزدەيدىغان «تويماس» قىزلار مۇناسىۋىتىنى ئويلىسام، پوق يەيدىغان مېنەت چىۋىنلەر ئېسىمگە كېلىدۇ.

▲ئۆزۈڭگە ئىشەنچ قىلالمىغان تۇرۇقلۇق خەقتىن ئۈمىد كۈتكىنىڭ نېمىسى؟

▲سەن ئۆزۈڭنى تەرىپلەش ئۈچۈن كۆپ سۆزلەپ ۋايىم يېمىسەڭمۇ، ئەمەلىيىتىڭ سېنى ئەڭ ياخشى تەرىپلەيدۇ.

ـــياقۇپجان ئەخمەت (مۇڭداش)

---

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە پوچاقچى يېزا ئوتتۇرا ياغاچچى كەنتىدە، دېھقان

## ھايات تىنىقلىرى

▲ناۋادا بەختسىز دېيىشكە توغرا كەلسە، ئۆز تەپەككۇر قۇشىغا ئۆزى قەپەس بولۇۋالىدىغان ئادەمنى مىسال كەلتۈرسەك خاتا بولماس.

▲ئەجدادىدىن پەخىرلىنىپلا يۈرۈش ـ ئەۋلادىنى چەكسىز ھەسرەتكە پاتۇرىدىغان تۈيدۈرماس ئەيىپتۇر.

▲ تەپەككۇردىكى يېڭىلىقنىڭ بارلىققا كەلگەن ۋاقتى - مەرىپەت ئانىسىنىڭ قورساق كۆتۈرگەن ۋاقتىدۇر.

▲ 15 - ، 16 - ئەسىرلەردە ئەجدادلىرىمىز سىرتتىن كەلگەن سوپى - ئىشانلارنىڭ يالغان پەتىۋالىرىغا ئىشىنىپ، ئۇلارنى پەيغەمبەرلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن بولسا، ھازىر بىز سىرتتىن كەلگەن تاشلاندۇق مەدەنىيەت ۋە چەت ئەللەرنىڭ بەزى كىنو - تېلېۋىزىيە فىلىملىرىدىكى چولپانلىرىغا شۇنداق چوقۇنۇۋاتىمىز. ياشا، زامانىۋى قۇللۇق، سەن ئۆزلۈكىنىڭ كىملىكىنى تونۇمىغۇچە.

▲ زىيالىيلار - مىللەت ئىدېئولوگىيە بايرىقىنى مىللەتنىڭ گۈللىنىش ياكى خارابلىشىش مەيدانىدا چىقارغۇچى ئادەملەردۇر.

▲ جەمئىيىتىمىزدە قانۇن ئارغامچىسىنى ئادالەت بىلەن پۇل ۋە ھوقۇق ئۆزئارا تارتىشىپ رىقابەتكە چۈشۈپ كەتتى.

▲ مېڭە بوتۇلكاڭنى قاتتىق بىر سىلكىۋەتكىن، تەپەككۇر دانىچىلىرى قۇرۇق خىيالنىڭ تېگىگە چۆشۈپ قاپتۇ.

▲ سەن بۇگۈندىن ئىبارەت ۋاپادار ئايالىڭغا يۈزسىزلىك قىلىدىكەنسەن، ئەتىدىن ئىبارەت پەرزەنتىڭ تەرىپىدىن گېلىڭغا قىلىچ تەگلەنمەي قالمايدۇ.

—ئىمىن تاجى

---

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

## سەبىي تۇيغۇلار

▲ يىگىتلەرنىڭ ۋىجدانسىزلىقى قىزلارغا بەختسىزلىك ئەكەلسە، قىزلارنىڭ ۋىجدانسىزلىقى يىگىتلەرگە دەرد - خورلۇق ئەكېلىدۇ.

▲ ئوغۇللارنىڭ غۇرۇرى، قىزلارنىڭ نومۇسى دەپسەندە قىلىنغاندا كۆز يېشى قىلىدۇ.

▲ بۈگۈنكى بالا ئەتىكى بۆشۈككە پاتمايدۇ. ئويغان! ئويلان! بىلىشىڭ كېرەككى، يىلانمۇ يىلدا بىر قاسراق تاشلايدۇ.

▲ دۈشمىنىڭ مىڭ ئېغىز ھاقارەتلىسە، دوستۇڭنىڭ بىر قېتىم دىلىڭنى رەنجىتكىنىدەك ھېسسىياتقا كەلمەيسەن.

▲ دۇنيادا بىرلا يۈزى بار نەرسىنى كۆرمىدىم.

—پاتىگۈل رەھمان

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى 2001 - يىللىق 11 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## يۈرەكتىكى غەۋغا

▲ ئائىلە ئىشلىرى بىلەن كۆپ شۇغۇللىنىدىغان ئەرلەرنىڭ قولىدىن چوڭ ئىشلار كەلمەيدۇ. ياكى بولمىسا كەسپتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ.

▲ مېھىر - مۇھەببەت دېگەن سۆزنىڭ ئارىسىغا قاچانلاردىن سىزىق تارتىپ ئۇلارنىڭ چېگرىسىنى ئايرىۋەتتۇق، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مېھىر دېگەن بۇ سۆز ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىمىزگە قارىتىلىدىغان، مۇھەببەت دېگەن بۇ سۆز قىز - يىگىتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە قارىتىلىدىغان بوپكەتتى.

▲ كىچىكىدىن ئاچا - سىڭىللىرىنى ھۆرمەتلىمەيدىغان ئوغۇل كەلگۈسىدە بىر بولسا خوتۇنىدىن قورقىدىغان، ياكى بولمىسا خوتۇنى بىلەن كۈندە ئۇرۇشۇپ، چىقىشالمايدىغان ئەر بوپقالىدۇ.

—مەردان قۇربان (ئوتقاش)

---

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ ئۆز تەقدىرىنى باشقىلارغا ئامانەت قويغان كىشى، باشقىلارنىڭ قولىغا ئايلانغان كىشىدۇر.

▲ موھتاجلىق - ھەر قانداق كىشىنى باغلايدىغان روھىي ئارغامچا.

▲ چەت يېزا - قىشلاقلاردىن كەلگەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ شەھەر تۇمانلىرىغا تېزلا سىڭىپ كىرىشى، «مانتا كۆرمىگەن قىلغىنەرنىڭ قاسقانغا دۈم چۈشكىنى» بىلەن ئوخشاشلا ئىش.

▲ جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن شۇ جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۆزئارا تەتۈر تاناسىپ بولۇپ، پىشانىنىڭ رولىغا ئوخشايدۇ.

▲ بېكىنمىچىلىك - مىللەتنىڭ بوينىغا سېلىنغان روھىي كىشەن.

—ئۆمەرۇللا خەلىل

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى ئەدەبىيات كەسپى 2002 - يىللىق 1 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «مەدەنىيەت بوستانى» پروگراممىسىنى سۆھبەتلىشىش ۋە مۇنازىرە سورۇنىغا ئايلاندۇرۇپ، مەشھۇر ئادەملىرىمىز، تەتقىقاتچى - ئالىملىرىمىزنى تەكلىپ قىلىپ، خەلقىمىزگە «مەدەنىيەت» ئۇقۇمىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىشكە تىرىشىۋاتقانلىقى، تېلېۋىزورنىڭ «سېلبۇزۇر»لۇقتىن، خەلققە يېقىنلىشىپ، «سېلھۇزۇر» لۇققا تاشلىغان دادىل قەدەملىرىنىڭ بىرىدۇر.

▲ قىلماقچى بولغان سۆزۈڭنى دەل جايىغا كەلتۈرۈپ قىل، بولمىسا سۆزلىرىڭ خۇددى تېلېۋىزوردىكى توختىماي قايتىلىنىدىغان ئېلانلاردەك كىشىنى بىزار قىلىدۇ.

▲ دوستلۇقۇڭغا سېخىيلىق بىلەن پۇل خەجلەۋاتقان چېغىڭدا ئاتا - ئاناڭ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭنى ئويلاپ كۆر، ئۇلارنىڭ يېمەك - ئىچمىكى، ئۇستىۋېشى قانداق؟

▲ ئەنئەنىۋى ئەخلاق - پەزىلەتلىرىمىز بۇرۇن ئۆزىمىزدە ئىكەنتۇق، ھازىر كىتابلارغا يېزىلىپ ساقلاپ قويۇلىدىغان ھالەت شەكىللىنىۋاتىدۇ.

—ئەبەيدۇللا نىزام

---

ئاپتور: شىخو شەھەر 6 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «مەدەنىيەت بوستانى» پروگراممىسى ئېكران ئارقىلىق ئەۋلادلارنى ئەجدادلارغا تونۇشتۇرىدىغان ئۈزۈلمەس رىشتە، مىللىي مەدەنىيەت، جۈملىدىن مىللىي ئەنئەنىنى بارغانسېرى جۇلالاندۇرۇپ يول كۆرسىتىدىغان نۇرلۇق مەشئەل.

---

ئاپتور: ئۇرۇمچىدىكى بىر ئاددىي كۆرۈرمەن

▲ ھاياتلىق مۇساپىسى قانچىلىك ئۇزۇن بولغانسېرى تۇرمۇشنىڭ يولىنى چۈشىنىشمۇ شۇنچىلىك تەس بولىدىكەن.

—سەففىيەگۈل نەسىر

---

ئاپتور: توقسۇن ناھىيە يىلانلىق يېزا ئاقتاغ كەنتىدە، دېھقان

## ھارارەتلىك قۇرلار

▲ تەلەپنىڭ ئېشىپ كېتىشى كۆپىنچە ھاللاردا ۋاز كېچىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

▲ھازىردىن باشلانغان ئىشلا بىزنىڭ قەتئىي نىيەتكە كەلگەنلىكىمىزنىڭ دەلىلى.

▲بىر ئادەمنىڭ بەختسىزلىكى ئۆز ئۆلكىدىكىگە قانائەت قىلماسلىقتىن باشلىنىدۇ.

▲قايتا ـ قايتا يول قويۇۋېرىش مېنى دۇنيادىكى ئەڭ بىچارە ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويدى.

▲ ئازاب قەلبىڭنى چوڭقۇر ئۆرتىگەن چاغدىلا ئۆزۈڭنىڭ نېمىنى يوقىتىپ قويغانلىقىڭنى ھەقىقىي ھېس قىلالايسەن.

▲ ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىغا رازى بولمىغانلار باشقىلارنىڭ تۇرمۇشىغا ھەۋەس قىلىدۇ.

▲غۇرۇرلۇق ئادەم ھوقۇققا ئېرىشەلمىسىمۇ، ئەمما ھۆرمەتكە ئېرىشەلەيدۇ.

▲ئامالسىزلىقتىن قىلىنغان سۈكۈت ئەڭ ئازابلىق سۈكۈتتۇر.

▲ئۈمىدسىزلەرچە كۈتۈش مەغلۇبىيەتتىن دېرەك بېرىدۇ.

▲ قانداق ئادەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سېنى رەقىب ھېسابلىغان ئادەمنى سەنمۇ رەقىب ھېسابلا.

▲ باشقىلاردىن ئەمەس، پەقەت ئۆزىدىنلا ئاغرىنىدىغان ئادەمدىنلا ئۈمىد كۈتۈشكە بولىدۇ.

ـــئەركىن ئابدۇكېرىم

---

ئاپتور: جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچى قىسىملىرى قەشقەر ۋىلايەت چېگرا مۇداپىئە تارماق ئەترىتى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيە شىڭگۇەن چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىسىدا

* * *

▲ھازىرقى دەۋر مائارىپىمىزدا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ياشلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئوقۇغۇچىلار قانداق ياسىنىشتىن ئىبارەت بىر «يېڭىچە» بىلىمنى جان ـ دىل بىلەن ئۆگىنىمەكتە.

▲كىشىلەر پۇل ھەممىگە قادىر ئەمەس دېيىدىكەن، ئەمما پۇل بولمىسا ئەركىنلىكنىڭ ئۆزى بىر سەرگەردانلىق ئىكەنلىكىنى كىم ئويلاپ باقتى؟

ـــتۇرسۇنشاھ ئامانشاھ

---

ئاپتور: جىڭ ناھىيە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئۇيغۇر 3 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر تامچىلىرى

▲ئەگەر دوستلۇقىڭنى ئۇزاققىچە داۋاملاشسۇن دېسەڭ، دوستلىرىڭنىڭ مەنسەپ تۇتۇپ باي بولۇشىنى ئۈمىد قىلما.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى نېمە ئۈچۈن بۇنچە ئابرۇيلۇق بوپكەتتى؟ چۈنكى ئۇ ھەربىر تەپەككۇر ئىگىسىنىڭ ساداسىنى جەمئىيەتكە يەتكۈزدى.

▲دۇنيادا ئىلىم ـ پەن ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ئالىملار ئەسىر ھارۋىسىغا چىقىپ بولغانلار، تىرىشىپ ئۆگەنگۈچىلەر ئەسىر ھارۋىسىنىڭ ئارقىدىن يۈگۈرەۋاتقانلاردۇر.

ـــمۇھەممەتجان ئۆمەر

---

ئاپتور: كونىشەھەر ناھىيە ئاۋات يېزا ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ ھاياتنىڭ قەدرىنى دوختۇرخانىلارنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈملىرىگە بېرىپ بىل.

▲ ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ـ دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇشنىڭ مۇقەددىمىسى.

ـــئالىم ئابلىمىت

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى 2002 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## ئاپىرىن ...

تەشنالىق بىلەن كۈتكەن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2004 ـ يىل 6 ـ سانىنى قولۇمغا ئېلىپ، تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم تايماسنىڭ ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ تۈنۈگۈن ۋە بۈگۈنكى ئىشچان، لىۋەن، لاتاپەتلىك، ھايالىق خىسلەت ـ پەزىلىتى بىلەن نومۇسسىز، ھاياسىز، ئەخلاقسىز... تەرەپلىرىنى ئىخچام قىلىپ يورۇتۇپ بەرگەن «ئىككى ئايال» ماۋزۇلۇق ھېكايىسىنى ئوقۇپ، ئاپتورغا چىن دىلىمدىن سەممىي رەھمەت ئېيتتىم.

## ئوغرى

▲ئىلگىرى قىزلار چىن سۆيگۈ دەپ ئەزىز جانلىرىنى قۇربان قىلاتتى. ھازىر قىزلار مۇھەببەت دەپ ئىپپەت ـ نومۇسنى قۇربان قىلماقتا.

ـــمۇھەببەت جاپپار

---

(«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2003 ـ يىل 6 ـ سان)

▲ ئىلگىرى قىزلار مۇھەببەت ئۈچۈن ھاياتىنى قۇربان قىلاتتى، ھازىر مۇھەببەت ئۈچۈن ئىپپىتىنى قۇربان قىلىدىغان بولدى.

ـــئابدۇسالام ھوشۇر

---

(«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2004 ـ يىل 6 ـ سان)

مانا بۇ مەڭگۈلۈك ـ ئۇنتۇلغان ئادەم قىزغىن سۆيۈپ، ئوقۇپ كېلىۋاتقان سۆيۈملۈك دوستىمىز «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا ئاشكارا ھالدا قىلىنغان ئوغرىلىق!

* * *

▲ ئەرلەر ئايالىنىڭ پاك بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ پاك ياكى ئەمەسلىكىنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ.

ـــئابابەكرى ئابدۇقادىر تەنھا

---

▲ئاپتور: قاراقاش ناھىيە كۆيا يېزا پاۋان كەنتىدە، دېھقان

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ مەلۇم ھۆكۈمنىڭ قۇرۇلمىسى، شەكلى، مەزمۇنىدىن ھالقىپ تەپەككۇر يۈرگۈزۈش پەيلاسوپچە تەپەككۇر بولىدۇ.

▲ئۆزىنىڭ كىملىكى، قەدىر قىممىتى، ياشاشنىڭ مەنىسىنى بىلمەي ياشاش ـ قۇرۇق ئايلانغان تۈگمەن تېشىغا ئوخشايدۇ.

▲ئادەمنىڭ مەنىۋىيىتىنى غەپلەت باسقاندا جىسمىغا قۇرت چۈشىدۇ.

▲كۆرۈش كۆزنىڭ بېشارىتى بولسا، ئەمەل قىلىش ئەقىلنىڭ ئىشارىتى.

▲ غەزەپتە بولۇپ ئەقىلنى ئىشقا سالماسلىق بىھۇدە ھەرىكەتتۇر، خالاس گۇماندا بولۇپ ئىشەنچتە تۇرالماسلىق كېرەكسىز مەقسەتتۇر.

▲ مۇزىكا بىلەن ئۇسسۇل قاپلىغان كىشىلەر توپى چۈش بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى توپتۇر.

ـــئابلەت ئابلىمىت

---

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە كاۋاك يېزا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ بوۋام، مومامنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئاڭلىمىغان ئاكا ـ ھەدىلىرىم «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ مۇبارەك بەتلىرىدىن ئۆزلىرىنى تونۇۋالدى. مېنىڭچە، بۇ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ ئالاھىدە شۆھرىتى بولسا كېرەك.

▲ مەن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىن نۇرغۇن بىلىمگە ئىگە بولدۇم ھەم ھەرقانداق كۆزى ئوچۇق، تەپەككۇرى ئويغاق ئادەمنىڭ ئويلاش، يېزىش، تەپەككۇر قىلىش ھوقۇقى بولىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتىم. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى راستىنلا مىللىتىمىزنىڭ ئابىھايات بۇلىقى ئىكەن.

—رىزۋانگۈل مۇسا

---

ئاپتور: چەرچەن ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ يۈرىكىم سېغىنىش ئىچىدە كۈتىدىغان، ھاياجان ئىلكىدە تىپىرلايدىغان، قولۇم تىترەپ تۇرۇپ تۇتىدىغان، كۆزلىرىم ئويلىنىش ئىچىدە يىغلايدىغان، ئوقۇپ ـ ئوقۇپ قانمايدىغان، كېلەركى سانىنى تۆت كۆزۈم بىلەن كۈتىدىغان نەشرى ئەپكار ـ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى.

▲ ئۆزىنى تونۇمايدىغان، قەلبداش، مۇڭداش، سىرداش، مەنزىللىرىمىز بىر بولغان دوستلىرىم بىلەن پاراڭلىشىدىغان تور بېتىم ـ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدۇر.

▲ دېموكراتىيە، ئادىللىق، ھەققانىيەت ۋە پۇلنىڭ كۈچىنى بىرەر ئىشىڭنى ئۆز يولىدا پۈتتۈرەلمىگەندە ئاندىن ھېس قىلىسەن.

▲ تارىختىن مەلۇمكى، قەھرىمان ياش تۆكۈش بىلەن ئەمەس، قان ـ تەر ئاققۇزۇش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەن.

▲ ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىش ـ تاملىرى چىرايلىق، جەلپكار بېزەلگەن دوزاخ دەرۋازىسىدىن كىرگەنلىك.

▲ ئەرلەر پۇلنىڭ كۆپلۈكىدىن، ئاياللار پۇلنىڭ يوقلۇقىدىن بۇزۇلىدۇ.

▲ ھەقىقەتنى كۈچلۈكلەر يارىتىدۇ، ئاجىزلار سېغىنىدۇ.

▲ دوستۇڭنىڭ قانداقلىقىنى ئۇنىڭ سەندىن زىيان تارتقان چاغدىكى ھالىتىدىن بايقايسەن.

▲ بىراۋ سېنى ئاۋۋال كېيىمىڭدىن، ئاندىن تىلىڭدىن قايسى مىللەت ئىكەنلىكىڭنى پەرقلەندۈرىدۇ.

▲ ئۆز قەھرىمانلىرىدىن قۇسۇر تاپقان مىللەت ـ قۇللۇقنى راۋا كۆرگەن مىللەتتۇر.

—ئەسقەر ھوشۇر

---

ئاپتور: بورتالا شەھىرى چىندىل يېزا رادىئو ـ تېلېۋىزىيە پونكىتىنىڭ خىزمەتچىسى

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق»ى مېنىڭ ئىستىخىيىلىك ھالدا ژۇرنال ۋە گېزىتلەرنىڭ كەينى بېتىدىن ئوقۇيدىغان ئادىتىمنى ئۆزگەرتتى. چۈنكى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئادەمنى بىزار قىلىدىغان قۇرۇق چاقىرىق ۋە ئېلان بەتلىرىدىن يىراق.

—دىلىيار تاھىر

---

ئاپتور: تېكەس ناھىيە قوۋا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ ھەر بىر يېڭى سانىنىڭ تېزرەك چىقىشنى شۇنداق تەلمۈرۈپ كۈتىمەنكى، خۇددى يىراق سەپەرگە كەتكەن ئانامنى سېغىنىپ كۈتكەندەك. چۈنكى ئانام كېلىپلا ئانىلىق مېھرىنى بىزگە يەتكۈزسە، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ ھەر بىر سانى بىزگە ئادەمىيلىك، ئادىللىق، ئىنسانىي تەپەككۇر قىلىشنى ئۆگىتىدۇ ئەمەسمۇ؟!

—ئابدۇكېرىم جۇماخۇن (تىمرسا)

---

ئەپسۇس، ئاپتور ئەسىرىگە ئادرېسىنى يېزىشنى ئۇنتۇغان

▲ تارىختىن مەلۇمكى، بىلىملىكلەرنىڭ چەتكە قېقىلىشىنىڭ سەۋەبى، بىرى ھۆكۈمرانلارنىڭ مۇستەبىتلىكى، يەنە بىرى، خەلقنىڭ نادانلىقى.

▲ نوپۇس كۆپەيگەنسېرى نومۇس كېمىيىۋاتىدۇ.

—ئىلھامجان مەخمەت ئېلچىن

---

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 ـ يىللىق 6 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ تەرەققىياتنىڭ يەنە بىر مەنىسى نېمە؟

—تەبىئىيلىكتىن چەتنەش

▲ ئىشەنچ سۇسلىشىۋاتقان مۇشۇنداق كۈنلەردە «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا ئىشىنىپ مۇشتەرى بولۇۋاتقانلارنىڭ كۆپىيىۋاتقانلىقىدىن، ئىشەنچنىڭ تېخى تولۇق يوقالمىغانلىقىغا چىن دىلىمدىن سۆيۈندۈم.

▲ سېنى ۋە مېنى كەڭ ئاپتور دوستلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش پۇرسىتىگە نائىل قىلىدىغان «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا يەنە بىر قېتىم تەشەككۈر!

—«قارا يۈز»

---

ئاپتور: ئوقۇغۇچى

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى، بولۇپمۇ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسىنى ئوقۇغانسېرى ئەتراپىمىزدىكى ئىشلار ۋە ئۆزۈمنىڭ ئۆتمۈشى، بۈگۈنى ھەمدە ئەتىسى ھەققىدە ئويلىنىدىغان بوپقالدىم. بەلكىم ئۆزۈمنى ۋە بۈگۈنكى دۇنيانى چۈشىنىش ئۈچۈن ئىزدىنىۋاتقان بولسام كېرەك.

▲ بەزىلەر ئاياللارنى ئەرلەر يولدىن چىقاردى، دېيىشىۋاتىدۇ، يەنە بەزىلەر ئەرلەرنى ئاياللار يولدىن چىقاردى دېيىشىۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە روھى زەئىپلەشسە ھەركىم ئۆزىنى ئۆزى يولدىن چىقىرىدۇ.

—قۇمۇل ئۇبۇل

---

ئاپتور: ئاقسۇ ۋىلايىتى تاشيول باش ئۇچاستكىسىنىڭ خىزمەتچىسى

## تەپەككۇر تامچىلىرى

▲ تارىخ ھەممىگە ئادىل ھۆكۈم چىقارسىمۇ، ھېچكىم ئۇ ئۈچۈن كۆز يېشى قىلىپ قويغان ئەمەس.

▲ ناخشا ـ رەھىمسىز رېئاللىقنىڭ چۈشىدۇر.

▲ ئاجىزلىق كەچۈرمىشىدىن تېنىۋالغانلار ئاجىزلارنى كەمسىتىدۇ.

▲ بەزى ئادەملەر سىرتتا، بەزى ئادەملەر ئۆز ئۆيىدە تىلەمچىدۇر.

▲ غايە ـ گۈزەل ئارزۇدۇر، ئېتىقاد ـ رەزىللىكنى چۈشەنگەن غايىدۇر.

▲ چىن مۇھەببەت ـ كىشىلەر مەڭگۈ ئېرىشەلمىگەن مۇھەببەتتۇر.

▲ مۇتەپەككۇرلارنىڭ نىدالىرى جان بېقىش پەلسەپىمىزنىڭ مەسخىرە ئوبيېكتىغا ئايلانماقتا.

▲ قىز ـ ئاياللارنى بۇزۇلۇپ كەتتى دەپ تىللاشتىن ئىلگىرى ئۆز قىز ـ ئاياللىرىنى تۈزۈك باشقۇرالمىغان يارىماس قەۋمنى تىللاش كېرەك.

▲ تارىخىي شەخسلەر ھايات چېغىدا ئۆز ئارزۇسى بويىچە ھەرىكەت قىلسا، ئۆلگەندىن كېيىن باشقىلارنىڭ ئارزۇسى بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ.

▲ سادىدلىق _ بۆرىنىڭ قوي يېمەيدىغانلىقى ھەققىدىكى قەسەمگە ئىشىنىشتۇر.

▲ تارىخ _ بۈگۈننىڭ كۆلەڭگۈسىدۇر.

▲ كىشىلەر ئۆزىنى ئۇيغاتقان ئادەمنى ئەمەس، پەپىلەپ ئۇخلاتقان ئادەمنى ياخشى كۆرىدۇ.

▲ مۇھەببەت—چىن ئىرادىلىكلەرنىڭ ئۇلۇغ داستانى، چاكىنىلارنىڭ ئويۇنى ۋە يەڭگىلتەكلەرنىڭ كۆز يېشىدۇر.

▲ نورمالسىز بازار ئىگىلىكىدە ھوقۇقمۇ شەخسنىڭ خۇسۇسىي مۈلكىگە ئايلىنىدۇ.

▲ نادانلار ئىككى خىل بولىدۇ: بىرى، خەققە ئاسانلا ئىشىنىدۇ، يەنە بىرى، ھەتتا دادىسىغىمۇ ئىشەنمەيدۇ.

▲ لۇشۇن ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ شۇنى بىلدىمكى، ئۆز قەۋمى ئۈچۈن ئازاب چېكىۋاتقان كىشىلەرنىڭ تاماشىسىنى كۆرۈش _ نادانلىقنىڭ بىردىنبىر بەلگىسىدۇر.

▲ تارىختىن مەلۇمكى، بەگنىڭ پۇتىنى سۆيگەن مالاي بەگنىڭ پۇتىنى سۆيۈشنى خالىمىغان مالايلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ.

▲ تارىختىن مەلۇمكى، نادان مىللەت ۋە تەنتەك قىزلار ئۇخشىشىپ كېتىدۇ. شېرىن _ شېكەر گەپ _ سۆزلەرنى ئاڭلىسىلا خۇدىنى يوقىتىپ قويىدۇ.

▲ ھەقىقەت ئىككى نەرسىگە موھتاج. بىرى، ھەقىقەتنى ھېس قىلىدىغان سەممىيەت، يەنە بىرى، ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلىدىغان جۈرئەت.

▲ چوڭ كېسەل نادانلىق، ئاۋارە بولغاننىڭ پايدىسى يوق، كېسەلنىڭ يىلتىزى ساقايمىسا، ئەگەشمە كېسەللىكلەر قانداقمۇ ساقايسۇن.

▲ بىر _ بىرىنى ئادەم قاتارىدا كۆرمەيدىغانلار باشقىلارنىڭ كۆزىگە ئادەم قاتارىدا كۆرۈنۈشنى خام خىيال قىلمىسۇن.

▲ كىشىلەر ئۆزى تەلپۈنگەن مۇھەببەتكە ئېرىشەلمىگەنلىكى ئۈچۈن مۇھەببەت ناخشىسى ئېيتىدۇ.

▲ بىر _ بىرى بىلەن ئۆچەكىشىپ ياشايدىغان كىشىلەر ئىتتىپاقلىشىدىغان بىر جاي راستىنلا بار. ئۇ جاي _ قەبرىستانلىق.

▲ شائىرلار ئىككى خىل بولىدۇ: بىرى، خەلق شائىرى، يەنە بىرى، ئوردا شائىرى. باشقا خىلدىكى شائىرلار ئاشۇ ئىككى مەنزىل ئارىسىدىكى تېگىر قاۋاتقان يولۇچىلاردۇر.

▲ كۆز ئالدىڭىزدىكى دەر پەردىنى قايرىۋېتىشكە جۈرئەت قىلالىسىڭىزلا (ھادىسىدىن ماھىيەتكە ئۆتۈپ) ھەقىقەتنى كۆرۈسەن.

—ئەخمەت مۇھەممەت (ساك)

ئاپتور: ئۇچتۇرپان ناھىيە تېلېگراف شۆبە شىركىتىنىڭ خىزمەتچىسى

## تەپەككۇر ھاسىلاتلىرى

▲ تارىختىن ساۋاق شۇكى، چىرىكلەشكەن جەمئىيەت چاك كەتكەن تامغا ئوخشايدۇ.

▲ تارىختىن ساۋاق شۇكى، نادان كىشىنىڭ تەختكە ئولتۇرغىنى—خەلقنىڭ بەختىگە ئولتۇرغىنى.

▲ سەن ناھەقچىلىككە ئۇچرىغاندىلا ھەقىقەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىسەن.

▲ ھەقىقىي ئوغۇلبالىنىڭ يۈرىكى ئۆز خەلقىنىڭ يۈرىكى بىلەن تەڭ سوقىدۇ.

▲ ھەقىقىي ئەخلاقلىق كىشىلەرگە ئەڭ تەس كېلىدىغىنى يالغان سۆزلەش.

▲ ئەگەر دەۋرىمىزدىكى مەرىپەت ئاسمىنىدا ھەممىگە يول كۆرسەتكۈچى بىر يورۇق يۇلتۇز بار دەپ قارالسا، ئۇ شۈبھىسىزكى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدۇر. چۈنكى ئۇنىڭدا خەلق قەلبىگە خاس ھەقىقىي مەردانە تەپەككۇر ئوتلىرى لاۋۇلداپ تۇرىدۇ.

—ياسىنجان ئوبۇل

ئاپتور: شىخو شەھەر 2 _ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 _ يىللىق 3 _ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## كۆڭۈلدىكى سۆزلەر

▲ ئوغۇل ساۋاقداشلىرىمغا شۇنى دېگۈم كېلىدۇ: بەش يۈەنگە «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىن بىر سان ئېلىپ ئوقۇغاننىڭ، ئون يۈەنگە بىر بوتۇلكا «شوربۇلاق» ھارىقى ئېلىپ ئىچكەندىن كېيىنكى ۋاتىلداشقا قارىغاندا، «كەيپ»ى نىڭ كۆپ ياخشىلىقىنى بىلگەن بولساڭلار، ھالىمىز بۇنچىلىك ناچارلاپمۇ كەتمەس ئىدى.

▲ ھەدېسىلا مىللىي مەدەنىيەت ئۈستىدە ھارماي گەپ سېتىپ يۈرگەنلەرگە شۇنى دېگۈم كېلىدۇ. روزا ۋە قۇربان ھېيتتا تون _ ياغلىقلارنى ئارتىپ، دوپپا _ تۇماقلارنى، خۇرۇم ئۆتۈكلىرىڭىزنى كىيىپ ئۈچ كۈن ھېيتلاپ باقتىڭىزمۇ؟

▲ يول _ يوللاردا يەتتە _ سەككىزى بىر بولۇپ ئۆز قېرىندىشىنى رەھىمسىزلەرچە ئۇرۇپ _ تېپىپ كېتىۋاتقان بىز خەقنى كۆرسەم، تارىختىكى ئېچىنىشلىق تراگېدىيىلەر كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ.

▲ پراكتىكا مۇناسىۋىتى بىلەن ئىچكىرىدىكى بەزى ئۆلكە، مەركەزگە بىۋاستە قاراشلىق چوڭ شەھەرلەردە زىيارەتتە بولۇش داۋامىدا ئۇ يەردىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ شەرمەندىلەرچە قىلىقلىرىنى كۆرۈپ، خەقنىڭ ھەدېسىلا بىزنى كۆزگە ئىلماسلىقىدىكى سەۋەبنى تاپقاندەك بولدۇم.

—ئەزىز تۇرسۇن

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ سەن دۇنياغا بىر تال ئۇرۇق سوۋغا قىلساڭ، دۇنيا ساڭا بىر دەستە گۈل سوۋغا قىلىدۇ.

—سەپەرۇپ بەندۇك

ئاپتور: تاجىك، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيە پەلدىر باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر

▲ ھۆسن _ چىرايىنى جۇرە تاللاشنىڭ يولى قىلىۋالما، جەمئىيەتكە نەزەر سالغىنكى، نۇرغۇنلىغان بەختسىزلىكنىڭ سەۋەبچىسى ھۆسن _ چىراي بوپقالغان.

▲ شەرەپ _ غەلىبىگىلا قارىتىلماستىن، ھەققانىيەت يولىدىكى نۇرغۇن مەغلۇبىيەتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

▲ ئۆزاقىچە ھوقۇق تۇتۇشتىكى ئەگكۈشتەر _ ئاۋام خەلقنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىش.

▲ بوي _ تۇرقۇڭنىڭ قاۋۇللۇقىغا قاراپ ئۆزۈڭنى ئەر ھېسابلىما، جەمئىيەت داشقىلىغا ئايلىنىۋاتقان پەرزەنتلىرىنىڭ ھالىغا قاراپ، ئاندىن ھۆكۈم چىقار.

—ئىسمائىل كېرەم

ئاپتور: قۇمۇل «ئالتۇن قاپاق» سودا شىركىتىنىڭ خىزمەتچىسى

www.wyglukitap.com

## ▲«تەپەككۇر مېۋىلىرى»گە قاراپ ئالا بولغان غورىلار

ئاپتوردىن: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ ئېسىل نازۇ - نېمەتلىرىنى 13 يىلدىن بېرى يەۋېرىپ «مەڭگۈلۈككە قۇۋۋەت ۋە خىجىللىق» قىزىللىقى يۈگۈردى. شۇڭا مەنمۇ بىر قاچا ئوماچ ئېتىشنى خالاپ قالدىم.

▲ئاياللار ئاجىزلىقىدىن بىر كاچاتقا پايلىمىغىنى بىلەن، «لىپ - لىپ» بېمىشلىرى بىلەن سانسىز ئەركەكنى قىيناپ نىمجان قىلسا، يۇمران - نازۇك بىلىكلىرى ئىنسان بۆشۈكىنىلا ئەمەس، دۇنيانى تەۋرىتىدۇ.

▲ئۆرۈكتىن مېغىزى تاتلىق بولغاندەك، ئاتا - ئانا ئۈچۈن بالىدىنمۇ نەۋرە تاتلىق بولىدۇ.

▲ئۆز ۋاقتىدا يىگىتىمگە يالۋۇرغاندا، ئاتا - ئانامغىمۇ بىرەر قېتىم يالۋۇرۇپ قويغان بولسام، بۈگۈنكى كۈندە ئۇلار ئالدىدا تىلىم بۇنچىلىك قىسقا بوپقالمايتتى؛ ئۆز ۋاقتىدا ئاتا - ئانامغا ۋارقىرىغاندەك يىگىتىمگىمۇ بىرەر قېتىم ۋارقىراپ قويغان بولسام، ئۇ بۈگۈنكى كۈندە بۇنچىلىك ھەددىدىن ئاشماستى.

▲ مەكتەپلەردىكى ھاجەتخانا تاملىرى بەتقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېلان - تەشۋىقات، ئۇچۇر كۆزنىكى.

▲ئەرلەر ئاياللاردىن كۈچلۈك بولغىنى بىلەن ئاياللاردەك چىداشلىق ئەمەس؛ ئەرلەر ئاياللاردىن باتۇر بولغىنى بىلەن، ئاياللاردەك ئەستايىدىل ۋە سەۋرچان ئەمەس.

▲دەرەخنى كەسسە كۆتىكىدىن نوتا كۆكلەپ چىققاندەك، ئوقۇغۇچىلار ئۈستىدىكى ئالۋاڭ - ياساقنى ئازايتىمىز دەپ پارتىيە - ھۆكۈمەت ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىتاب، ئوقۇش پۇلىنى كۆتۈرۈۋەتسە، مائارىپ ئىدارىسى، مەكتەپ، كىتابخانا ۋە نەشرىياتلار بىلەن بىرلىشىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بوغچىسىنى ئېغىرلاشتۇرىدىغان كىتابلارنى زورلاپ ساتماقتا.

▲شامال كىچىك دەرەخنى لىڭشىتقان بىلەن، چوڭ دەرەخنىڭ ئۇچىنىلا لىڭشىتالايدۇ.

—گۈلزار ئابدۇۋەلى (ياۋاگۈل)

---

ئاپتور: قاغىلىق ناھىيە چاھارباغ بازار كۆلباغ مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمىسى

## تەپەككۇر ئۆزۈندىلىرى

▲ئادەم ئىككى خىل ئەھۋالدا يالغانچى بولىدۇ: بىرى، ئىمان - ئېتىقادىدىن ئايرىلغاندا، يەنە بىرى، قەرزگە بوغۇلغاندا.

▲ئاتا - ئانىلار «ئەركىن مۇھەببەت»نى توغرا چۈشەنگەن كۈندىن باشلاپ قىزلىرىمىز ئىپپەت - نومۇسى، ئوغۇللىرىمىز ۋىجدان - نومۇسى بىلەن كارى بولمايدىغان بوپقالدى.

▲ھازىر باللىرىمىزنى «تورخانا» نابۇت قىلسا، ئاتا - ئانىلىرىمىزنى «رېستوران» نابۇت قىلماقتا.

▲يەرنى ساتقان دېھقان - ۋىجدانىنى ساتقان دېھقان.

▲ئادەم روھىنى ئېتىقاد پاكلايدۇ، تەپەككۇر سەگەكلەشتۈرىدۇ، قۇرۇق خىيال بىخۇدلاشتۇرىدۇ، مەردانە ھەرىكەت جەسۇرلاشتۇرىدۇ، نامەردلىك قورقۇنچاق قىلىدۇ، تەۋەككۈلچىلىك باتۇر قىلىدۇ، جۈرئەتسىزلىك كەينىدە قالدۇرىدۇ، ھايا ئىپپەتلىك - نومۇسچان قىلىدۇ.

▲ «بىزنى خۇدا شۇنداق ياراتقان» دېگەن ئىدىيىدىكى كىشىلەر ھازىرقى دەۋرىمىزدىكى ھەقىقىي ماڭقۇرتلاردۇر.

▲ھاراقكەش، قىمارۋاز، بىخۇد ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆپىيىشى كەلگۈسى ماتا-

رىنىڭ ئۇلۇغۋارلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

—ئابلاجان ئابلەت

---

ئاپتور: كۇچاڭ ناھىيە ئۇماچاڭ يېزا ئۆيغۇر مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ روھى جەھەتتىن زەئىپلەشكەن دادا تەربىيىلىگەن بالا مىللەت ئىچىدىن چىققان ماڭقۇرت بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ.

▲ھەرقانداق مىللەت مۇنداق ئەھۋالدا باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ: 1. ئالىملىقتا، 2. زالىملىقتا، 3. نادانلىقتا، 4. سەرسانلىقتا...

—ئىمىنتوختى توختباقى (سىزگۈر)

---

ئاپتور: كۇما ناھىيە زاڭگۇي يېزا قۇمبوي كەنتىدە، دېھقان

## ھايات تىنىقلىرى

▲باشقىلارنى كونترول قىلىش سېنى ھۆكۈمرانغا ئايلاندۇرسا، ئۆزۈڭنى كونترول قىلىش سېنى ئىنسانلارنىڭ ئاقىلى - سەرخىلىغا ئايلاندۇرىدۇ.

▲ تارىخ بىزگە ئىلھام، مەدەت بېرىدۇ، ئىپتىخارلاندۇرىدۇ، بۈگۈن مەجبۇرىيەت يۈكلەيدۇ، كەلگۈسى بىزنى ئۈمىدۋارلىق ۋە خىرىسقا تولدۇرىدۇ.

▲قىينچىلىق ئىرادىنى، بايۋەچچىلىك ھېسسىياتنى تاۋلايدۇ.

▲قانۇن جىسمىڭنى باشقۇرىدۇ، روھىڭنى ئېتىقاد.

▲قانۇننىڭ كەمتۈكلىكى، ئۇنىڭ بۇزۇقلارنى جازالاش، يامان ئىشلارنى تۇتۇش بىلەنلا بولۇپ، ياخشى كىشىلەرنى، ياخشى ئىشلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش دائىرىسىگە كىرگۈزمىگەنلىكىدە.

▲تەپەككۇرنىڭ كۆپىنچىسى قايغۇلۇق ۋاقىتلاردىن ھاسىل بولىدۇ.

▲ئافاق خوجا خەلقىمىز ئارىسىدا ئېتىقاد كرىزىسىنى قالدۇرۇپ كەتكەن بولسا، بىز ئەۋلادلارغا ئېتىقاد كرىزىسىگە قوشۇپ ئەخلاق كرىزىسىنى قالدۇرۇپ كېتىدىغان ئوخشايمىز.

مۇشۇنداق كېتىۋەرسەك، ئەۋلادلارغا قالدۇرىدىغىنىمىز ئەنئەنىدىن ياتلىشىش بىلەن شارابخورلۇق بوپقېلىشى مۇمكىن.

▲ژۇرنالىستلار «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىن، گېزىتچىلەر «ئۇرۇمچى كەچلىك گېزىتى»دىن ئۆرنەك ئالسا بولغۇدەك.

—ئابلەت ياسىن

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى چوڭلار مائارىپى ئىنستىتۇتى ئىنگلىز تىلى 2002 - يىللىق 4 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ تۇرلۇك «قۇۋۋەت تالقانلىرى»نى ئىچىپ ئارامлиق تاپمىغان تېنىمنىڭ ئاغرىشىغا «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىن ئىبارەت بۇ ئېسىل مەلھەم مەنىۋى جەھەتتىن داۋا بولماقتا.

▲ئىلگىرى ئۆزۈمنى يېگانە ھېسابلايتتىم، مانا ھازىر «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى بىلەن تونۇشقاندىن بۇيان ئۇ يولۇمغا يولداش، ئوي - پىكرىمگە سىرداش، ئىلھامىمغا قولداش بوپكەلمەكتە.

—ساجىدە مىجىت

---

ئاپتور: قەشقەر شەھەر شەھەر باشقۇرۇش، ئۇنىۋېرسال قانۇن ئىجرا قىلىش چوڭ ئەترىتىنىڭ قانۇن ئىجراچىسى

## تەپەككۇر تامچىلىرى

▲ سەھەر ئورنىدىن تۇرۇش، بەدەن چېنىقتۇرۇش تەنگە، روھقا سىڭىنغان

مەبلەغ بولسا، هاراق، تاماكىغا بېرىلىش ئۆزى ئۇچۇن گۆر كولاش، قاتىل ياللاشقا سېلىنغان مەبلەغدۇر.

▲ ئالەمدە ئىككىنچى قۇياش مەۋجۇد دېيىلسە، ئۇ دېھقانلارنىڭ قەلبىدۇر.

▲ خەلق ئىنكاسىدىن ئۈستۈن ھەقىقەت يوق.

▲ ئەر ـ ئايال ھوقۇقتا باراۋەر دېگەننىڭ مەنىسىنى ھەقىقىي چۈشەنمىگەنلىكتىن، ئەرلەردە جاسارەت، ئاياللاردا نازاكەت تەدرىجىي يوقىلىۋاتىدۇ.

ــــئابلىكىم ئابدۇرەھمان

---

ئاپتور: ئۇنسۇ ناھىيە قىزىل بازار ئوتتۇرا مەكتىپى تولۇق 3 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر غەليانلىرى

▲ ئەرلەر يىغا ئارقىلىق ئۆز ئوبرازىنى يەرگە ئۇرىدۇ، ئاياللار يىغا ئارقىلىق ئۆز نازاكىتىنى ئىپادىلەيدۇ.

▲ بىز گۈزەللىككە مەپتۇنمىز، ۋەھالەنكى ھەقىقىي گۈزەللىك ئالدىدا كورمىز. بىز شۇ سەۋەب ساختىلىققا مەھكۇممىز.

▲ مەن سېنىڭ يازمىلىرىڭنى كۆرۈپ پەرىشتىمكىن، دەپ گۇمان قىلغانىدىم. ۋەھالەنكى، قىلمىشلىرىڭدىن ئىبلىسلىقىڭنى مۇقەررەرلەشتۈردۈم.

▲ ھەر قانداق ئادەم ئاچچىقلانغان چاغدىلا ئۆز ماھىيىتىنى ئاشكارىلايدۇ.

▲ خاتالىقلارنى تۈزىتىشنى ئەتىگە قويۇشنىڭ ئۆزىمۇ يېڭى ئۆتكۈزۈلگەن بىر خاتالىق.

▲ ھەسەت ـ كىشىنى بىزدە ئالغا ئىنتىلدۈرەلەيدىغان ئىجابىي رولى بار سەلبىي خۇلقتۇر.

ــــنۇرمۇھەممەت ئابدۇرەھمان

---

ئاپتور: يېڭىسار ناھىيە ساغان يېزا ئاچال كەنتىدە، دېھقان

* * *

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى بىز دېھقانلارنىڭ يۈرەك سۆزلىرىگە كەلگەندە ھازىرلاپ بەرگەچكە، دېھقانلار دائىم شۇنداق دېيىشىدۇ: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ھەقىقەتكە تويۇنغان ھېكمەتتۇر!

ــــقۇربانجان يۈسۈپ

---

ئاپتور: يېڭىسار ناھىيە ساغان يېزا يېڭەنكۆل كەنتىدە، دېھقان

## كۆڭۈل سۆزۈم

مەن كىچىكىمدىن خېنزۇ مەكتەپتە ئوقۇغان. كۆرىدىغان كىتابلىرىم ئاساسەن خەنزۇچە، ئۇيغۇرچىنى يامداپ ئوقۇيمەن.

بىر كۈنى تاسادىپىي قولۇمغا چۈشۈپ قالغان «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىكى «تەپەككۇر مېۋىلىرى»نى ئوقۇپ يۈرۈپ، ئىختىيارسىز بۇ ژۇرنالغا قىزىقىپ قالدىم. شۇنىڭ بىلەن ژۇرنالنىڭ 2005 ـ يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولدۇم. ئۆزۈمنى قايتا تونۇشۇمغا ياردەم بەرگەن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا رەھمەت ئېيتىمەن.

ــــكەۋسەر مەھمۇت

---

ئاپتور: ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى سودا ـ سانائەت بانكىسىنىڭ خىزمەتچىسى

## تەپەككۇرۇم سۆزلەيدۇ

▲ ئاۋات شەھەرلەردىن تارتىپ چەت ـ يىراق سەھرالارغىچە كېزىپ يۈرگەن؛ كاتتا مەنسەپدار، زىيالىيلاردىن تارتىپ نامرات دېھقان، ئاددىي ھۈنەرۋەن، كاسىپ، مەدىكارلارغىچە تالىشىپ ئوقۇۋاتقان؛ تەشۋىقاتسىز، داغدۇغىسىز، داۋراڭسىز ھالدا ئۆزىدىكى ئاجايىپ سېھرىي كۈچنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئاۋامنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ كېلىۋاتقان بىر نەشرىي ئەپكار بار. ئۇ بولسىمۇ سۆيۈملۈك «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدۇر.

▲ قانۇن بوش بولسا پۇقرانى بۇزىدۇ، ئەر بوش بولسا ئايالنى بۇزىدۇ.

▲ ئارزۇ ـ ئارمىنىمغا يەتتىم دېگۈچە، تۆلىگەن بەدەللىرىمنىڭ ھالاۋىتىنى كۆردۈم، دېگىن.

▲ سارغايغاننى يوقسۇز، ئۈنچىقمىسا كەمسۆز، يالغۇز يۈرسە يالغۇز دېمىگىن، ئۇلارنىڭ بېشىغا قانداق قىسمەتلەرنىڭ كەلگەنلىكىنى ياراتقۇچىنىڭ ئۆزى بىلىدۇ.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىكى مۇھەررىرلەرنى تولىمۇ بەختلىك دېگۈم كېلىدۇ. چۈنكى مەزكۇر ژۇرنال ئېرىشكەن شان ـ شەرەپلەر ئەڭ ئاۋۋال ئۇلارغا مەنسۇپ.

▲ ھازىر توي قىلىۋاتقان قىزلىرىمىز تويلۇق سۈرەتكە چۈشكەندە ئۇچىسىغا خرىستىئان خېنىملىرىنىڭ كۆڭلەكنى كىيىۋالغىنى ئاز كەلگەندەك، بىر قىسىم قىزلىرىمىز بارماقلىرىغا ئۈزۈن يالغان تىرناق سېلىپ سۈرەتكە چۈشىدىغان بوپتۇ. توۋا، ئۇلارنىڭ «غەرىبكە ساياھەت» فىلمىدىكى جىن ـ شاياتۇن بولغۇسى كەلگەن ئوخشايدۇ.

ــــبەختىيار ھاكىم

---

ئاپتور: تېكەس ناھىيە بازىرى مالىيە پونكىتىنىڭ خىزمەتچىسى

## تەپەككۇر ئۈنچىلىرى

▲ مەنىۋى ئاچلىق ـ غاپىل ھاياتنىڭ ئانىسى.

▲ ئېتىقادنىڭ ئوزۇقى ـ پىكىر، پىكىرنىڭ مەنبەسى ـ ئەمەلىيەت.

▲ بوۋاقلىرىمىزنىڭ ئېغىزلىرىغا ئېمىزگە سالغىنىمىز، ئۇلارغا كىچىكىدىن باشلاپ يالغانچىلىقنى ئۆگەتكىنىمىز بولماي نېمە؟!

▲ بىزدە ۋاقىتنىڭ قەدرى بولمىغاچقا، جەمئىيەتتە ئۆزىمىزنىڭمۇ قەدرىمىز بولمايۋاتىدۇ.

▲ ھەممە ئىش ئادەمنىڭ ئويلىغىنىدەك بولسا ئىدى، دۇنيادا بەختسىز ئادەملەر قالماس ئىدى.

▲ بىز ھەر ۋاقىت شارائىتتىن قاقشايمىز ـ يۇ بىراق شارائىتنىڭ ئېرىنچەكنى ئىزدەپ كەلمەيدىغانلىقىنى ئەسلا ئويلاپ قويمايمىز.

▲ قورسىقىڭ ئاچ قالسا جۇدەپ قالىسەن، روھىڭ ئاچ قالسا يولدىن چىقىسەن.

ــــروزىتوختى نائىپ

---

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە ئۈرچى يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ خەنزۇتىلى ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ نۇرغۇن نەرسە سۇنئىيلىشىۋاتقان بۈگۈنكىدەك كۈندە ئەڭ ساپ ھەم ئەڭ پاك نەرسىدىن دېھقاننىڭ چىش ئالدىدىكى تەبەسسۇملا قالدى، ئېھتىمال.

▲ ژۇرناللارنى ئۇيغۇ دورىسى دەۋەرمىگىن. قولۇڭغا بىر سان «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى چىقىپ قالسا، ئۇنى ئوقۇپ تۈگەتمىگۈچە شېيتىنىڭ غالىب كېلەلمەيدۇ. ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇيقۇنىڭ بىھۇدە ۋاقىت ئىسراپچىلىقى ئىكەنلىكىنى، تەپەككۇردا ئويغىنىش كېرەكلىكىنى تەبىئىي ھېس قىلىسەن.

▲ قەلبى ئېتىقاد ۋە ئىلىم بىلەن سۇغۇرۇلمىغانلارنىڭ كۆڭلى لاۋا ـ لەش،

يۈرەكلىرى سۇنۇقمۇ مەش، كۆز ئىشىدىن كۆزى قەش، نادانلىققا قويالمايدۇ پەش، ئىشلىرىدا كۆرۈنمەس كۈللەش، بۇنداقلارنى دەيمىز گەدەنكەش!

—سەيدەئەخمەتجان ئابدۇقادىر

---

ئاپتور: قاغىلىق ناھىيە مىللىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3- يىللىق 9- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ كىشى ئۆزىنىڭ نېمىگە قىزىقىدىغانلىقىنى بىلمىگىنىدە، ئۇنىڭ ئۆزىنى چۈشىنىشىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.

▲ ئەگەر ئۆزۈڭ ئىگە بولغانلىرىڭنى قەدىرلەشنى بىلگەن بولساڭ، بۈگۈنكىدەك پۇشايمانغا قالمايتىڭ.

—پەرزىلەت تەلئەت

---

ئاپتور: سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى 3- ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2- يىللىق Aسىنىپ ئوقۇغۇچىسى

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىكى «تېپەككۇر مېۋىلىرى»نىڭ بېزىلىرى بىر ھېكايە، بىر پوۋېست ھەتتا بىر رومانىنىڭ مەزمۇنىغا تەڭ تۇرالايدۇ.

—ھەبىبۇللا لېتىپ

---

ئاپتور: پىچان ناھىيە پىچان يېزا كىچىك باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ سېنىڭ قىممىتىڭ چەتكە قېقىلىۋاتقان سورۇندىن ئامال بار ئايرىلىشقا تىرىشقىن.

—مۇتەللىپ ئۆمەر

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى قانۇن- سىياسىي فاكۇلتېتى قانۇن كەسپى 2001- يىللىق 3- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى سەممىيلىكنىڭ پاتقىقىغا مىنىۋالغان ساختىپەزلەرنى، مەردلىكنى قالقان قىلىپ ھايات كۆچۈرۈۋاتقان نامەردلەرنى، ئىنساب- ئەقىدىلەرنى ئاياغ ئاستى قىلىۋاتقان ئىنسابسىزلارنى، پۇلنى ياراتقۇچىدىن چوڭ بىلىپ چوقۇنۇۋاتقان ئازغۇن- گۇمراھلارنى، رىقابەت ئورنىغا ھەسەتنى قوبۇل قىلغان تار مەنپەئەتپەرەسلەرنى، قانۇننى قايرىپ قويۇپ ئۆز رايىنى ئۆلچەم قىلغان ئادالەتسىز- زوراۋانلارنى كۆرۈپ تۇرۇپ سۈكۈت قىلمىشنى خالىمىغان ئەقىل ئىگىلىرى ۋە مېھنەتكەش خەلقنىڭ دۇئاسىغا ئېرىشىۋاتقان ئەڭ ئاممىباب ژۇرنال

—نۇرمۇھەممەد ئوبۇل (جەڭگىۋار)

---

ئاپتور: قەشقەر شەھىرىدە، ساتراش

▲ ئېرىشكەنلىرىمىزدىن يوقاتقانلىرىمىزنىڭ كۆپ بولۇشى، دەل بىزنىڭ ھالاكەت بايرىقىنى كۆتۈرۈۋالغان ۋاقتىمىزدۇر.

—تۇرسۇنجان يۈسۈپ

---

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە كەسپىي- تېخنىكا تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## يېگانە تۇيغۇلار

▲ ئالا كۆڭۈل ھەر دائىم ساڭا خۇشامەت قىلىپ ساداقەتمەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. سەن ئۇنىڭ ئۆزۈڭدىن تۆۋەن مەنسەپتىكى كىشىگە مۇئامىلە قىلىشىغا قاراپ كۆزەت ياكى ئۇنىڭ كۆڭلىگە بىرەر قېتىم ئازراق ئازار بەرگىن، شۇندىلا ئۇنىڭ ماھىيىتىنى بىلەلەيسەن.

▲ كىچىك باللارغا كۆيۈنمىگەن كىشى ۋاپاسىزلىق قىلىشتىن قورقمايدۇ.

▲ ئەي قىز، «سېنى ياخشى كۆرىمەن» دەپ ساڭا زىيادە كۆڭۈل بۆلگەن يىگىتتىن ھەزەر ئەيلە، ئېھتىيات قىل. چۈنكى ھەرىمۇ ئادەم بەدىنىگە قونۇپ تۇرۇپ ئاندىن چاقىدۇ.

▲ جاھاندا كىشىلەرگە يالۋۇرۇشتىن قىيىن ئىش يوق.

▲ سەن ئۆزۈڭنى بەك چوڭ بىلىپ كەتمە، سۆيگۈڭنى ھەققىي ئىنسانغا بەر، بولمىسا كېيىن پۇشايمان قىلىسەن. چۈنكى پۇرسەت كەتسە كەلمەيدۇ.

▲ قىزلار كۆڭلى خالىغان ئىشلاردىمۇ نازلىنىپ، ئەتىۋار بولۇشنى ئويلايدۇ.

▲ سەن تۆھپەڭنى كۆز- كۆز قىلما، چۈنكى گۆھەر توپىدا بولسىمۇ كىشىلەر ئۇنى ئىزدەپ ئەتىۋارلايدۇ.

—ئابدۇلئەلى يۈسۈپ

---

ئاپتور: گۇما ناھىيە دۇۋا بازار ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇر چېقىندىلىرى

▲ مىللەتنىڭ تىلىنى بىلمەي تۇرۇپ دىلىنى بىلىمەن دېيىش قۇرۇق گەپ. چۈنكى تىل- دىلنىڭ ئىنكاسىدۇر.

▲ بىرسى قاۋىماستىن ئېسىلغان ئىتتىن، يەنە بىرسى ئىچ سىرىنى بىلگىلى بولمايدىغان كىشىدىن قورق. ھەر ئىككىلىسى سېنى تۇيۇقسىز ئوڭدا قويىدۇ.

▲ دېھقان تەۋرىسە ئەل تەۋرەيدۇ، دېھقان ئويغانسا مىللەت ئويغىنىدۇ. دېھقانلارنى ئويغىتىش- ماختاش، ھېسداشلىق قىلىشتا ئەمەس، بەلكى ئاچچىق ئەمەلىيەت ئارقىلىق ھەقىقەتنى تونۇتۇشتا.

▲ يۈرەك پارىسى بولغان باللىرىنى جەڭگە ئۇزىتىپ ھەقىقەت ئۈچۈن ياشا، دېگەن ئانىلارنىڭ بۈگۈنكى كۈندە باللىرى ئوقۇشقا ماڭسىمۇ ھوشنى يوقىتىپ ياش تۆكۈشى- ئانىلار روھىي قاتلىمىدىكى يامان سۈپەتلىك ئۆزگىرىشنىڭ ئادىي ئىپادىسى.

## كىتابخانىدا تۇغۇلغان ئويلار

▲ مەن كىتابخانىدىكى توپا باسقان كىتابلارنى كۆرۈپ، كىر باسقان روھىيىتىمىزنى كۆرگەندەك بولدۇم.

▲ مەن ئەل سۆيگەن يازغۇچىمىز مەمتىمىن ھوشۇر ئەپەندىنىڭ «قۇم باسقان شەھەر» رومانىنى قولۇمغا ئالسام، ئۇ ماڭا روھىيىتىمىزنى غەپلەت باسمىغان بولسا شەھىرىمىزنى قۇم باسمىغان بولاتتى، دەپ پىچىرلاۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى.

▲ كىتابخانا- روھقا خىتابخانا.

▲ كىتابخانىدىكى كىتابلارنىڭ سېتىلىشى ماگىزىنلاردىكى گىرىم بۇيۇملىرىنىڭ سېتىلىشىدىن تېز بولغان بولسا، كىشىلەر تېخىمۇ تېگىدىن گۈزەللەشكەن بولاتتى.

▲ دۇنيادىكى ئىشلارنى ئاسمان جىسىملىرىغا ئوخشاتساق، كىتابخانا رەسەتخانىغا، كىتاب ئاسمان جىسىملىرىنى كۆزىتىدىغان تېلېسكوپلارنىڭ بىرسىگە ئوخشايدۇ.

—ئىبراھىم تۇنىياز ئەردۆل

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى قانۇن- سىياسىي فاكۇلتېتى 2001- يىللىق 1- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ پۇرسەت سەن قولغا كىرگۈزگەن ۋاقىتتۇر. ھالاكەت بولسا سېنى قولغا كىرگۈزۈۋالغاندىن كېيىنكى ۋاقىتتۇر.

▲ئەرنىڭ ۋىجدانى ھاراق شىرەسى ئۈستىدە جان بەردى، ئايالنىڭ بۇزۇلغان ئەخلاقى بۇ ھىجرانغا تەم بەردى...

—ئابدۇمەجىد جەلىل

ئاپتور: خوتەن ناھىيە لايقا يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇردىن ئۈنچىلەر

▲كۆلپەتلىك كۈنلەردە لەۋ چىشلىسەڭ چىشلىگىنىڭ، ھەرگىز بىراۋغا زارلىنىپ ئاھ ئۇرما!...

▲چۈشكۈنلۈك ـ كۆرۈنمەس ئەزرائىل.

▲سۈكۈت ـ روھىيەت بۆشۈكى.

▲روھىي جەڭگىۋارلىق ھامان مەۋجۇدلۇقنىڭ ئۆچمەس نامايەندىسى.

▲ئانىنىڭ ۋۇجۇدى سۈتى ئارقىلىق بالىنىڭ خۇيىغا ئايلىنىدۇ. مىللەتنىڭ ئانىسى زەئىپ ۋۇجۇد بولسا بالىسى يارىماس بولۇر...

▲تارىخ بېتىنىڭ سەھىپىسىگە قولى تىترىمىگەنلەرلا خەت يازالايدۇ!...

—ئادىلشاھ ئابدۇرەھمان

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى ئەدەبىيات كەسپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

## تۇرمۇشتىكى ھەقىقەتلەر

▲ئاچكۆزلۈك ئىنساننى بىر بولسا كېسەل ئارقىلىق ھالاكەتكە، بىر بولسا جىنايەت ئارقىلىق پالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ.

▲ دوستۇم سىزدىن سوراي، كالا سۈتى بىلەن بېقىلىپ كالىغا ئوخشاش جەز يېتىلدۈرۈۋېلىش بالىلارنىڭ گۇناھىمۇ ياكى ئانىلارنىڭ گۇناھىمۇ؟

▲نەپسىڭنىڭ ئازدۇرۇشى كۆڭلۈڭنى قاراڭغۇلاشتۇرىدۇ، جىنايەتنىڭ ئازرۇشى يولۇڭنى تارلاشتۇرىدۇ.

▲سۆزمەنلىك ـ بىلگەنلىك ياكى تەپەككۇر بولماستىن، بەلكى مەنمەنلىك.

▲يۇمشاق قۇرت نەقىشلىك تۈۋرۈكلەرنى غاجىلاپ غۇلىتىۋېتەلىسە، چىرىكلىك ھادىسىلىرى مۇستەھكەم بىر دۆلەت ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇۋېتەلەيدۇ.

▲ بىلىمسىزلەرگە ھوقۇق بېرىش ـ ساراڭلارغا چوماق تۇتقۇزغانغا باراۋەر.

▲يازغۇچى ـ شائىرلىرى يوق مىللەت ـ تىلسىز، ئەما مىللەتتۇر.

▲تارىختىن ساۋاق شۇكى، پادىشاھلىرىنىڭ ھەم پادىشاھخانىنىڭ كۆپىيىشى ـ ئەخلاقى بۇزۇلغان ئەلنىڭ تىپىك بەلگىسىدۇر.

▲ بۇرۇنقىلار: «دوست سەپەردە سىنىلىدۇ، باتۇر مەيداندا» دېگەن بولسا، ھازىرقى خېلى كۆپ دوستلار، باتۇرلار پۇلدا سىنىلىدىغان بولدى.

▲ئۆز ئەيىبىڭنى ئۆز ئاغزىڭ، ھەرىكىتىڭ بىلەن ئېچىپ تاشلايسەن.

▲ئېغىزى ئىتتىكلەر باشقىلار تەرىپىدىن ئاسانلا مەغلۇپ بولىدۇ.

—تۇنىياز ھېيت

ئاپتور: باي ناھىيە خەلق تەپتىش مەھكىمىسى خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئورۇنباسار باشلىقى

* * *

▲نادان گەپ يېمەس، ئاقىل ئارتۇق سۆزلىمەس.

—ئابدۇناسىر ئابدۇرېھىم سەئىدىي

ئاپتور: ئۇچتۇرپان ناھىيە ئىماملىرىم يېزا خەندو كەنت سەھىيە ـ ساقلىق ساقلاش، داۋالاش مۇلازىمەت پونكىتىدا دوختۇر

▲ ئەگەر «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ ھەر بىر يىللىق سانلىرىدىكى «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسىنىڭ «تەپەككۇر مېۋىلىرى» سەرلەۋھىسىدىكى تەپەككۇر ئۇزۇندىلىرىنى ئۆمرىنى كەيپ ـ ساپا، تولپىلىشىپ قارتا ئويناش بىلەن كۈنلىرىنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋاتقان بىكار تەلەپ ياشلىرىمىز ۋە بەزى كىشىلەرنىڭ قاتمال، خۇراپىي دېھقانلىرىمىزنى بىر يەرگە يىغىپ ئوقۇپ بېرىش ئىمكانىيىتى بولغان بولسا، ھاياتنىڭ قىممىتى شۇنداقلا ئۆزىنى ۋە دۇنيانى تونۇشى ئۈچۈن ئازراق بولسىمۇ ياردىمى بولار ئىدى، دەپ ئويلاپ كېتىمەن.

—ئابدۇللا

ئاپتور: تۇرپان شەھەر يار يېزا قىزىلتۇر كەنتىدە، دېھقان

ھەسەت كىشىنى ئويغىتىدۇ، راھەت ئەللەيلىتىدۇ.

—ھاجىم ئۆمەر

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى ئەدەبىيات كەسپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ خاتالىقىڭنى بىلىپ تۇرۇپ دەپ بەرمىگەنلەر، ئاخىرقى ھېسابتا سېنى ئازابلىنىپ ئۆلسۇن دېگۈچىلەردۇر.

—ئەلى روزى تەركىي

ئاپتور: شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش ئارمىيىسى يېزا ئىگىلىك 3 ـ دىۋىزىيە پېچاقسۇندى (53 ـ پولك) دوختۇرخانىسىنىڭ دوختۇرى

## تۇيغۇدىكى تامچىلار

▲ مەڭگۈ ـ كىشىلەر ئىشىنىدىغان، ئەمما ئەمەلگە ئاشمايدىغان «راست سۆز»دۇر.

▲قېلىپلىشىپ قالغان رەسمىيەت سۆزلىرىدىن، ئىختىيارىي قىلىنغان چۇۋالچاق گەپلەردە ھەقىقەت يالقۇنى بەكرەك چاقناپ تۇرىدۇ.

▲ ئەگەر كىشى قىممەت يارىتىش ئارقىلىق باشقىلارنىڭ ئارىسىدا مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇش ئىقتىدارىنى ھازىرلىمىسا، شەكسىزكى، ئۇ باشقىلارنىڭ ئۆز قىممىتىنى تىكلىشىدىكى شوتىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

▲بېسىمغا ئۇچراش قورقۇنچلۇق ئەمەس، ئەڭ قورقۇنچلۇقى، ئۇنى يوللۇق دەپ قاراشتۇر.

▲ دۆلەت تۈركۈم ـ تۈركۈم قانۇننى تۈزۈپ چىقىشتىن كۆرە، قانۇنىي ئېڭى كۈچلۈك پۇقرالارنى تەربىيىلەپ چىقىشى كېرەك.

▲ تارىختىن مەلۇمكى، كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ كۈچلۈك بولالىشىدىكى سەۋەب، ئۇلار كۈچىيىشكە باشلىغانلارنىڭ بېلىنى سۇندۇرۇۋېتىشكە ئۇستا.

▲ئېتىقادسىزلىق ـ چۈشكۈنلۈكنىڭ يىلتىزى.

▲ئەخلاق ـ كىشىلەر توپىدا ھوقۇقنى يۈرگۈزىدىغان، تەنھا قالغاندا ھەر كىم خالىغانچە دەپسەندە قىلىدىغان بىچارە ھوقۇقدار.

▲ ئىجادىيەت ـ روھنىڭ چەكسىزلىكتە، ئەركىنلىكتە، ھۆزۈرغا ئىنتىلىشى بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى چەكلىمىلەرنىڭ سۈركىلىشىدىن چىققان يالقۇنلۇق چېقىندۇر.

▲ ئىيسانىڭ كرېستقا مىخلىنىشى، برونونىڭ ئوتتا تىرىك كۆيدۈرۈلۈشى، مەشرەپنىڭ دارغا ئېسىلىشى، مەنسۇر ھەللاجىنىڭ تېرىسىنىڭ سويۇلۇشىنىڭ ھېچقانداق پەرقى يوق.

بۇ، نادان خەلقنىڭ ھەقىقەتنى تونۇش ئۈچۈن بېسىپ ئۆتمىسە بولمايدىغان يولى، خالاس.

▲ ئۇلگە قىلىش دېگەنلىك باشقىلاردىن بىر قەدەم كېيىن مېڭىش، دېگەنلىكتۇر.

▲ ئۇنى ئادايىتتۇۋاتقان ۋە كۆرەڭلىتىۋاتقان نەرسە نېمە؟ دەل سېنىڭ ئۇنىڭ دەسسىشى ئۈچۈن ھازىرلاپ بەرگەن دۈمبەڭ.

▲ روھىي جەھەتتىن كونترول قىلىنغان كىشىنىڭ چاتاق چىقىرىشىدىن ئەنسىرەش بىھاجەت.

——ھەزرەتئېلى ھېلىم

---

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە ئۆردەكلىك يېزا كورۇڭ كەنتىدە، دېھقان

## تەپەككۇردىن تامچىلار

▲ ۋىجدان ـ ئىنساننىڭ قەلب سۈرىتىنى كۆرسىتىدىغان ئەينەك.

▲ لاپنى كۆپ ئۇرغان ئادەم پالۋان ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى لاپ ئۇرۇشنىڭ ئۆزىلا بىر قورقۇنچاقلىقتۇر.

▲ ئاچچىق كەلگەندە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش دانالىقتۇر، ھاقارەتكە ئۇچرىغاندا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش نادانلىقتۇر.

▲ تارىختىن مەلۇمكى، جاھانغا ئاۋۋال ئادالەت، ئاندىن جاھالەت، ئاخىرىدا يەنە ئادالەت ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ.

▲ نادانلىق بىر كىشەن، ئۇنى بالىنىڭ پۇتىغا سالىدىغىنى بولسا، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىدۇر.

▲ نادانلىقنىڭ جېنى ئىلىمسىزلىك، تېنى بولسا خۇراپاتتۇر.

▲ نادانلار ——دەۋرنىڭ قۇللىرىدۇر.

——ئابدۇكېرىم ئامانئەلى

---

ئاپتور: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى فاكۇلتېتى 2004 ـ يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ بىز ھاراقنى بولۇشىغا ئىچىۋېلىپ ئۆزگە ئەللەرنىڭ ئەنئەنىمىز ۋە روھىيىتىمىزگە قىلچە ماس كەلمەيدىغان ناخشا ـ مۇزىكىلىرىغا پىرقىراپ ئۇسسۇل ئويناپ يۈرگىنىمىزدە، ئۇلار ئاللىقاچان ئۆز نىشانىغا يېتىش ئۈچۈن كۈرەش پىروگراممىلىرىنى تۈزۈپ بولغانىدى.

——ئامىنە موللايۇپ

---

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر ئازاق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمەسى

▲ ئەشەددىي ھوقۇقچىلىق ھۆكۈم سۈرگەن، «سىياسىي مەدەنىيلىك» بولمىغان جەمئىيەتتە ئاقىللارنىڭ مىڭبىر جاپادا ئوتتۇرىغا قويغان تەلىماتى، ئالىم ۋە ئەدىبلەرنىڭ قان ـ تەر بەدىلىگە كەلگەن ئەمگەك نەتىجىلىرىنى ئىنكار قىلىش ئۈچۈن بىرەر ھوقۇق ئىگىسىنىڭ بىر ئېغىز سۆزى بولسىلا كۇپايە.

——ئابدۇللا روزىمەت

---

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە كاۋاك يېزا خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەتچىسى

▲ تارىختىن مەلۇمكى، نادان ئۆزىنى «دوزاختا ياشاۋېتىپتىمەن» دېگەن چاغدا ئاندىن ئۇ ئەقلىگە كەلگەن بولىدۇ ھەم نادانلىقتىن قۇتۇلالايدۇ.

---

ئەپسۇس، ئاپتور ئەسەرگە ئىسىم فامىلىسى، ئادرېسىنى يېزىشنى ئۇنتۇغان

▲ پۇرسەت كەلگەندە سۇسلۇق قىلىش —— ئۆمۈرلۈك پۇشايمان قىلىشتۇر.

▲ تارىختىن ساۋاق شۇكى، بىرلا ئادەمنىڭ سۆزلىگىنى ھېساب بولۇش ھاكىممۇتلەقلىقتۇر.

——ياقۇپ ھەمدۇللا

---

ئاپتور: مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيە ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ بىر ئىشقا تۇتۇش قىلىشتىن بۇرۇن ئەتراپلىق ئويلىنىش، شۇ ئىشقا سىڭلىنغان ئىشەنچلىك دەسمايىدۇر.

▲ ئادەمنىڭ ماھىيىتىنى ئاشكارىلايدىغىنى ئۇنىڭ ھەرىكىتىدۇر.

▲ تەۋەككۈل قىلىش قارىماققا قاراملىق، ئاقىۋىتى نەتىجىدۇر.

▲ ئادەمنىڭ كۈچى، مال ـ مۈلكىنى باشقىلار ئىگىلىۋالسىمۇ، ھەتتا ئەقلىدىن پايدىلىنىۋالسىمۇ، تەپەككۇرى يەنىلا مۇستەقىلدۇر.

——ئەلجان تۇرەك

---

ئاپتور: مەكىت ناھىيە كەسپىي تېخنىكوم كومپيۇتېر سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

## تۇرمۇش تىنىقلىرى

▲ ھەي ئىنسان، قاياققا كېتىۋاتىسەن؟

——سەممىيلىكنى ئىزدەپ...

——ھىم، خاتالاشتىڭ، سەممىيلىك ئىزدەي دېسەڭ بوۋاقلار دۇنياسىغا بارغىن!

▲ بەخت ـ سەن ئېرىشەلمىگەن، ئەمما ئىزدەۋاتقان نەرسە.

▲ ئادەمنىڭ چىرايى ـ بىر ئەينەك. ئادەم ئۆز ماھىيىتىنى ھەر قانچە يوشۇرغان بىلەنمۇ ئىپادىلىنىشكە تېگىشلىك نەرسىلەر ئىپادىلىنىۋېرىدۇ.

——رۇقىيە ياسىن

---

ئاپتور: بۈگۈر ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئەدەبىيات مۇئەللىمەسى

▲ بۇرۇن كىشىلەر ئەخلاقنى ئادەمنىڭ زىننىتى دەپ بىلگەن بولسا، ھازىرقى زاماندىكى كىشىلەر داڭلىق ماركىلىق كىيىملەرنى ئادەم زىننىتى، دەپ بىلمەكتە.

▲ پۇل ـ مال ئۈستىگە قۇرۇلغان مۇھەببەت قەدىرلەنسىز پارتلايدىغان بومبىغا ئوخشايدۇ.

——رىزۋانگۈل ئابلىز

---

ئاپتور: پىچان ناھىيە لۈكچۈن بازىرى يېڭىشەھەر كەنتىدە، دېھقان

▲ بىزنىڭ ھازىرقى مۇتەپەككۇرلىرىمىزنىڭ ئەڭ چوڭ خاتالىقى، شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسىنى بىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىپ، ئىنسانلارنىڭ ھەرىكىتىنى پايدىلىق قانۇنىيەتلەرگە ماسلاشتۇرۇشقا كۆڭۈل بۆلمىگەنلىكى ۋە كۈچ چىقارمىغانلىقىدا.

▲ پەلسەپىنىڭ مەقسىتى ھەرگىزمۇ ئىجاد قىلىش ئەمەس، بەلكى شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى ئىگىلەش ئارقىلىق توغرا يولنى كۆرسىتىش.

---

ئەپسۇس، ئاپتور ئەسەرگە ئىسىم فامىلىسى، ئادرېسىنى يېزىشنى ئۇنتۇغان

## ئەبجەش خىياللار

▲ ئالىملىرى ئۇيقۇغا كەتكەن مىللەت خارابلىققا يۈزلەنگەن مىللەتتۇر. مەتبۇئاتلىرى ئۇيقۇغا كەتكەن مىللەت ھالاكەتكە يۈزلەنگەن مىللەتتۇر.

▲ ئادەملەر ئارىسىغا ئەخلاقسىزلىقنىڭ يامراپ كېتىشى ئىنسانىيەتكە دوزاخ ئوتىنىڭ تۇتاشقانلىقىدۇر.

▲ ئوغۇل بالىنى ئىككى نەرسە تاپتىن چىقىرىدۇ: 1. مېھنەتسىز، قان ـ تەرسىز ئېرىشكەن بايلىق، 2. سەتەڭلەر ھىيلىسى. ئىككى نەرسە ھالاك قىلىدۇ: 1. شەھۋانىي نەپسى، 2. ئويلىماي مەقسەتسىز بېسىلغان قەدەمى.

▲ تارىختىن مەلۇمكى، خەلق ئۈچۈن جان پىدا قىلالايدىغان قەھرىمانىنى تۇغۇدىغىنى ـ ئۇلۇغلۇقى، قەيسەرلىكى، ئىچكى جاھىللىقنى يوقاتمىغان مىللەت،

ئۇنى ئۇستۇرىدىغىنى قان ـ ياشقا تولغان تارىخنىڭ ئىغىر تىنىقلىرىدۇر.

▲ئۆملۈك بۇزۇلغان مۇھىتتا چېقىمچى، ھەسەتخور، ساتقىن مىجەز ئەۋلادلار يېتىشىپ چىقىدۇ.

—تۇرغۇن پەيزۇللا (يۇلغۇن)

---

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر كانتايلاق يېزا رادىئو ـ تېلېۋىزىيە پونكىتىنىڭ مەسئۇلى

* * *

▲ئۆزىنى بىلمىگەن ھالدا بىرەر نەرسىگە زىيادە قىزىقىش كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ۋەيرانلىقتىن ئىبارەت بوپقالىدۇ.

▲ئادەم ئۆز قىممىتىنى يوقاتقانسېرى مەنىسىز ئىشلارنى مەنىلىك ھېس قىلىدىغان، مەنىلىك ئىشلارنى ئېغىر ئالىدىغان بوپكېتىدۇ.

▲قىممىتىنى تاپمايدىغان ئادەملەر ھامان ئۆز خاتالىقلىرى ئۈچۈن سەۋەب ئىزدەپ يۈرىدۇ.

▲شېئىرىي ھېسسىياتتىكى ساختىلىق شېئىرنىڭ ئۆلۈمى، شائىرنىڭ ماتەمى.

▲ئادەملەرنىڭ بىلىمىگە قاراپ باھا بېرىش ۋاقتى ئۆتۈپ كەتتى، ئەمدى ئادەملەرنىڭ ئىنسانلىق پەزىلىتىگە قاراپ باھا بېرىش باشلىنىدۇ.

—ئالىم سەمەت

---

ئاپتور: ئۈرۈمچى «سادا» پەن ـ تېخنىكا تەربىيىلەش مەركىزىدە ئەرەب تىلىدىن ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتىدۇ.

## تەپەككۇر ئۇنچىلىرى

▲ئاق كۆڭۈلگە ئەگەشمەي ئاقىلغا ئەگەشكىن.

▲ئۆگىنىشنىڭ چېكى يوق، ئىلىم ـ پەننىڭ ئەمچىكى (يوق).

▲مۇھەببەت جۇدالىق ھارپىسىدا چېكىگە چىقىدۇ.

▲تۇخۇمنى تۈزغا چىلاپ يەۋەرگەنلەر كۆزىدىن، خەلقنى كۆپ ئويلايدىغانلار ئۆزىدىن ئەنسىرەيدۇ.

—روزىتوختى ئۆمەر

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ خىيال قانچە شېرىن بولغان بىلەن ئۇنىڭ نەتىجىسى ئاچچىق، ئەمگەك قانچە جاپالىق بولغان بىلەن ئۇنىڭ نەتىجىسى شۇنچە شېرىن بولىدۇ.

▲ئامەت تاسادىپىيلىقتىن كېلىدۇ.

—ئېلجان مەمتىمىن

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە يېڭىئېرىق يېزا پوچتا پونكىتىنىڭ خىزمەتچىسى

▲ ھۆكۈمەت پۇلىنى ئۆزۈڭنىڭ قىلىۋالساڭ خىيانەت، خەلقنىڭ قىلىۋالساڭ ديانەت بولىدۇ.

—سەمى سەمەت

---

ئاپتور: كەلپىن ناھىيە ئاچال ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ ھەقىقەت — سەپسەتىلەر ئارىسىغا يوشۇرۇنغان گۆھەردۇر.

▲ ياشلارنىڭ ئويۇن ـ تاماشىغا بېرىلىشى، مىللەتنىڭ بىخۇدلاشقانلىقىنىڭ بەلگىسىدۇر.

—پەيزۇللام نۇرمۇھەممەت

---

ئاپتور: توققۇزتارا ناھىيە 34 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ تەبىئەتنى سۆي، خۇددى ئۆز ئاناڭنى سۆيگەندەك. ئانا سېنى يوقتىن بار قىلغان بولسا، تەبىئەت سېنى ئۆز قوينىدا كۆكلەتتى.

—ئابدۇئەزىم (ئالمالىق)

---

ئاپتور: ئاۋات ناھىيە 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 4 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان دوستلىرىم ماڭا بۈيۈك پىلانلارنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

—ئۆمەرجان ئوسمانئېلى (ھولۇ)

---

ئاپتور: پىچان ناھىيە پىچان يېزىسىدا، دېھقان

▲بىز دېھقانلارنى چۈشىنەي دېسەڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بول.

—ھاكىم ئابدۇھېلىم

---

ئاپتور: تۇرپان شەھەر ئايدىڭكۆل يېزا يەمشى كارىز كەنتىدە، دېھقان.

▲ئەۋلادلارنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى ئۈچۈن قىلچىمۇ غەم يېمەستىن، ئەكسىچە، ئەيش ـ ئىشرەت كوچىلىرىدا خىرامان يۈرۈشكەن ئاتا ـ ئانىلار قايىدە بويىچە سوئال بەلگىسى شەكلىلىك دارغا ئېسىلىشى كېرەك ئىدى...

—خوجىئەخمەت نۇرمۇھەممەت

---

ئاپتور: توققۇزتارا ناھىيە سۇ باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ خىزمەتچىسى

## تەپەككۇر ھاسىلاتلىرى

▲سەن مەيخانىنى دۈشمىنىڭگە، كىتابخانىنى دوستۇڭغا ماكان قىل.

▲قائىدە ـ يوسۇنى زىيادە كۆپ مىللەتنىڭ باتۇر ئەۋلادلىرى ئاز، قورقۇنچاقلىرى كۆپ بولىدۇ.

▲ئۆزىنى باشقۇرۇشنى بىلگەن كىشى، باشقىلارنى باشقۇرۇشقا ماھىر كېلىدۇ.

▲يۈرىكى قاتتىق ئەرنى ھەقىقىي سۆيگۈ تۇيغۇسى ئېرىتەلەيدۇ.

▲رايىڭغا قاراپ بېرىلگەن مەسلىھەتتىن پايدا كەلمەيدۇ.

▲قابىل كىشىلەر ئۆزىنى تونۇتۇۋېلىشنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن كۈچلۈك ھېسابلىنىدۇ.

▲ دۈشمىنىڭنىڭ ئەڭ كۈچلۈك قورالى ـ دوستلىرىڭ ئارىسىغا زىددىيەت سېلىش.

▲شەيتان ۋەسۋەسى قەھرىمانلار يولىغا قويۇلغان توزاق.

▲كۆپ مەزھەپلىك بولۇش ئىتتىپاقسىزلىقنى پەيدا قىلسا، كۆپ تىللىق بولۇش ئاقىللارنى پەيدا قىلىدۇ.

▲نادانلىقنىڭ ئېغىرلاشقان ۋاقتى — ئىبرەتلىك ئىشلاردىن ئىبرەت ئېلىشنى بىلمەسلىك.

▲ تىلەمچىلىك ئىككى خىل بولىدۇ: بىرى، روھىي تىلەمچىلىك، يەنە بىرى ماددىي تىلەمچىلىك. ئالدىنقىسى «ياخشى» سۆزىگە، كېيىنكىسى «مال ـ دۇنيا»غا موھتاج.

▲باشقىلارنىڭ بەدىلى بىلەن ئېرىشكەن نەرسە، شۇ كىشىگە ئاقىۋەتتە سىرتماق بولىدۇ.

▲ياۋاش ئادەمنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەس. قولىدىن ئىش كەلگەن بولسا باتۇر ـ قەھرىمانلار يامانلار ئارىسىدىن چىقمىغان بولاتتى.

▲ تارىختىن ساۋاق شۇكى، خەلقنىڭ ئاھۇ ـ زارىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ

www.uyghurkitap.com

ئاگاھلاندۇرۇش: سالغان شائىر ـ يازغۇچى خەلقنىڭ ئەڭ چوڭ ساتقۇنلىرىدۇر.

▲ بىراۋغا قارىغۇلارچە ئەسەبىيلىك قىلىۋەرسەڭ، كېيىنكىسىنىڭ قىممىتى بولماس.

ـــ ئالىمجان ئەسىرىددىن (جۇدۇنىي)

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2001 ـ يىللىق 7 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر ھاسىلاتلىرى

▲ ھازىرقى مۇھىم مەسىلە: نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى تىزگىنلەشتىنمۇ كۆرە ئىقتىدارسىزلارنىڭ كۆپىيىشىنى تىزگىنلەشتۇر.

▲ چىرايلىق ۋە مۇلايىم ئەرلەر ئاياللارغا ئوخشاپ قالدى، كۆرۈمسىز ۋە قوپال ئاياللار ئەرلەرگە ئوخشاپ قالدى.

▲ «ماگارىپنىڭ مەقسىتى ـــ كەلگۈسى ئىز باسارلارنى يېتىشتۈرۈش» دېگەنلىك، ھەرگىزمۇ بىر توپ «ئەگەشكۈچى»نى يېتىشتۈرۈش دېگەنلىك بولماستىن، بەلكى داۋىل ھالدا يېڭىلىق يارىتالايدىغان ئىجادكارلارنى يېتىشتۈرۈش، دېگەنلىك.

ـــ نۇرمۇھەممەت تۇرسۇن

---

ئاپتور: مەكىت ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ گۈزەل سەنئەت ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ قەدىمكى پەلسەپىۋى كىتابلاردا قانداق ئادەم بولۇش كۆپرەك تەكىتلىنەتتى. بىراق ھازىرقى پەلسەپىۋى كىتابلاردا قانداق ياشاش كۆپرەك تەكىتلىنىدىغان بولدى. شۇڭلاشقا ھازىر كىشىلەر قانداق ئادەم بولۇشنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتىدۇ.

ـــ ئەسقەر ئەھمەت

---

ئاپتور: شىنجاڭ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپى تولۇق 3 ـ يىللىق 9 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ بۇرۇن كىشىلەر «تۇرلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى»نى سۆزلىگەن بولسا، ھازىر «تۆرىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى»نى سۆزلەيدىغان بولدى.

ـــ ھۇسەنجان مۇھەممەت (شېتىل)

---

ئاپتور: ئاۋات ناھىيە 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 4 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ مەستلىك ـ ئادەمنىڭ ئەسلىي قىياپىتى.

ـــ بۇۋىمەريەم نۇرئەخمەت

---

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە جاھانباغ يېزا ئوتتۇرا مەكتىپى 3 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## خاتىرەمدىكى تەرمەچلەر

▲ ئادىمىيلىكنى دوغا تىكىش بەدىلىگە ئېرىشكەن ئۇلۇغلۇق ـ قاتىللىق.

▲ قەھرىمانىنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئۇنىڭ ئۆزىدىن كۈچلۈكلەرگە قارشى چىققانلىقىدا.

▲ ھەقىقەتنىڭ ساداسى كىشىلەرنىڭ قۇلىقىغا يەتتى، لېكىن غورۇرىغا يەتمىدى. ئەگەر غورۇرىغا يەتكەن بولسا، ئەخلاقسىزلىق ئاللىقاچان گۆرگە كىرىپ بولغان بولاتتى.

▲ ئوقۇتقۇچى ئۆز بۇرچ ـ پەرزىنى بىلسە، ئۇ بىر پەرىشتە، ئەگەر بۇرچ ـ پەرزلىرىنى بىلمىسە، ئۇ بىر جىنايەتكار، جاللات.

▲ ياشاۋاتقان مۇھىتنىڭ تەپەككۇرىنىڭ قانات قېقىش سۈرئىتى.

ـــ ئابدۇرېھىمجان ئابلىز

---

ئاپتور: يەكەن ناھىيە ئىشقول ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىكى بىر ماقالىدىن: «دېھقىنى بار مىللەت يوقالمايدۇ» دېگەن مەشھۇر جۈملىنى ئوقۇغانىدىم. مېنىڭچە، قىزلىرى ھەم ساپالىق ئانا، ھەم تەلىپچان ئۇستاز بولالايدىغان مىللەت يوقالمايدۇ بەلكى تېخىمۇ گۈللىنىدۇ، تېخىمۇ قۇدرەت تاپىدۇ، كامالەتكە يېتىدۇ.

ـــ ئەھمەد ئابدۇرەھمان

---

ئاپتور: قورغاس ناھىيە 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى

▲ ئېتىقاد، غايە، ئىقتىساد ـ مۇۋەپپەقىيەت ئىشىكىنى ئېچىشنىڭ ئۈچ ئاچقۇچى.

ـــ ھېلىمجان ئابدۇكېرىم

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە قومۇشئېرىق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ تاش ھەرقانداق يەردە ئەزىز. چۈنكى ئۇ ھەم ئۇيۇل ھەم قاتتىق، ھەم ئېغىر، قۇم ھەر قانداق يەردە خار، چۈنكى ئۇ ھەم چېچىلاڭغۇ، ھەم يۇمشاق، ھەم يېنىك، ئۇنى شاماللار ھەمىشە ئۇچۇرۇپ يۈرىدۇ.

▲ سەنئەت چاكىنىلاشقان ئەلدە ئەخلاق يۇچۇكلىشىدۇ.

ـــ جەلىل ئابىد

---

ئاپتور: باي ناھىيە توقسۇن يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ ئادەم ئۆز مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلار ئالدىدا ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئاشكارىلايدۇ.

ـــ مەۋجۇدەم سەلەي

---

ئاپتور: ئىلى قورغاس چېگرا مالىيە ئىدارىسىنىڭ خىزمەتچىسى

▲ ... يۈز شۈكۈركىم، ئېھ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 20 يىل سېنىڭ تاپالمىغان بىلىمنى سەندىن تاپتىم.

ـــ ئالىمجان تۇرسۇن

---

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر ئازاق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ تىكىلىپ قاراش بىر بولسا شەپقەت تىلىگەنلىك، بىر بولسا قىزىققانلىق، بىر بولسا نەپرەت، يەنە بىر بولسا شەيتانلىق.

ـــ مۇھەممەتنىياز رازىق

---

ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى 2001 ـ يىللىق (A) 3 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئەقىللىق بولاي دېسىڭىز «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى بىر ئۆمۈر دوست تۇتۇڭ. چۈنكى ئۇ بىزگە ئەقىل ـ ئىدراك يولىنى كۆرسىتىپ بەرگۈچى ئوقۇشلۇق.

ـــ ئوسمان روزى

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى توقۇمىچىلىق سانائىتى فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىسى

▲ بەزى مەتبۇئاتلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆزىدىن سوزۇلغان ئەسەرلىرىنى ئوقۇغاندىن، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر مېۋىلىرى»دىن بىر تال يەپ قويغان ياخشى.

ـــ مۇخپۇللا سايىت

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر ئازاق يېزا ئورمانچىلىق پونكىتىنىڭ خىزمەتچىسى

▲ ئۆز ئەسلىنى ئۇنتۇش يىلتىزى سېسىغان دەرەخكە ئوخشايدۇ، ئۇ ھامان بىر كۈنى غۇلاپ چۈشىدۇ، تىك قەددىدىن گۇمران بولىدۇ.

ــــتوختاجىم تىلىۋالدى (چاقماق)

---

ئاپتور: قەشقەر شەھەر قورغان يېزا قۇمپۇتۇق كەنتى يۇقىرىقى مەھەللىــــدە، دېھقان

▲ كۆپ خاتالىق ئۆتكۈزگەن كىشى بىر بولسا ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ، يەنە بىر بولسا ئەڭ چوڭ جىنايەتچى بوپقالىدۇ.

ــــمۇھەممەدۇن سەمەت قادىر

---

ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2003 ـ يىللىق 3 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇردىن تامچىلار

▲ سەن ئۇدۇلىدىن ئۇدۇل سۆزلىسەڭ ئاغزىڭ كۆيىدىغان ھەقىقەتنى باشقىچە يول بىلەن بايان قىلىشىڭ ئۆزى سەنئەتنىڭ يۈكسەك پەللىسىدۇر.

▲ ئازاب ـ تەن بىلەن روھ ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش.

▲ ئەڭ زور يالغانچىلىق ـ ياشلىقىمغا قايتىدىغان بولسام.

▲ سەپسەتە ـ بىر كۆرۈپ ئاشىق بوپقېلىش.

▲ پۇل ـ گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكنىڭ چېگرىسى.

▲ سۈكۈت قىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ھەممىسنى تەپەككۇر قىلىۋاتىدۇ، دېمىگىن، بولمىسا گاچىنى پەيلاسوپ دەپ قالىسەن.

▲ ئەل نەزىرىدىن چۈشكەن ھۆكۈمرانى ماختاپ ئېيتقان ناخشاڭنى پەقەت ئىككى كىشىلا ئاڭلايدۇ: بىرى، ھۆكۈمران، يەنە بىرى، ئۇنىڭ غالچىسى.

ــــئەخمەتجان ئابدۇكېرىم (مۇساپىر)

---

ئاپتور: ئاقسۇ شەھىرى بەشتوغرەن يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ بۈگۈن بالىسىنى ئالدىغان ئانا، ئەتە بالىسى تەرىپىدىن ئالدىنىدۇ.

ــــياسىنجان ئىسمائىل

---

ئاپتور: باي ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تەبىئىي پەن سىنىپى تولۇق 2 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ مەن نەچچە يىلدىن بېرى ئۆمۈر بويلىدىشىمغا «شىنجاڭ مەدەنىيــــتى» ژۇرنىلىنىڭ يېڭى سانىنى ئېلىپ بېرىڭ دېمەي، پالانى كىيىم يېڭى چىقىپتۇ، كىيسەم بولاتتى، دەپ بېشىنى ئاغرىتقىنىمغا ئۆكۈنۈۋاتىمەن.

ــــئامىنە ئەخمەت

---

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە كاۋاك يېزا تۇزلۇقئوتاق دېھقانچىلىق مەيدانىدا، تىككۈچى

▲ يوقىتىش ــــ بىر ھېسابتا بايقاش ھېسابلانسا كېرەك. چۈنكى بىز پەقەت يوقاتقاندىلا ئاندىن ئۇنىڭ قىممىتىنى بايقىيالايمىز، ھېس قىلالايمىز ئەمەسمۇ؟

ــــئوغۇلنىسا

---

ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى تىل فاكۇلتېتى خەنزۇ تىلى كەسپى 2004 ـ يىللىق 6 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ سېنى ھەددىدىن زىيادە ياخشى كۆرگەن قىزنىڭ مۇھەببىتىنىڭ كەينىگە ئۆتكەندىن ئارتۇق نەپرەتنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالما.

▲ ئېسىڭدە بولسۇن، ئاتا ـ ئانادىن، قېرىنداشلىرىڭدىن يۈز ئۆرۈلتۈپ ئۆزگەلەرگە مۇشتەرى بولغان قىزنىڭ سېنىدىن يۈز ئۆرۈمىكى بىر دەملىك ئىش.

ــــئابۇلقاسىم موللا (تاجىك)

---

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە پىلال يېزا 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى

## چاقماق پىكىرلەر

▲ ئۆزلۈك تەپەككۇرىنىڭ باشلانغانلىقى ــ ھەقىقىي ھاياتنىڭ باشلانغانلىقىدۇر.

▲ باھانە كۆرسىتىش ــ ئاجىزلارنىڭ قورالىدۇر.

▲ بىز تارىخ ئۆگەنگەن (ئوقۇغان)دا سەلتەنەتلىك يىللارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن مەغرۇرلىنىشنى مەقسەت قىلىپ، كۆز ياشلارغا تولغان ئاچچىق قىسمەتلىرىدىن ساۋاق ئېلىشنى ئۇنتۇپ قالدۇق.

▲ ئۆتمۈشىدىن ساۋاق ئالالمىغان ئادەم كەلگۈسىدىن ئۈمىد كۈتمىســــمۇ بولىدۇ.

▲ دوستلارغا يول قويۇش كەڭ قورساقلىق سۈپىتىدە پەزىلەتلىك ھېسابلانسا، دۈشمەنگە يول قويۇش نادانلىق سۈپىتىدە سېنىڭ جىنايىتىڭ (خىيانىتىڭ) ھېسابلىنىدۇ.

▲ شېئىرىي مىللەتنىڭ ئەڭ چوڭ ئاجىزلىقى ــ ئوبيېكتىپ تالىلماسلىقتۇر.

▲ كەسكىنلىكنىڭ ئارقىسىغا قاتتىق ئىنتىزام، مۇرەسسەچىلىكنىڭ ئارقىسىغا چېچىلاڭغۇلۇق يوشۇرۇنغان بولۇپ، بۇ غەلىبە ياكى مەغلۇبىيەتنى بەلگىلەيدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىللاردۇر.

▲ «تايچاقنىڭ دەريادىن ئۆتۈشى» ناملىق مەسەلنى تولىمۇ ياقتۇرىمەن. مەسەلدە تايچاق دەريادىن ئۆتمەكچى بولۇپ سۇنىڭ تېيىز ـ چوڭقۇرلۇقىنى سورىغاندا، كالا: ««ھۇشۇقۇڭغىمۇ كەلمەيدۇ» دەپ، تىيىن بولسا: «چۆكۈپ كېتىسەن، بەك چوڭقۇر» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. تايچاق بولسا ئۆزى سۇغا كىرىپ بېقىپ، سۇنىڭ «تېيىزمۇ ئەمەس، چوڭقۇرمۇ ئەمەس»لىكىنى بايقايدۇ. بىزدە تەييار نەزەرىيەدىن كۆرە ئۆز تەجرىبىسىگە تايىنىدىغان ئىلمىي روھ يېتىلگەن بولسا، تەرەققىياتىمىز يۇقىرى بولغان بولاتتى.

▲ ئاتا ـ ئانا مېھرىسىز چوڭ بولغان پەرزەنتلەردە دۇنياغا، ئىنسانىيەتكە مېھىر ـ مۇھەببەت كەمچىل بولىدۇ.

▲ دىئالوگ ـ باشقىلارنى چۈشىنىشنىڭ، مونولوگ ـ ئۆزىنى چۈشىنىشنىڭ ياخشى قورالىدۇر.

ــــدىلشاد ھەبىبۇللا

---

ئاپتور: قاغىلىق ناھىيە پوسار چارۋىچىلىق مەيدانى مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ غەزەپ بەئەينى ئىنسان ئىچىدىكى چوغدۇر.

ــــبۇۋىمەرىيەمگۈل مەھمۇت

---

ئاپتور: كورلا شەھەر تېكىچى يېزا ئاقتاش كەنتىدە، دېھقان

▲ ئوغۇللارغا غۇرۇر كېرەك، قىزلارغا نومۇس.

▲ بۈگۈنكى كۈندىكى قىزلىرىمىزنىڭ كىيىم ۋە گىرىملىرىدىن ئۇلارنىڭ روھىي ــــمەنىۋىيىتىنى كۆرەلەيمىز.

ــــروزى توختى (تىۋىش)

---

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2002 ـ يىللىق 5 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئاياللار ئىشلىمەي پۇل تاپقاندا، ئەرلەردىن ۋاز كېچىدۇ.

www.uyghurkitap.com

▲ بۇرۇن قاپقان ياۋايى ھايۋانلارغا قويۇلاتتى، ھازىر بولسا ئەخمەق ئادەملەرگە قويۇلىدۇ.

—ئىمىننىياز ھەسەن

---

ئاپتور: ئاۋات ناھىيە ئايباغ يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇر ئىزىدىن بويلاپ...

▲ ئەدەبنى ئەدەپ بىلەن ئۆگىنەلمىگەن ئادەمگە ئەدەبسىزلىك بىلەن ئۆگەت.

▲ خەققە خۇشامەت قىلغانلىقىڭ ئۆزۈڭنىڭ نەرخىنى پەسلەشتۈرۈپ، «بېشىمغا دەسسەپ يۇقىرىغا چىق» دەپ ئېگىلىپ بەرگىنىڭ.

▲ ئاۋۋال ئەدەبىي ئەسەر بارلىققا كېلىپ ئاندىن ئۇنىڭ نەزەرىيىۋى قېلىپى بارلىققا كەلگەن. ماھىيەتتە ئەدەبىي ئەسەرنىڭ قېلىپى بولمايدۇ. ئۇنى قېلىپقا سېلىۋېلىش يازغۇچىنىڭ روھىغا كىشەن سالغانلىقتۇر.

▲ ئوغۇل بالىنىڭ قان تۆكمىكى ئاسان، ياش تۆكمىكى قىيىن.

▲ مەجبۇرلاشتىن ئېرىشىدىغىنىڭ قارشىلىق.

▲ روھىڭ قۇل بولسا، پادىشاھ بولساڭمۇ قۇلدەك ياشايسەن، روھىڭ ئازاد بولسا، قۇل بولساڭمۇ پادىشاھدەك ياشايسەن.

▲ بىرەر ئىشتا غەلىبە قىلاي دېسەڭ، مەخپىيىتىڭ ئۈچۈن جان پىدا قىلىدىغان ئادىمىڭ بولسۇن.

▲ كەلگۈسىدە دىنني خۇراپاتلىقنىڭ ئەكىلىدىغان زىيىنىدىن سىياسىي خۇراپاتلىقنىڭ ئەكىلىدىغان زىيىنى نەچچە ھەسسە ئارتۇقتۇر.

▲ خۇشامەت — ئىتتىن ئىنسانغا يۇققان مەنىۋى كېسەلدۇر.

▲ ھەسەت — شەيتاننىڭ ئىنسانغا ئۆگەتكەن دەسلەپكى ئىلمى.

▲ يالۋۇرۇش نەرخىڭنى پەسلەشتۈرىدۇ.

▲ بەزى ئاياللار مۇھەببەتنى ئالدامچىلىق، كۆيۈنۈشنى مۇھەببەت دەپ چۈشەنگەچكە مەڭگۈ ئەرلىرىنىڭ مۇھەببىتىدىن مەھرۇم ياشايدۇ.

▲ كۆزۈم كۆردىغۇ دېمە، كۆڭلۈڭ كۆرسۇن.

▲ ماڭا ھەققىي سۆيگۈ نېسىپ بولسۇن دېسەڭ، ئاۋۋال پۈتكۈل ئىشقىڭ بىلەن ئۆزۈڭ (روھىڭ)نى سۆي.

▲ بىز روھىمىزدىن ئۆزىمىزنى تاپقاندا يېتۈكلۈك ماقامىغا يېتىمىز.

▲ «چىدىغانغا چىقارغان» — ئەخمەقلىق ئۈستىگە نادانلىقنى قوشقانغا تەڭ.

▲ تولىمۇ ئەپسۇس، ھۆرلۈككە جىسمىم ئېرىشكۈچە روھىم ئېرىشكەن بولسىچۇ؟ شۇندىلا ئادەمدەك ياشىيالايتتىم.

▲ موھتاجلىقتىن قۇتۇلالماي ئۆتسەڭ، دېمەك سەن بۇ دۇنيادىلا دوزاخنى كۆردۈڭ دېگەن گەپ.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىكى «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسى ئەقلى ئويغاقلارنىڭ مۇنازىرە سەيناسىدۇر.

▲ ئاۋۋال ئۆزۈڭگە نەزەر سال، ئاندىن باشقىلارغا.

▲ ئايال كىشىنىڭ نۇقسانلىرىنى تۈزەيمەن دېگەن ئادەم مەڭگۈ ئايالىنىڭ مۇھەببىتىدىن مەھرۇم قالىدۇ ياكى ئايالىدىن مەھرۇم قالىدۇ. پەقەت ئۇنى چەكلەپ تۇرۇش بىلەنلا كۇپايىلىنىش ئەڭ ياخشى چارىدۇر.

▲ ئاياللارنىڭ ئەسلىي ماھىيىتى قورقۇنچاقلىق ئەمەس. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى جۈرئەت بىلىنى باغلىغان ئەرلەردىمۇ يوق. پەقەت ئۇلار «ئايال» بولۇش ۋەجىدىن ئەرلەرگە ھۆرمەت قىلىپ سۈكۈتتە تۇرغۇچىدۇر.

▲ كارۋان ماڭغان يولنى كىشىلەر يېڭى ئىز بىلەن يېڭىلاپ تۇرغاچقىلا، ئۇ ئۆچمەي كىشىلەرگە تونۇشلۇق بوپقالغان.

▲ تۇرمۇشتا بىر قېتىم ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىساڭ، بىر تال كۆچەت قوي. ياشىسپ ھاياتىڭدىن خۇلاسە قىلغاندا، سەن قويغان كۆچەتلەردىن بىر كەڭرى ئورمان بەرپا بولغانلىقنى كۆرۈسەن.

▲ قۇرۇق تەمە — تىلەمچىنىڭ قاچىسىدىكى ئاش دېمەكتۇر.

—تۇرسۇنجان خەيرۇللا جۇلانىي

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

## ئويغاق ھېسلار

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى خەلقنىڭ يۈرەك سۆزىنى يېقىلغۇ قىلىپ كۆيۈۋاتقان مەشئەل.

▲ ساداقەت بەزىدە نادانلىق بىلەن تەڭ بوپقالىدۇ.

▲ شېئىرغا ئوبزور يېزىشقا پەقەت شېئىرلا كېرەك.

▲ ئەڭ چوڭ قارىغۇلۇق — ئۆزىنى كۆرەلمەسلىك.

ئەڭ چوڭ ئىسراپخورلۇق — ئۆزىمىزگە تەئەللۇق نەرسىلەردىن قانداق پايدىلىنىشنى بىلمەسلىك.

—يۈسۈپجان ھېكىم

---

ئاپتور: ئاقتۇ ناھىيە بارىن يېزىسىدا، دېھقان

* * *

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر مىللىي پىسخىكىسىدىكى ئاجىزلىقلار ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزنى ئەينەن سۈرەتلەپ بېرىدىغان تېلېسكوپ.

▲ ئەجدادلارنىڭ نادانلىقى ئەۋلادلارنىڭ بەختسىزلىكى بىلەن نەتىجىلىنىدۇ.

▲ نادان ئاتا - ئانا پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆمۈرلۈك روھىي قاتىلى.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى يېزا - بازارلاردىكى بەزى مەنسەپدارلار چۈشىنىپ ئوقۇغان بولسا بىر ئاز بولسىمۇ ئىنسانىي ساپاغا ئىگە بولاتتى.

▲ ئىنسان ۋاقتىنىڭ نەقەدەر قىممەتلىك، ھاياتنىڭ نەقەدەر گۈزەللىكىنى ھېس قىلغان ۋاقتى ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغان ياكى ياشىنىپ قالغان ۋاقتىدۇر.

—ئىبراھىمجان ئىرپانىي

---

ئاپتور: قەشقەر شەھەر ئىنجان رەستە ئالتۇن زىبۇ - زىننەت سودا شەھەرچىسى 7 - نومۇرلۇق دۇكاندا

▲ ئۆلۈمنى ئەسكە ئالمايدىغان كىشىلەر زىناخور قېرى، قەسەمخور سودىگەر، تەكەببۇر كەمبەغەل ۋە زالىم ھۆكۈمرانلاردۇر.

—زۇبەرەم ئاۋۇت

---

ئاپتور: شىنجاڭ «ا - ئىيول» پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ ئىشچىسى

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تۇرمۇش، قىممەت، دۇنيا قارىشىمغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئادەمدەك ياشاش يولۇمنى كۆرسىتىپ بەردى.

—پەرھاد ئەھەد

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتى خەنزۇتىلى كەسپى 2001 - يىللىق 2 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ تارىختىن مەلۇمكى، «سىياسىينىڭ رەزىللىكى» مەنپەئەت توقۇنۇشىدا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ.

▲ دۆلىتىمىز «سىياسىي مەدەنىيلىكى» گە توسالغۇ بولۇۋاتقان بىر ئامىل: بىزدە ئۈزلۈكسىز تۈزۈلۈپ مۇكەممەللىشىۋاتقان قانۇن بار، بىراق قانۇن ئېڭى كەمچىل؛ سىياسەت بار، ئەمما ئىزچىللىق كەمچىل.

www.uyghurkitap.com

▲ئىشنى بەزىدە رەھبەرلىك بۇزىدۇ، ئاۋارىچىلىقى تۆۋەنگە قالىدۇ.

ــغالىب مۇھەممەت قارلۇق

---

ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھەر 46 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى

## ئەقىل تۆشلىرى

▲ تارىختىن مەلۇمكى، ھەممىنى ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەت تارازىسىدا ئۆلچەيدىغانلارغا ئىشەنگەنلەرنىڭ ئىغىز ـ بۇرنىدىن قان، يۈرىكىدىن داغ يۈيۈلمىغان.

▲ئېسىڭدە بولسۇنكى، ئۆزۈڭ بىلەن باراۋەر تۇرغان ئادەمنىڭ ئالدىدا ئېگىلسەڭ، ئۇنىڭدىن پاكار كۆرۈنىسەن.

▲ھەرقانداق بىر شەيئىنىڭ تارىخىنىڭ ئۇزاقلىقى بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا پىشىپ مۇكەممەللەشكەنلىكىنى كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ شۇنچە كونىراپ كەتكەنلىكىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

▲ ئادەم مېڭىسى نېمە تېرىسا شۇ ئۈنۈۋېرىدىغان مۇنبەت تۇپراق بولغان بولسا، برونو، كوپېرنىك قاتارلىق گۇمانىست پەيلاسوپلار پاجىئەسى يۈز بەرمىگەن بولاتتى.

▲ئەخلاقتىن ئىبارەت بۈيۈك قەلب قانۇنىغا پەرۋا قىلمىغان ئادەم باشقا جەمئىيەت قانۇنلىرىنى نەزىرىگە ئېلىپمۇ قويمايدۇ.

▲جەمئىيەتكە ھېچقانداق پايدىسى تەگمەيدىغان ئادەمنى ياخشىراق بىر نېمە دېيىشكە توغرا كەلسە، ئۇ، ئۆلچەملىك بىر كىيىم ئاسقۇچ، تەننەرقى ۋە ئىش ئۈنۈمى نىسبەتەن تۆۋەن بولغان يول چىگداش ماشىنىسى ۋە ئورگانىك ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇتتىنلا ئىبارەت.

▲جامائەتنىڭ كۆزىچە قىلىنغان ساخاۋەت غۇرۇرلۇق كىشىلەر ئۈچۈن چەكسىز ھاقارەت، غۇرۇرسىزلار ئۈچۈن ئەجىرسىز تاپاۋەتتۇر.

▲ خۇشامەتچىلەر ئۆز رىزقىنى يەنە ئۆزىگە ئوخشاش ئادەمدىن تىلەپ يەيدىغان دىۋانىدىنمۇ بەتتەر پەسكەش كىشىلەردۇر.

▲سەنئەتخۇمارلىقنىڭ يەنە بىر مەنىسى بىكار تەلەپلىك دېمەكتۇر.

▲ھورۇنلۇقنىڭ ئاۋۋىلى ۋاقتقا ۋە ساغلام تەنگە قىلىنغان خىيانەت، ئاخىرى نامراتلىقتىن تۇغۇلغان ھاقارەت دېمەكتۇر.

▲ئۆزىگە تايانغانلار كامال تاپىدۇ، ئۆزگىگە تايانغانلار زاۋال تاپىدۇ.

▲باشقىلارنى چۈشەنسەڭ ئاقىلسەن، ئۆزۈڭنى چۈشەنسەڭ ھەممىگە قابىلسەن.

▲ تەرەققىياتنىڭ ئىنسانلارغا ئەكەلگىنى قۇلاي تۇرمۇش، ئەكەتكىنى بولسا شەرم ـ ھايا، مېھىر ـ شەپقەت، ئويغاق ئەقىل.

▲ ئەرنىڭ بىر بولسا ئەڭ ۋىجدانلىقى، يەنە بىر بولسا ئەڭ ۋىجدانسىزى بىلا ئەڭ كۆپ ياش تۆكىدۇ.

▲تارىختىن ساۋاق شۇكى، زوراۋانلارنىڭ بوزەك قىلىشىغا كۆپ ئۇچرىغانلار بىر بولسا زوراۋان بولىدۇ، بىر بولسا ئىتائەتمەن قۇل.

▲ ئالداش ـ ئالدىنىش مۇناسىۋىتىدە ئالدىغۇچىنىڭ قۇۋلۇقىدىن كۆرە ئالدانغۇچىنىڭ ساددىلىقى ئەڭ مۇھىم سەۋەبتۇر.

▲غالىبلارنىڭ يالغان سۆزىگە پەقەت مەغلۇبلارلا سۈكۈت قىلىدۇ.

▲بۇلغانغان يېمەكلىك تەننى كېسەل قىلىدۇ، بۇلغانغان ئىدىيە روھنى.

▲بۈگۈننى بىكار ئۆتكۈزۈش ئەتىگە قەرزدار بولۇش دېمەكتۇر.

▲دۇمباق ئاۋازىنىڭ يۇقىرى بولۇشى ئىچىنىڭ كاۋاكلىقىدىن.

▲ئەۋلادلىرىنى مۇكەممەل تەربىيىدىن مەھرۇم قىلغان قەۋم، ئۆزى ئۈچۈن پۈتكەن لەنەتنامىنى قەبرە بېشىغا ئېسىپ قويغان قەۋمدۇر.

▲يالغان گەپنىڭ خېرىدارى ـ ھاماقەت.

▲تارىختىن مەلۇمكى، نادان مۇناپىق بىر ۋە ياكى بىر نەچچە كىشىنى زىيانغا ئۇچراتقان بولسا، دانا مۇناپىق تۇمەنلىگەن كىشىنى زىيانغا ئۇچراتقان.

▲ قۇرۇق خىيالنىڭ ساگا بېرىدىغىنى كۆپىنچە ھاللاردا قۇرۇق روھىي تەسەللىدىن ئىبارەت.

▲ بىر لاياقەتسىز ئوقۇتقۇچىنىڭ جەمئىيەتكە سالغان زىيىنى مىڭ قاتىلنىڭ سالغان زىيىنىدىن ئارتۇق.

▲ تارىختىن مەلۇمكى، دۇنيادا ئىدراكسىز ـ نادان قەۋمنىڭ قەھرىمانى ۋە دانىشمىنى بولۇشتىنمۇ قىيىن ئىش يوق.

▲ھەقىقىي مەنىدىكى ئادىمىلىك تۇيغۇسى ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تونۇپ يېتىشىدىن باشلىنىدۇ.

▲ تارىختىن مەلۇمكى، خەلقنىڭ تەقدىرى تىغ ئۇچىدا قالغاندا، قەھرىمانىنىڭ جەسىتى كوچىدا قالىدۇ.

▲ ھەر قانداق بىر شەيئىنىڭ يوقىلىشى قارشىلىق كۈچىدىن مەھرۇم بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.

▲ خەلقپەرۋەر يازغۇچى — ئەلنىڭ روھىي تۈۋرۈكى.

▲يۆلەنچۈك ئۆزىگە يۆلەنگەن نەرسىنى پەقەت قىسقا ۋاقىتلىق تىك تۇرۇش شارائىتىغىلا ئىگە قىلالايدۇ.

▲ئوۋچى قولىدىكى بۆركۈتنىڭ ئىگىسى ئۈچۈن جانپىدالىق بىلەن ئىشلىشى، ئۆزى تۇتقان ئولجىنىڭ ئاز بىر قىسمىغا ئىگە بولالىغانلىقى ئۈچۈندۇر.

▲ ھاراق، تاماكا ۋە پاھىشىگە خەجلەنگەن پۇل ـ ھالاكەت سەپىرىنىڭ قاتناش بېلىتىگە سەرپ قىلىنغان پۇلدۇر.

▲ھەر قانداق بىر زامانىنىڭ سەگەك ئەقىل، پاك قەلب ۋە قورقماس يۈرەككە ئىگە كىشىلىرى شۇ زامانىنىڭ دەردىنى تارتىشنى ھۆددىگە ئالغان پىرى كامىللار.

▲ ئۆز قەدىر ـ قىممىتىڭنى ئۆزۈڭ موھتاج بولغانلارنىڭ نەزىرىدە ئۆلچىسەڭ، ئەڭ ئادىل باھاغا ئېرىشەلەيسەن.

▲ چۈشكۈن سەنئەتنىڭ يەنە بىر مەنىسى غەپلەت.

▲ دانىشمىنى يوق ئەل ـ ئاداشقان پادا.

▲ ۋاقىت ۋە ئەقىل ئىسراپچىلىقى بۈگۈنكى دەۋرىمىزنىڭ بىمەنىلىكى ۋە بەختسىزلىكىمىزنىڭ مەنبەسىدىن ئىبارەت.

▲ تارىختىن مەلۇمكى، قەھرىمان ـ ئۆلۈمى ئارقىلىق ئۆلۈمنىڭ قىممىتىنى ئىسپاتلىغۇچى تەۋەككۈلچى.

▲ ئادەم ئۈچۈن ئۆز ئىشەنچىنىڭ دەپسەندە بولۇشىدىنمۇ ئارتۇق ئازاب يوق.

▲ چەكسىز ئازاب ـ ئوقۇبەت ئالدىدا ياش تۆكمىگەن قەيسەر كىشىلەرمۇ سەممىي ھېسداشلىق ئالدىدا ياش تۆكىدۇ.

▲ دۇنيا ئىنسانلارنىڭ ئارمىنى بىلەن مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدۇ ۋە يەنە شۇ ئارمان سەۋەبىدىن گۇمران بولىدۇ.

▲ئەمەلىي ئۈنۈم يارىتالمىغان ھەر قانداق شەيئى ۋە نەزەرىيىلەر ھەر قانچە ئېسىل ۋە دەبدەبىلىك بولسىمۇ تېزلا كىشىلەر نەزىرىدىن چۈشۈپ قالىدۇ.

▲ خاتالىق ئاقىللار ئۈچۈن بىر قىممەتلىك ساۋاق، غاپىللار ئۈچۈن ھالاكەت يولىنىڭ بىرىنچى بېكىتى.

ــئابدۇللاجان قۇدرەت

---

ئاپتور: قاغىلىق ناھىيە كۆكيار يېزا ئېكىز يار كەنتىدە، دېھقان.

* * *

▲بىزدە دانالاردىن قالغان: «ئانا بىر قولىدا بۆشۈكنى تەۋرەتسە، يەنە بىر قولىدا دۇنيانى تەۋرىتىدۇ» دېيىلگەن ئۇلۇغ ھېكمەت بار. شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرقى ئانىلارغا تەۋسىيە قىلىمەنكى، بۇ ھېكمەت بىلەنلا ئۆزۈڭلارنى ئۇلۇغ

چاقلاپ يۈرۈۋەرمەستىن، خەلقىمىزدە قەدىمدىن كېلىۋاتقان: «چاقتا گۇناھ يوق تالىسى بۇزۇلۇق، قىزدا گۇناھ يوق ئانىسى بۇزۇلۇق» دېگەن بۈيۈك ھېكمەتنىمۇ ئۇنتۇپ قالماڭلار. بولمىسا ئالدىنقىسى سىلەرگە ماس كەلمەي قالىدۇ.

—بۇخەلچەم ھاجى

---

ئاپتور: شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2002 ـ يىللىق مەخسۇس كۇرس ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ قۇشلار پاسپورتسىز دۇنيانى ئايلانغىنى بىلەن، ئۇلاردا ۋەتەننى سۆيۈش ئېڭى بولمايدۇ.

▲ مەنپەئەت بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتكەندە سىياسەت ۋە قانۇن چېكىتى يوق جۈملىگە ئايلىنىدۇ.

▲ پەن ـ تېخنىكىنىڭ مەخپىيەتلىكى قانچە مۇستەھكەملەنسە، ئىنسانلارنىڭ قۇۋۋىتى شۇنچە كۈچىيىدۇ.

▲ بالىلار شۇنداق يەركى، قانچە ئىشلىسە شۇنچە ئۈنۈمى كۆرۈلىدۇ.

▲ ئىنسانلارنى چوڭ جەھەتتىن تۆرگە ئايرىش مۇنداق ئىككى خىل بولىدۇ: بىرى، بېيىگەندىكى كىشىلەر، يەنە بىرى، بېيىگە كۆرۈۋاتقانلار.

—ئەزىز ئەخمەت

---

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە مىشا يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

*  *  *

▲ پۇل ـ دەۋرىمىزدىكى شەيتانلارنىڭ پىرى.

▲ قۇياش پۈتكۈل كائىناتنى يورۇتالىسىمۇ، لېكىن ئىنسان روھىنى يورۇتۇشقا قادىر ئەمەس.

▲ سىر ـ تەپەككۇرنىڭ ۋائۇكۇمى.

—يۇنۇسجان روزى

---

ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2003 ـ يىللىق 3 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ بىز نۇرغۇن ئىشلارنى ئۆزىمىز چۈشەنمەيلا قىلىشقا مەجبۇر بوپقالىمىز. چۈشەنگەندە بولسا ۋاقىت ئۆتكەن بولىدۇ.

—گۇلباھار مۇھەممەت

---

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر ئازاق يېزا مىيى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇئەللىمەسى

▲ بىرەر كەسپتە ئەبەدىيلىك، ھايات ـ ماماتلىق، ئۈن ـ تىنسىز پىداكارلىقتىن مۆجىزە يارىتىلىدۇ.

—ئۆمەر ساتتار

---

ئاپتور: كەلپىن ناھىيە بوستان باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ بالىلارنىڭ ئىنكار قىلىنسا پۇشايمان كەلتۈرۈدىغان بىردىنبىر تەلىپى — كىتاب ئېلىپ بېرىش.

—ئادىل ئابدۇرەھمان

---

ئاپتور: يەكەن ناھىيە چارەك يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭ ئېسىدە ئەڭ ياخشى ساقلىنىدىغىنى، باشقىلارنىڭ قىلغان ياخشىلىقى، ئاسانلا ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدىغىنى، باشقىلارنىڭ قىلغان يامانلىقى بوپقالدى.

—ئابدۇرەھمان ئىمىن

---

ئاپتور: گۇما ناھىيە زاڭگۇي يېزا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ بەختسىزلىكنىڭ باشلانمىسى — ئىلاجسىزلىق.

—ئابلىزىز ئەلى

---

ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى رادىئو ـ تېلېۋىزىيە كەسپى 2001 ـ يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ غالىبلار ھەقىقەتنى مەغلۇبلارنىڭ پېشانىسىغا يېزىپ قويىدۇ.

—روزى ئۆمەر

---

ئاپتور: باي ناھىيە قىزىر يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ بەزىلەر دېھقانلار ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەپسۇس، مەن دېھقان ئاپتورلارنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا بېسىلغان ئەسەر ۋە ھېكمەتلىرىنى ئوقۇغانسېرى ئۆزۈمنىڭ ھېچنېمىنى بىلمەيدىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر مېۋىلىرى» ستونىنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئۆزۈمگە بولغان ئىشەنچىم ئاشتى.

جەمئىيەتتىكى ئادەملەر بىلەن قانچە ئارىلاشقانسېرى ئۇلارغا بولغان ئىشەنچىم ئاجىزلاشتى.

▲ سەن باشقىلارنى قانچە چوڭ بىلگەنسېرى ئۇلارنىڭ سېنى شۇنچە كۆزگە ئىلمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىسەن.

▲ مەن ئەڭ خۇشال چاغدىمۇ، ئەڭ قايغۇرغان چاغدىمۇ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر مېۋىلىرى» ستونىنى ئوقۇيمەن. چۈنكى مەن بۇ ستوندىن ئۆزۈمگە خۇشاللىق، چىقىش يولى، تەسەللى تاپىمەن.

—ئاينۇر

---

ئاپتور: قاراشەھەر ناھىيە ئۇخاۋچۇ يېزا مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمەسى

▲ ئادەم ئۆزىدىكى بىلىمنىڭ كەملىكىنى يېڭى بىر بىلىم ئۆگەنگەندە ئاندىن ھېس قىلىدۇ.

▲ ئەگەر سىز كىشىلىك ھاياتتىن بىزار ياكى نارازى بوپقالسىڭىز «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر مېۋىلىرى» ستونىنى ئوقۇپ، ئۇنىڭدىكى شېرىن مېۋىلەردىن تېتىپ كۆرۈڭ، چوقۇم نارازىلىقىڭىز رازىمەنلىككە ئايلىنىدۇ.

—م. چاۋار

---

ئاپتور: ئاقسۇ شەھەر ئايكۆل بازار سايئېرىق مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## كېچىككەن ھېسلار

▲ سەن پەقەت دوستلىرىڭدىن مەلۇم جەھەتتە ئۈستۈن ياكى ئۇلار بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرغاندىلا ئاندىن دوستلار ئارىسىدا ئىناۋەت ـ ھۆرمەتلىك بولىدۇ، بېقىندى ۋە موھتاجغا ئايلىنىپ قالمايسەن. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، دوستلۇق جەريانى ئىناقلىق، قول تۇتۇشۇپ ئىلگىرىلەش جەريانى بولۇپلا قالماي، بەلكى يوشۇرۇن رىقابەت جەريانىدۇر.

▲ رىقابەتچىلىك گەرچە كۆزۈڭگە قادىلىۋاتقان مىختەك كۆرۈنسىمۇ، سەن ئاڭا تىكىلىپ قارا. ئەيمىنىپ ئەمەس، بەلكى ئىشەنچ بىلەن كۈلۈمسىرەپ قارا. چۈنكى ئۇ سېنى ئالغا ئۈندەيدىغان ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى ئەمەسمۇ؟

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ـ مېنىڭ ئىككىنچى ئالىي مەكتىپىم. مەكتەپلەردە مەن زامانىۋى پەن ـ بىلىملەرنى ئۆگەنسەم، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىن خەلقچىللىقنى ئۆگەندىم. ئۇ مېنى خەلققە تېخىمۇ يېقىنلاشتۇردى، ئۇ ـ زۇمگە ئۆزۈمنى تېخىمۇ تونۇتتى...

www.uyghurkitap.com

▲ گەپ توشۇغۇچى ـ چېقىمچىلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان ئادەملەر- نىڭ ئەھۋالىنى ئېتراپلىق تەھلىل قىلساقلا، ئۇلار (چېقىمچىلار)نىڭ مەنئۇى تېر- رورچى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز.

▲بالىلارغا ھەربىلەرگە قويۇدىغان تەلەپنى قويۇش ئاقمايدىغان بىمەنىلىك. چۈنكى ئۇلار دېگەن بالا، بالىلارنىڭ بالىلارچە شوخلىقى بولىدۇ. شۇڭا مەن دەرسخانىدىكى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭنى ياخشى كۆرۈمەن. بالىلار كۈلسۇن، ۋارقىراش- سۇن، ساددا سوئاللىرى ئارقىلىق مېنى تەمتىرەتسۇن، بىراق ئۇلار پىكىر يۈرگۈ- زەلمەيدىغان ياۋاش قوزىلارغا ئايلىنىپ قالمىسۇن...

ــگۈلگىنە نۇرمۇھەممەت

---

ئاپتور: يەكەن ناھىيە تاغارچى يېزا بەشكەمە ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ خەنزۇ تىلى مۇئەللىمى

* * *

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيتى» ژۇرنىلى چىن دۇشىۋ نەشر قىلغان «يېڭى ياش- لار» ژۇرنىلىدىن قېلىشمايدۇ.

«يېڭى ياشلار» ژۇرنىلى خەنزۇ خەلقىنىڭ «AQ» روھىنى قامچىلىغان بولسا، «شىنجاڭ مەدەنىيتى» ژۇرنىلى مىللىتىمىزنىڭ «تۆگە قۇش» (بېكىن- مىچىلىك) ئىللىتىنى قامچىلىماقتا.

▲ كىملىك ئىككى خىل بولسا كېرەك: بىرى، سېنىڭ دۆلەت تەۋەلىكىڭنى بىلدۈرۈدىغان كىنىشكە، يەنە بىرسى سېنىڭ ئۆزگە خەلقتىن خاسلاشتۇرۇدىغان مىللىيەت كىنىشكەڭ.

▲ يۈتكۈل جاھانغا پاتمىغان قەلبىمنىڭ، جانان قولىدا مىجىلگىنىدىن ھەيرانمەن.

▲ چاشقاننىڭ مۈشۈكتىن بوزەك بولۇش تارىخى ئاخىرلىشىشقا باشلىغانلىقى، ماڭا تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ماھىيىتىنى كۆرسىتىپ بەردى.

▲ جاناننىڭ نازاكەت بىلەن قايرىلىپ قارىشى، باھادىرنىڭ قىلىچىنى سۇن- دۇرغۇچى بازغان.

▲ئاياللار مىللەت ھارۋىسىنىڭ ئوقى.

ــجۇمەنىياز توختىروزى

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى تارىخ فاكۇلتېتى جەمئىيەتشۇناسلىق 2002 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ گەپ توشۇغۇچى ـ چېقىمچى ـ كاندىدات خائىن.

▲ئۈمىدسىزلىك ـ روھ چىرىغىنى ئۆچۈرۈدىغان قارا بوران.

ــكامىل ساۋۇت

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە دېھقانچىلىق ئىدارىسىنىڭ كادىرى، ھازىر فۇكاڭ شەھىرى زىنچۇەنزى بازىرىدا ۋەزىپە بىلەن چېنىقىشتا

## تەپەككۇردىن تامچىلار

▲قەھرىمان بىر بولسا پىنھان ياشىغۇچىلار، بىر بولسا جاھانغا پاتمىغۇچىلار ئارىسىدىن چىقىدۇ.

▲پەرۋاسىزلىق، بىخۇدلۇق — يېڭى «بالا ـ قازا»نىڭ تۇغۇت ئانىسى.

▲تەقدىر ــتەدبىرنىڭ تۆرەلمىسىدۇر.

▲ داداڭ بولمىسا دادىنى، ئاناڭ بولمىسا ئانىنى تاپاي دېسەڭ، مائارىپ ۋە جەمئىيەتنى كۆزەت!

▲تارىختىن ساۋاق شۇكى، نادان ئاقىلغا بۇيرۇق بېرىدىغان جەمئىيەت، ئۆز ـ ئۆزىنى ئىنكار قىلغان جەمئىيەتتۇر.

▲ سۆيگۈگە بېرىلگەنىدىم، سۆيەلمىدىم؛ قاچقانىدىم قوغلىدى، مانا بۇ ھە- قىقىي مۇھەببەت تراگېدىيىسى.

▲ خىيالنىڭ ئورنىنى تەپەككۇر ئالغان چاغ، مەنئۇى كۈچ روياپقا چىققان چاغ.

ــئەكبەرجان ئابدۇرۇسۇل (فەيزانىي)

---

ئاپتور: كەلپىن ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 1 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئو- قۇغۇچىسى

▲ رەھبەرنىڭ ئۆزى ئابرۇيلۇق بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ خىزمەت ئورنى ئابرويلۇقتۇر.

ــئابلاجان ئاتاۋۇللا

---

ئاپتور: كەلپىن ناھىيە پېشقەدەم كادىرلار ئىدارىسىنىڭ خىزمەتچىسى

▲شەخسىيەتچىلىك بولمىسا رىقابەت، رىقابەت بولمىسا تەرەققىيات بولمايدۇ.

ــقۇربانجان كېرەم

---

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2001 ـ يىل- لىق 5 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ قاراڭغۇدا تۇرغىنىمىزدا يورۇقنى كۆرەلىگەن بىلەن، يورۇقتا تۇرغىنىمىزدا قاراڭغۇدا نېمىلەر بارلىقىنى كۆرەلمەيمىز، بۇنى بەزى مەرتىۋىسى يۇقىرىلارنىڭ تۆۋەندىكىلەرگە نەزەر سالماسلىقىغا تەتبىقلىغۇم كېلىدۇ.

ــپاشاگۈل يۈسۈپ

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن فاكۇلتېتى ئىدىيىۋى ـ سىياسىي مائا- رىپ كەسپى 2001 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ باشقا ژۇرناللىرىمىزمۇ «شىنجاڭ مەدەنىيتى» ژۇرنىلىغا ئوخشاش «پا- دىشاھنىڭ يېڭى كىيىمى» دېگەن چۆچەكتىكى ھېلىقى جۈرئەتلىك بالىدەك ھەقنى ھەق دېيەلىگەن بولسا، كىشىلەر تالىشىپ ئوقۇيدىغان ژۇرنالغا ئايلانغان بولاتتى.

ــئەيساجان نىزامىدىن ھىجرانىي

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى شىمالىي رايون ئېلېكتر ـ تېخنىكا ئىنستى- تۇتى ئېلېكتر تېخنىكىسى 2000 ـ يىللىق 4 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ قانۇننى ئىجرا قىلغۇچىلار ناپاك بولسا، ھەر قانداق ئادىل قانۇنمۇ ئۆز قىممىتىنى يوقىتىدۇ. شۇڭا قانۇنغا ئىشىنىشتىن ئاۋۋال قانۇن ئىجراچىلىرىنىڭ پەزىلىتىگە قارا.

ــئابباس نورۇز

---

ئاپتور: كونا شەھەر ناھىيە پىلانلىق تۇغۇت ئىدارىسىنىڭ پېنسىيونېرى

▲بىنالارنىڭ بارغانسېرى ئېگىزلىشىگە ئەگىشىپ ئادەملەر بارغانسېرى پەسلەشمەكتە.

▲ھەق گەپلىرىمدىن تېرىكىپ، ياغلىما سۆزلەرگە خۇشتار بولۇۋاتامسەن؟ ئۇنداقتا، دۈشمىنىڭ ھىجىيىپ تۇرۇپ تۇتقان بىھۇش دورىسىنى ئىككىلەنمەي ئىچىۋەر.

▲ «تەپەككۇر قىلىشتىن ئەۋزەل ئىبادەت يوق» (ھەدىس). «شىنجاڭ مەدەنىيتى» ژۇرنىلى تەپەككۇر قىلغۇچىلارنىڭ كاتتا ئىبادەتخانىسى.

▲يەر شارىدىكى جانلىقلار ئىچىدە ئۆز ئارا يېتىشمايدىغىنى بىرى ئىت، يەنە بىرسى ئادەم.

ــگەركىن توختى

---

ئاپتور: ئاقسۇ كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى مېدىتسىنا فاكۇلتېتى ئاناتومىيە تەجرىبە يېتەكچىسى

بىز ياشاۋاتقان دۇنيا



# ئەخلاقنىڭ دۈشمىنى

ئادىل ئابدۇقادىر

ھەممىز ئىنسانىيەتنىڭ ئەسىرلەردىن بۇيانقى ئەخلاقىي پرىنسىپلىرى، ئەخلاقىي قاراشلىرى بارغانسېرى ئۆزگىرىپ كېتىشكە باشلىغان، ئىنسانىيەتكە ئورتاق ئەخلاقىي نىزام، ئەخلاقىي ئاڭنىڭ دۇنيانىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى چەكلەش، يېتەكچىلىك قىلىش كۈچى ئىلگىرىكىدىن كۆپ ئاجىزلىشىپ كەتكەن، ئەخلاق يەر شارى خاراكتېرلىك كرىزىسقا تولغان بىر تارىخىي دەۋردە ياشاۋاتىمىز. بۇ خىل كرىزىسنى بىز يېقىنى ئۆز يۇرتىمىز ۋە مەھەللىلىرىمىزدە ئومۇملىشىپ، ئاشكارا سودا تۈسىنى ئالغان زىناخورلۇق، قىمارۋازلىق، ئالدامچىلىق، ھاراقكەشلىككە ئوخشاش ئەنئەنىۋى ئەخلاق قارىشىمىزغا زىت ناشايانلىقلارنىڭ يەمچۈكى سۈپىتىدە باشتىن كەچۈرۈۋاتقان بولساق، يىراقى ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنىڭ ئىراقتىكى بىگۇناھ «تۇتقۇن»لارغا قىلغان ئادەم قېلىپىدىن چىققان قىلمىشلىرى ۋە ئادالەتسىزلىكلىرىدىن كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. بىز كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان بۇ خىل ئەخلاقسىزلىقلارنىڭ بەزىلىرى ئىجتىمائىي ئەخلاق كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ، جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى پاكىزلىقىنى بۇلغايدىغان ئادەتتىكى بولمىغۇر قىلمىشلار بولسىمۇ، لېكىن يەنە بەزىلىرى ئىجتىمائىي ئەخلاق كاتېگورىيىسىدىن پۈتۈنلەي ھالقىپ كەتكەن، ئىنسانىيەتنىڭ ئادالەت، ھەق ـ ناھەق، باراۋەرلىكتىن ئىبارەت مۇقەددەس پرىنسىپلىرىنى يادرو قىلغان ئورتاق ئەخلاق نىزامى ۋە ئەخلاق ئېڭىغا زىت، ئىنسانىيەتكە ئورتاق ئەخلاقىي پرىنسىپلارنى دەپسەندە قىلىدىغان، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ نەچچە ئەسىرلىك تىرىشچانلىقى ئارقىلىق تىكلىگەن ئىنسانىي قەدىر ـ قىممەت تۇيغۇسى ۋە قىممەت قارىشىنى ئۈزۈل ـ كېسىل بەربات قىلىۋېتىدىغان، كىشىنى شۈركەندۈرىدىغان ھەم تەشۋىشلەندۈرىدىغان ئەشەددىي ئەسەبىي قىلمىشلاردۇر. بىز ئىنسانىيەتنىڭ ئەخلاق پرىنسىپلىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان بۇنداق قىلمىشلارنى ھازىرقى زامان ئاممىۋى ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ ياردىمىدە، يېقىنقى بىر قانچە يىل مابەينىدە دۇنيادا يۈز بەرگەن تەڭسىز ئۇرۇشلاردا تۆكۈلگەن قانلاردىن، ئۇرۇش ئازابىنى تارتىۋاتقان سەبىيلەرنىڭ كۆزلىرىدىن، قۇربانلىق سۈپىتىدە بوغۇزلىنىۋاتقانلارنىڭ

زارىدىن، ئۇرۇشتا ئار - نومۇسى پۈتۈنلەي دەپسەندە بولغان، ئىنسانىي ھوقۇقى ۋە قەدىر - قىممىتىنى يوقاتقان مەزلۇم خەلقلەرنىڭ رىئاللىقىدىن كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز.

بۇ خىل رىئاللىق قارىماققا دۇنيادىكى ئاز بىر قىسىم كىشىنىڭ ئازابى ۋە مۇسىبىتىدەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن بىز كۆرۈپ كېلىۋاتقان ئاشۇ رىئاللىقنى ئەخلاق نۇقتىسىدىن كۆزىتىپ، ئاشۇ قىلمىشلارنىڭ توغرا - خاتالىقىنى بىر توپ سىياسيونىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاشلاپ بېرىپ، مۇشۇ خىل رىئاللىقنىڭ تاماشىبىنى (ئەمەلىيەتتە تېلېۋىزىيە، ئىنتېرنېت تورى قاتارلىق زامانىۋى ئاخبارات ۋاسىتىلىرى ھەممىمىزنى تاماشىبىنغا ئايلاندۇرۇپ قويۇۋاتىدۇ) سۈپىتىدە سۈكۈت قىلىپ كېلىۋاتقان ياكى ئۇنى ئويۇن ئورنىدا كۆرۈپ، قىساسخورلۇقنى ئۆلچەم قىلىپ باشقا خەلقلەرنى باھانە تېپىپ بومباردىمان قىلىش، قىرغىن قىلىش ئۈچۈن ئاۋاز تاشلاپ، ئۆز داھىيلىرىنىڭ ھەرىكەتلىرىنى قوللاۋاتقان زور كۆپ قىسىم كىشىنى نەزەردە تۇتقاندا، ئۇ يەنىلا پۈتكۈل دۇنيا خەلقىنىڭ ئازابى ۋە مۇسىبىتىدۇر. چۈنكى ئەخلاق نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، باشقىلارنىڭ ئازابىنىڭ تاماشىبىنى ياكى مەزكۇر قىلمىشنىڭ قوللىغۇچىسى بولۇش ئەڭ چوڭ ئەخلاقسىزلىقتۇر. شۇڭا تاماشىبىن سۈپىتىدە كۆزەتكەندە، بۈگۈنكى دۇنيا خەلقىنى ئوخشاش بىر ئەخلاق كىرىزىسىغا دۇچ كەلمەكتە، دېيىشكە بولىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ، بۈگۈنكى دۇنيادىكى تۈرلۈك سىياسىي، ئىجتىمائىي سەۋەبلەر، دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈچلۈك - ئاجىزلىق پەرقى، پەن - تېخنىكا ۋە بەشەرىي (人文) روھ ئوتتۇرىسىدىكى تەرەققىيات تەڭپۇڭسىزلىقى، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىدا بەشەرىي روھقا ئېتىبارسىز قاراش ۋە ئۇرۇشنىڭ رەھىمسىزلىك دەرىجىسىنىڭ كۈچىيىشى كىشىلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاق ئېڭىدا بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىپلا قالماستىن، ئىنسانىيەت ئەخلاق ئېكولوگىيىسىنى بۇزۇپ، ئىنسانىيەتكە ئورتاق ئەنئەنىۋى ئەخلاق قارىشى ۋە مىزانىنىمۇ پۈتۈنلەي ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتتى. شۇڭا، ئەخلاق ئېڭى ۋە ئەخلاق پرىنسىپلىرىنىڭ بۇ خىل يەر شارى خاراكتېرلىك بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى، ئىنسانىيەت ئەخلاق قىممەت قارىشىنىڭ جەمئىيەت سىياسىي، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى ئۆزگىرىش، داۋالغۇشلارغا ئەگىشىپ تەدرىجىي يىمىرىلىشى، ئەخلاقنىڭ دۇنيانىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى چەكلەش كۈچى ۋە ئەھمىيىتىنىڭ يەر شارى خاراكتېرلىك ئاجىزلىشىشى، ئەخلاق كىرىزىسى ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرى ھەققىدە سوغۇققانلىق بىلەن ئويلىنىشىمىزنى تەقەززا قىلىدۇ.

بىزدىن بەلكىم ئۆز ئەتراپىمىزدىكى ئەخلاقسىز قىلمىشلارنىڭ سەۋەبى ھەققىدە سورالسا، ئۇنىڭ نۇرغۇن ئوبيېكتىپ سەۋەبىنى ئېيتىپ بېرەلىشىمىز مۇمكىن. ئەمما شۇ خىل ئوبيېكتىپ سەۋەبلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزىمىز كۆرگەن، ئاڭلىغان تار مەھەللىۋى مەسىلىلەرنىڭ زاھىرىي (تاشقى) كۆرۈنۈشىگە ئاساسەن خۇلاسىلانغان بولغاچقا، ئۇنىڭ بىلەن ئىنسانىيەت دۇچ كەلگەن يەر شارى خاراكتېرلىك ئەخلاق كىرىزىسىنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خىل تار مەھەللىۋى مەسىلىلەر بىر - بىرىدىن پەرقلەنگەچكە، بىزنىڭ ئۇنىڭ سەۋەبلىرى ھەققىدىكى خۇلاسىلىرىمىزمۇ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. شۇڭا، ھەممىمىز ئەخلاق كىرىزىسلىرىنى ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنىمىز. ئەمەلىيەتتە، ئىنسانىيەت، جۈملىدىن بىز دۇچ كېلىۋاتقان بۈگۈنكى ئەخلاق كىرىزىسىنى ئىنسانىيەتكە ئورتاق مەسىلىلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۈگۈنكى دۇنيادا ئەۋج ئېلىۋاتقان تۈرلۈك چوڭ - كىچىك ئەخلاقسىز قىلمىشلارنىڭ تۈرى، شەكلى، ئۇسۇلىنىڭ يەر شارى خاراكتېرلىك ئوخشاشلىقى بۇ قارىشىمىزنى يېتەرلىك دەلىللەپ بېرەلەيدۇ. شۇڭا، ئۆزىمىز ۋە ئىنسانىيەت دۇچ كېلىۋاتقان بۈگۈنكى ئەخلاق كىرىزىسلىرىنىڭ سەۋەبىنى مەھەللىۋى مەسىلىلەردىن ھالقىغان ئاساستا، ئىنسانىيەتكە ئورتاق مەسىلىلەردىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. ئىنسانىيەت مىللەت، ئىرق، دىن جەھەتتە بىر - بىرىدىن پەرقلەنسىمۇ، لېكىن ياشاش پرىنسىپلىرى، ئۆزىنى ئىدارە قىلىش، ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياج جەھەتتە يەنە نۇرغۇن ئورتاقلىققا ئىگە. بۇ خىل ئورتاقلىقلارنىڭ ھەممىسىنى گەرچە نۆۋەتتىكى ئەخلاق كىرىزىسلىرىنىڭ سەۋەبلىرى دېگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئورتاق بىر قىسىم مەسىلىلەر ئىنسانىيەتنىڭ ئەخلاق ئېڭى ۋە نىزاملىرىغا بەلگىلىك دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىپ، نۆۋەتتىكى دۇنياۋى ئەخلاق كىرىزىسىنى ئېغىرلاشتۇرماقتا. شۇڭا بىز ئىنسانىيەتنىڭ ئەخلاق سىستېمىسىغا بىر قەدەر زور تەسىر كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان سىياسىي، تېخنىكا ۋە ئۇرۇشتىن ئىبارەت ئۈچ مەسىلە ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزمەكچىمىز.

## 1. سىياسىي

ئارىمىزدا نۇرغۇن كىشى سىياسىيدىن ئىبارەت بۇ تېمىدىن ھەمىشە ئۆزىنى چەتكە ئالىدۇ، شۇنداقلا سىياسىي ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە پىكىر بايان قىلىشتىن قورقىدۇ. شۇ سەۋەبتىن نۇرغۇن كىشىنىڭ پىكرى ۋە تۇرمۇشىدا سىياسىينى چۈشەنمەسلىك ۋە سىياسىي ۋاكۇئۇملۇق شەكىللەنگەن. ئەمەلىيەتتە، سىياسىينى چۈشەنمەسلىك ۋە سىياسىي ۋاكۇئۇملۇق كىشىلەرنىڭ سىياسىي مەيداندا خاتالىشىشى ياكى سىياسىي نىشاننى پەرق ئېتەلمەسلىكىدىكى تۈپ سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولۇپلا قالماستىن، سىياسىينىڭ قورالى ياكى قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىشىدىكىمۇ مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى. بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدا بۇ جەھەتتىكى ئاچچىق تارىخىي ساۋاقلار نۇرغۇن. شۇڭا، سىياسىينى چۈشىنىشكە، سىياسىيغا توغرا پوزىتسىيە تۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ.

ئۆتمۈشتە كىشىلەرنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ھوقۇقلىرى ۋە تۇرمۇشى كاپالەتكە ئىگە بولمىغاچقا، كىشىلەر سىياسىيغا ئانچە كۆڭۈل بۆلمەيتتى، شۇنداقلا سىياسىينىڭ كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ۋە رولى ئانچە گەۋدىلىك بولمىغاچقا، نۇرغۇن كىشى سىياسىيغا بىر خىل يوچۇن نەرسە سۈپىتىدە قارايتتى. ئەمما دۇنيانىڭ تەرەققىي قىلىشى، كىشىلەر سىياسىي، ئىجتىمائىي ھوقۇقلىرىنىڭ دۆلەت ئىجتىمائىي ئاپپاراتلىرى تەرىپىدىن قوغدىلىشى، قانۇن - تۈزۈملەرنىڭ مۇكەممەللىشىشى، خەلقئارالىق ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ رولىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، كىشىلەر تەدرىجىي سىياسىيغا كۆڭۈل بۆلۈشكە ۋە ئۇنى چۈشىنىشكە باشلىدى. بولۇپمۇ يەر شارىلىشىشنىڭ كۈچىيىشى كىشىلەرنىڭ سىياسىيغا قاتنىشىش دائىرىسىنى كېڭەيتتى ھەم ئۈزلۈكسىز كۈچىيىۋاتقان خەلقئارالىق ئالاقىلەر كىشىلەردىن بەلگىلىك سىياسىي سەۋىيە تەلەپ قىلىدىغان بولدى. نەتىجىدە بۈگۈنكى دۇنيادا كىشىلەرنىڭ سىياسىينى قانچىلىك دەرىجىدە چۈشىنىشى ۋە سىياسىيغا قانچىلىك دەرىجىدە قاتنىشىشى، كىشىلەرنىڭ مەۋجۇد مەسىلىلەرگە توغرا دىئاگنوز قويۇش - قويالماسلىقىنى بەلگىلەيدىغان ۋە ئۆزىنىڭ دۇنيادىكى ئورنى، سالاھىيىتىنى توغرا بېكىتىشتە تايىنىدىغان ئۆلچەمگە ئايلىنىپ قالدى. شۇڭا، پارتىيىمىزمۇ 16 - قۇرۇلتايىدا «سىياسىي

مەدەنىيلىك»تىن ئىبارەت يېڭى ئۇقۇمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى ئۇلۇغ ئاساسىي نىشاننىڭ بىرى قىلىپ بېكىتتى. بۇ نۇقتىلاردىن ئېلىپ ئېيتقاندا، سىياسىي ھەققىدە ئىزدىنىش ۋە پىكىر يۈرگۈزۈش قانداقتۇر ئۆزىمىزنى چەتكە ئېلىشقا ياكى قورقۇشقا تېگىشلىك مەسىلە بولماستىن، بەلكى چۈشىنىش زۆرۈر بولۇۋاتقان، دەۋر تەلەپ قىلىۋاتقان مەسىلىدۇر.

بىر ئاتالغۇنىڭ بىر جەمئىيەتنىڭ قايسى ساھەسىدە كۆپ قوللىنىلىشى، قانچىلىك دەرىجىدە ۋە قايسى يوسۇندا ئومۇملىشىشىغا ئاساسەن، شۇ جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ شۇ ئاتالغۇغا بولغان چۈشەنچىسىنىڭ قانچىلىكلىكى ۋە پوزىتسىيىگە ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. بىزنىڭ تۇرمۇش ئىستېمالىمىزدا سىياسىي دېگەن بۇ ئاتالغۇ بەلكىم «سىياسىي ئۆگىنىش» شەكلىدە ئەڭ كۆپ ئۇچرىسا كېرەك. شۇڭىمىكىن، ئارىمىزدىكى ھەپتىدە يېرىم كۈن گېزىت ئوقۇپ تەكشۈرۈشتىن ئۆتتۈۋېلىش ئۈچۈن خاتىرە قالدۇرۇپ، «سىياسىي ئۆگىنىش» «ئالۋىڭى»نى تاماملايدىغان زور كۆپ قىسىم كىشىنىڭ نەزىرىدە سىياسىي پەقەت دۆلەتنىڭ سىياسەت، بەلگىلىمىلىرىنى دوگماتىك يوسۇندا ئۆگىنىپ خاتىرە قالدۇرۇش جەريانىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە بىزنىڭ تىل ئىستېمالىمىزدا «سىياسىي پاراڭ»، «سىياسىي خىزمەت»، «سىياسىي ۋەزىپە» دېگەندەك سۆز بىرىكمىلىرىمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ. كىشىلەرنىڭ مۇشۇ ئاتالغۇلارنى قوللىنىش چۈشەنچىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، سىياسىي بىلەن ئەخلاقنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى بۇ مۇلاھىزە نۇرغۇن كىشىنىڭ نەزىرىدە بەلكىم مەنتىقىگە سىغماسلىقى مۇمكىن. ئەگەر شۇنداق بولسا، بۇمۇ بىزنىڭ سىياسىيغا بولغان چۈشەنچىمىزنىڭ يېتەرسىزلىكىدىن بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، سىياسىي بىر جەمئىيەتنىڭ ئەخلاق سىستېمىسىغا ئەڭ چوڭ تەسىر كۆرسىتىدىغان، بىر جەمئىيەتتىكى ئەخلاق كۈرسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىنى بەلگىلەيدىغان، كىشىلەرنىڭ ئەخلاق پوزىتسىيىسىنى يېتەكلەيدىغان كۈچ.

نۇرغۇن كىشىنىڭ نەزەرىيىۋى بىلىمى ۋە چۈشەنچىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، سىياسىي ئىقتىسادنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى بولۇپ، ئۇ بىر جەمئىيەتتىكى ئوخشىمىغان پارتىيە - گۇرۇھلار ۋە سىنىپلارنىڭ مەسىلىلەر ئۈستىدىكى مەيدانى، نىشانى ۋە ئۇسۇلىنىڭ ئوخشاشماسلىقىدا مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ. مانا بۇ، بىز دەرسلىك ماتېرىياللار ئارقىلىق ئۆگىنىپ ئۆزلەشتۈرگەن سىياسىي ھەققىدىكى بىر قەدەر ئومۇملاشقان چۈشەنچە. ئەمەلىيەتتە سىياسىي ئەڭ ئالىي ھوقۇقنىڭ بىر خىل ئىپادىلىنىش شەكلى بولۇپ، دۆلەت دەل مۇشۇ خىل ئالىي ھوقۇقتىن تەشكىللەنگەن بىر چوڭ سىياسىي گەۋدە. يەنى سىياسىي دۆلەت ھاكىمىيىتى ئارقىلىق ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ، شۇنداقلا دۆلەت ھاكىمىيىتىمۇ سىياسىيغا تايىنىپ ئۆزىنىڭ ھاكىمىيەت پروگراممىسىنى يولغا قويىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، سىياسىينى دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ مەلۇم بىر تېررىتورىيىنى كونترول قىلىش جەريانىدىكى ئىرادىسى ۋە تەدبىرىنىڭ ئىپادىلىنىشى دېيىشكە بولىدۇ. شۇنداقكەن، سىياسىي نوقۇل ئىقتىسادنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى بولۇپلا قالماستىن، دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ مەلۇم بىر تېررىتورىيىدە ئۆز ئىرادىسىنى ئىپادىلەش ۋە تەدبىرىنى يولغا قويۇش جەريانىدۇر.

ئەمدى دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ ئىرادىسى ۋە تەدبىرى دۆلەت پۇقرالىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا سايلام، مائارىپ، ئەدلىيە، قانۇن ئاپپاراتلىرى ۋە ھاكىمىيەت كونتروللۇقىدىكى باشقا تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئاپپاراتلار ئارقىلىق كونكرېتلىشىدۇ ۋە ئىشقا ئاشىدۇ. شۇڭا، پۇقرالارنىڭ ھەرىكىتى ھەر ۋاقىت سىياسىينىڭ كونتروللۇقىدا بولغان بولىدۇ. سىياسىينىڭ بۇ خىل كونتروللۇقى پۇقرالارنىڭ دۆلەت مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ئۈستىدىكى مەيدانى، پوزىتسىيىسىنىڭ ھاكىمىيەتنىڭ ئىرادىسى بىلەن بىردەك بولۇشىدا مەركەزلىك ئىپادىلىنىپلا قالماستىن، سىياسىينىڭ پۇقرالارنىڭ خاراكتېرىگە بولغان تەسىرىدىمۇ روشەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خىل تەسىرنى ئوخشاش بولمىغان سىياسىي تۈزۈلمە ئاستىدىكى خەلقلەرنىڭ خاراكتېرىدىكى پەرقلەردىن كۆرۈۋالماق تەس ئەمەس. بىز ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ ئوخشاش مەسىلىلەر ئۈستىدىكى پوزىتسىيىسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى، ئۇلارنىڭ خاراكتېرى، تۇرمۇش قارىشى جەھەتتىكى پەرقلەر ئۈستىدە توختالغاندا ھەمىشە مەدەنىيەت، تارىخ، جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكلەرنىڭ رولىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ، سىياسىينىڭ بۇ جەھەتتىكى تەسىرىگە سەل قارايمىز. ئەمەلىيەتتە بۇ خىل پەرقلەرنىڭ شەكىللىنىشىدە سىياسىينىڭمۇ مۇئەييەن نىسبەتتە رول ئوينايدىغانلىقىنى چەتكە قاققىلى بولمايدۇ. چۈنكى سىياسىي پۇقرالار خاراكتېرىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ. مەسىلەن، 2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى گېرمانىيە خەلقىنىڭ گېرمان مىللىتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشى، يەھۇدىيلارنى ئىنتايىن پەس كۆرۈشتەك تەكەببۇر، قىساسخور خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىشىنى شۇ بىر دەۋردىكى ھىتلېر باشچىلىقىدىكى ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ سىياسىي تەشەببۇسى ۋە SSچىلارنىڭ يەھۇدىيلارغا قاراتقان زوراۋان سىياسىتىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. چۈنكى شۇ بىر دەۋردىكى گېرمان خەلقىدە ئىپادىلەنگەن ئىنسان تەبىئىتى ۋە ئەخلاق ئېڭىغا زىت بىنورمال خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىش سەۋەبىگە گېرمان خەلقىنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتىدىن قايىل قىلارلىق جاۋابقا ئېرىشكىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئامېرىكا قاتارلىق غەرب ئەللىرىدىكى ئىنسانىنىڭ تەبىئىتى ۋە ئەخلاق ئېڭىغا زىت بولغان پاھىشە، بەچچىۋازلىق قىلمىشىنىڭ قانۇنلىشىشى، كۆپ قىسىم غەربلىكنىڭ ئەر - ئايال ئوتتۇرىسىدىكى نىكاھسىز ئەر - ئاياللىق مۇناسىۋەتنى بىر خىل ھوقۇق، ئەركىنلىك دەپ قارىشىنى پۈتۈنلەي غەرب دېموكراتىزمىنىڭ مەھسۇلى دېيىشكە بولىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مىساللار يەنە نۇرغۇن بولۇپ، بىز يەنە ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىدە ئىپادىلەنگەن ئائىلە مەدەنىيىتى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر ۋە شەخسلەرنىڭ خاراكتېرىنى ئوخشىمىغان سىياسىي تۈزۈملەرنىڭ ئاستىغا قويۇپ تۇرۇپ كۆزىتىدىغان بولساق، سىياسىينىڭ بۇ جەھەتتىكى تەسىرىنى، پۇقرالار خاراكتېرىنىڭ يۆنىلىشى ياكى ياخشى - يامان بولۇشىنى جەمئىيەتنىڭ ئەخلاق ئۆلچىمىدىن كۆرە دۆلەتنىڭ سىياسىي پروگراممىسى بەكرەك بەلگىلەيدىغانلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز. شۇڭا، نۆۋەتتە دۇنيانى قاپلىغان «غىدىقلىما مەدەنىيەت» تۈسىنى ئالغان شاللاقلىقلارنىڭ ئەۋج ئېلىشى ۋە دۇنيا خاراكتېرلىك باش كۆتۈرۈۋاتقان شاللاقلىق، شەھۋانىيلىق قاتارلىق ئەخلاق كرىزىسلىرىنىڭ سەۋەبلىرى ھەققىدە ئىزدەنگەندە، ئوخشىمىغان سىياسىي تۈزۈلمىلەرنىڭ پۇقرالار خاراكتېرىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ.

ئەمدى سىياسىينىڭ پۇقرالارنىڭ خاراكتېرىگە بولغان تەسىرى جەمئىيەتتە كەيپىيات شەكىللەندۈرىدۇ. كەيپىيات بىر جەمئىيەتتىكى كىشىلەر روھىي ھالىتىنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشى بولۇپ، ئۇ بىر

www.uyghurkitap.com

جەمئىيەتنىڭ ئەخلاق سىستېمىسى، ئەخلاق ئۆلچىمى، كىشىلەرنىڭ ئەخلاق ئېڭىغا زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. چۈنكى كەيپىيات جەمئىيەت ئەزالىرىنى يېتەكلەش خاراكتېرىگە ئىگە. ئەمما بىر جەمئىيەتتە قانداق كەيپىياتنىڭ ئەۋج ئېلىشى ياكى چەكلىنىشى، ئۇنىڭ جەمئىيەتنىڭ ئەخلاق ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن بولۇش ـ بولماسلىقى بىلەن ئەمەس،بەلكى سىياسىينىڭ ئېھتىياجى بويىچە بولىدۇ. يەنى مەلۇم بىر خىل كەيپىيات سىياسىينىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كەلسە، ئەخلاق ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كەلمىسىمۇ ئۇ چەكلەنمەيدۇ، بەلكى تەشەببۇس قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا بولسا، ئۇ چەكلىنىدۇ. بىز بۇنى غەرب جەمئىيىتىدىكى بەچچىۋازلىقنىڭ قانۇنلىشىشى ۋە نىكاھ ئەقىدىسىنىڭ يىمىرىلىشىدىن كۆرۈۋالالايمىز. غەربتە بەچچىۋازلىقنىڭ قانۇنلىشىشى، ئەمەلىيەتتە سايلام رىقابىتىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى بولۇپ، ئۇنىڭ قانۇنلىشىشىنى مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، سىياسىينىڭ ئېھتىياجى بەلگىلىگەن. ئەمدى نىكاھ ئەقىدىسىنىڭ يىمىرىلىشىنى بولسا، ئۇنىڭ غەرب سىياسىيونلىرى ئۈچۈن بەچچىۋازلىقنى قانۇنلاشتۇرۇشچىلىك ئەھمىيىتىنىڭ بولمىغانلىقى بەلگىلىگەن.

سىياسىينىڭ ئەخلاقتا بولغان ئەڭ زور بۇزغۇنچىلىقى يەنە سىياسىي مەقسەتنىڭ ھەمىشە ئەخلاقىي پرىنسىپتىن ئۈستۈن تۇرۇشىدا مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ. سىياسىي مەقسەت سىياسىيونلارنىڭ سايلام، دىپلوماتىيە ۋە ئۇرۇش قاتارلىق سىياسىي پائالىيەتلەردىكى تەدبىر بەلگىلىشى ۋە قارار چىقىرىشىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئىچكى ئامىل بولۇپ، نۇرغۇن سىياسىيون سايلام، دىپلوماتىيە ۋە ئۇرۇشتا تاللاش ۋە تەدبىر بەلگىلەشكە دۇچ كەلگەندە، سىياسىي مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ھەمىشە ئەخلاقىي پرىنسىپنى دەپسەندە قىلىدۇ. بىز بۇنى غەربنىڭ سايلام ۋە دىپلوماتىيە سىياسىتىدىكى ئالدامچىلىق ۋە تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنىڭ ماھىيىتىدىن كۆرۈۋالالايمىز. سىياسىيونلار سىياسىي تاللاشقا دۇچ كەلگەندە ئۆزىنىڭ سىياسىي مەقستىگە يېتىش ئۈچۈن ھەمىشە ۋاستە تاللاپ ئولتۇرمايدۇ. شۇنداقلا قايسى خىل ۋاستە ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سىياسىي مەقستىگە ئەڭ تېز يېتەلىسە شۇ خىل ۋاستىدىن پايدىلىنىۋېرىدۇ. شۇڭا، باشقا ھەرقانداق بىر ساھەگە قارىغاندا سىياسىي ساھەدە ئالدامچىلىق، قەستلەپ ئۆلتۈرۈش، ئىغۋاگەرچىلىك، باشقىلارنىڭ خۇسۇسىي مەخپىيەتلىكىنى ئاشكارىلاش دېگەندەك ئەڭ ئەخلاقسىز قىلمىشلار كۆپ يۈز بېرىدۇ. سىياسىيونلار سىياسىي مەقسەتكە يېتىش جەريانىدىكى بۇ خىل ئەخلاقسىزلىقلارنى ھەمىشە «دۆلەت مەنپەئىتى»دىن ئىبارەت ئۇقۇم بىلەن پەردازلاپ، كىشىلەرنى ئۆز قارارى ۋە تاللىشىنىڭ توغرىلىقىغا ئىشەندۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ. ئەمما، ئىنسانىيەتنىڭ يېقىنقى بىرقانچە يۈز يىللىق تارىخىغا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، سىياسىيدا تەرغىب قىلىنىۋاتقان «دۆلەت مەنپەئىتى»دىن ئىبارەت بۇ ئۇقۇمنىڭ قانچىلىغان بىگۇناھ كىشىنىڭ ئۆزئارا قىر ـ چاپ قىلىشىغا، قانچىلىغان مەدەنىيەتنىڭ ئۇرۇش ئاپىتى تۈپەيلى ۋەيران بولۇشىغا ۋە قانچىلىغان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىغا سەۋەب بولغانلىقىنى، شۇنداقلا مۇشۇ ئۇقۇمنىڭ قانچىلىغان كىشىنى ۋەھشىيلىك ـ زوراۋانلىققا خۇمار قىلىپ قويغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئەمدى مۇبادا بۇلارغا ئەخلاق نۇقتىسىدىن ھۆكۈم چىقىرىشقا توغرا كەلسە، سىياسىينىڭ بۇ جەھەتتە قانداق رول ئوينىغانلىقىغا باھا بېرىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ. سىياسىيدىكى «دۆلەت مەنپەئىتى»دىن ئىبارەت بۇ ئۇقۇم ئەمەلىيەتتە سايلىغۇچىلارنى ھەق ـ ناھەق مەسىلىسىدىكى تاللاشتا سىياسىيونلارنىڭ قارارىنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇشتىكى بىر خىل ساختا چاقىرىق بولۇپ، ئۇ زور كۆپ قىسىم سىياسىيون ئۈچۈن سايلىغۇچىلارنى مەڭگۈ ئالدىشتىكى بىر خىل دىنىي ئەقىدە تۈسىگە ئىگە ۋاستىدىن ئىبارەت، خالاس. شۇڭا، ھەرقانداق بىر سىياسىيون ئۆز سايلىغۇچىلىرىنىڭ ئىشەنچىسىدىن مەھرۇم قېلىش كرىزىسىگە دۇچ كەلگەندە ياكى سايلىغۇچىلارنى ئۆز قارارىغا ئەگەشتۈرمەكچى بولغاندا ھەمىشە «دۆلەت مەنپەئىتى»دىن ئىبارەت دەستەككە تايىنىدۇ. بۇ قارىشىمىزغا مۇشۇ ئۇقۇمنىڭ ھەمىشە دۆلەت كرىزىسكە دۇچ كەلگەن ياكى بىرەر مەسىلە سايلىغۇچىلارنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشى ئۈچۈن ئاۋازغا قويۇلغاندا ئوتتۇرىغا چىقىشى دەلىل بولالايدۇ.

ئەمدى سىياسىينىڭ ئەخلاقتا بولغان بۇ خىل بۇزغۇنچىلىقىنى بىر جەھەتتىن سىياسىيغا بولغان چۈشەنچىمىزنىڭ چولتىلىقى تۈپەيلى تولۇق ھېس قىلالمىغان بولساق، يەنە بىر جەھەتتىن سىياسىينىڭ ئەخلاقتا بولغان بۇ خىل بۇزغۇنچىلىقىنى ھەمىشە سىياسىينىڭ دەخلىسىزلىكى ۋە سىرلىقلىقىدىن ئىبارەت بىر قەۋەت ساختا نىقاب ئوراپ تۇرغاچقا، نۇرغۇنلىرىمىز ئۇنى ئۆزىمىز مەۋجۇد دەۋردە پەرق ئېتەلمەيمىز.

## 2. تېخنىكا

بۈگۈن ھەممىمىز پەن ـ تېخنىكا يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان، پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئىنسانىيەت تەرەققىياتىدىكى رولى دۇنيا ئاھالىسى تەرىپىدىن بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان، كىشىلەر پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق ھەممىنى قىلغىلى بولىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىدىغان بىر دەۋردە ياشاۋاتىمىز. دەرھەقىقەت، پەن ـ تېخنىكا ھاياتلىقىمىزنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ كەتتى. بولۇپمۇ پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئۇچۇر ـ ئالاقە، قاتناش، تېبابەت، تەتقىقاتتىكى مىسلىسىز تەرەققىياتى ياشاش مۇھىتىمىزدىكى ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرگە سەۋەب بولۇۋاتىدۇ. بۈگۈنكى كىشىلەرنىڭ خۇسۇسىي تۇرمۇشىنىمۇ پەن ـ تېخنىكىنىڭ رولىسىز تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ دېسەك، بەلكىم كۆپتۈرۈۋەتمىگەن بولىمىز. چۈنكى بۇرۇن كىشىلەر «نېمىلەرنىڭ يۈز بېرىشىنى كۈتۈپ ياشىغان بولسا»، ھازىر نۇرغۇنلىرىمىز پەن ـ تېخنىكىنىڭ رولىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، «يۈز بەرگۈسى ئىشلارنى ئالدىن بەلگىلەپ ياشاۋاتىمىز». شۇڭا، نۇرغۇن كىشى پەن ـ تېخنىكىنى بىر خىل قۇدرەتلىك كۈچ، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. بۇ خىل ئېتىقاد بىز ياشاۋاتقان بۇ دەۋرنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى بولۇپ، ئۇ ئىنسانلار تارىختىن بۇيان مۇقەددەس بىلىپ كېلىۋاتقان بارلىق ئېتىقادلارنىڭ ئورنىنى تەدرىجىي ئىگىلىمەكتە. بىز بۇنى دۇنيا مىقياسىدىكى تۆرلۈك دىنىي ئېتىقادلارنىڭ تەدرىجىي سۇسلىشىۋاتقانلىقى ھەم پەن ـ تېخنىكىنىڭ شەرتسىز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ تەدرىجىي تىكلىنىۋاتقانلىقىدىن كۆرۈۋالالايمىز. ئەمما يەنە شۇنىمۇ ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، پۈتكۈل دۇنيادا پەن ـ تېخنىكىغا بولغان ئېتىقاد ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۇنىڭ كۆلەڭگىسىمۇ تەدرىجىي زورايماقتا. يەنى پەن ـ تېخنىكىنىڭ بەختىنىڭ سىمۋوللۇقىدىن ھالقىپ، ئۇرۇش ۋە زوراۋانلىقتىن ئىبارەت بەختسىزلىك مەنبەسىنىڭ ۋاستىسىگە ئايلىنىپ كېتىشى ھەم ئۇنىڭ تەرەققىيات جەھەتتىكى ئېنىقسىزلىقى كىشىلەردە بىر خىل يەر شارى خاراكتېرلىك تەشۋىش ۋە ئەندىشە پەيدا قىلماقتا. بۇ خىل تەشۋىش بىر مەھەل «يادرو ئۇرۇشى» تەشۋىشى تۈسىنى ئالغان بولسا، كلون قويى دولىنىڭ دۇنياغا

كېلىشى ۋە ئارقىدىنلا «كلون ئادەمى» تەتقىقاتى مۇمكىنچىلىكىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى كىشىلەرنى ئۆز مەۋجۇدلۇقىنىڭ يادرو ئورنىدىن ھالقىغان يېڭى بىر خىرىسقا دۇچ كېلىدىغانلىقىغا ئىشەندۈردى. نەتىجىدە كلون تېخنىكىسىنى چۆرىدەپ دۇنيادا تېخنىكا بىلەن ئەخلاقنىڭ مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت يېڭى بىر مۇنازىرە تېمىسى ئوتتۇرىغا چىقتى.

تېخنىكا بىلەن ئەخلاقنىڭ مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت بۇ تېما ئىلىم ساھەسىدە خېلى بۇرۇنلا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بۈگۈنكىدەك مۇنازىرە پەيدا قىلمىغان ھەم كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتمىغانىدى. چۈنكى كلون تېخنىكىسى دۇنياغا كېلىشتىن ئىلگىرى كىشىلەر تېخنىكىنى بىر خىل ۋاستە، ئادەم بىلەن دۇنيا ئوتتۇرىسىدا مۇناسىۋەت شەكىللەندۈرۈشنىڭ ئۇسۇلى، دەپ قارايتتى ھەم ئىنسانلارنىڭ ئۇنى كونترول قىلالايدىغانلىقىدىن ئۈمىدۋار ئىدى. شۇڭا يەن ـ تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پۈتكۈل دۇنيانىڭ ئورتاق شوئارىغا ئايلىنىپ، يەن ـ تېخنىكا دۇنيا بويىچە تورلاشقان ھەم كۆلەملەشكەنىدى. ئەمما كلون تېخنىكىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى، تېخنىكىنىڭ ئادەمنى ئۆزئىچىگە ئالغان ھەممە نەرسىنى نەرسىلەشتۈرۈۋېتەلەيدىغانلىقىنى مۇقەررەرلەشتۈردى. شۇنداقلا ھازىرقى زامان يەن ـ تېخنىكىسىدىكى ھەممە نەرسىگە تەتقىقات ئوبيېكتى سۈپىتىدە قارايدىغان بۇ خىل پوزىتسىيە مىكروسكوپ، تېلېسكوپلار بىلەن كۆزىتىپ، تەجرىبە ئۈستىلىدە تەتقىق قىلىپ يەكۈن چىقارغىلى بولمايدىغانلىكى نەرسىلەرنىڭ ئەھمىيىتىنى سۇسلاشتۇرۇپ، شەيئىلەرنىڭ قىممىتى، جۈملىدىن ئىنسانلارنىڭ قىممەت قارىشىغا خىرىس شەكىللەندۈردى. بۇ خىل خىرىس ئالدى بىلەن دىنىي ئېتىقادنىڭ يەر شارى خاراكتېرلىك سۇسلىشىشى، سەنئەت ـ مەدەنىيەتنىڭ پۇچەكلىشىشى ۋە ئەخلاقنىڭ چۈشكۈنلىشىشىدە روشەن ئىپادىلەنگەن بولسا، ئەمدىلىكتە ئىنسانلار بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ بۇزۇلۇشى، ئىنسانلار مەۋجۇدلۇق ئېكولوگىيىسىنىڭ تەڭپۇڭسىزلىشىشىدا يۇقىرى چەككە يەتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتتە يەن ـ تېخنىكىغا بولغان قارىغۇلارچە چوقۇنۇشنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى ئىدى.

خوش، ئۇنداقتا تېخنىكا ئەخلاققا قانداق تەسىر كۆرسىتىدۇ؟

تېخنىكىنىڭ ئەخلاققا بولغان تەسىرى ھەرگىزمۇ بىۋاستە بولمايدۇ. يەنى مەخسۇس ئەخلاققا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ھېچقانداق بىر تېخنىكا ياكى تېخنىكىلىق بۇيۇم يوق. شۇڭا، تېخنىكىنىڭ ئەخلاققا بولغان تەسىرىنى چۈشىنىشتە ئالدى بىلەن مۇشۇ مەسىلىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى بىلىشكە، ئاندىن تېخنىكىنىڭ نېمىلەرنى قىلغانلىقىنى ئەمەس، بەلكى ئىنسانلارنىڭ تېخنىكىنى ۋاستە قىلىپ نېمىلەرنى ئۆزگەرتۋەتكەنلىكى ھەم تېخنىكىغا بولغان خاتا پوزىتسىيىسىنىڭ بىزنى نېمىلەردىن مەھرۇم قىلغانلىقىنى چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

تېخنىكا ـ ئىنسانلارنىڭ ئۆز مەقسىتى ئۈچۈن شەيئىلەرنى ئۆزگەرتىش ۋە قۇراشتۇرۇشتىكى ۋاستىسى، ھايدېگېرنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا: «تېخنىكا ئىنسانلار بىلەن دۇنيا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت شەكىللەندۈرۈشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى». تەبىئەت دۇنياسىدىكى مەيلى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان ياكى بولمايدىغان ھەرقانداق بىر شەيئىنىڭ خاراكتېرىدە ياخشى ـ يامانلىق مەۋجۇد بولمايدۇ، ئۇلار پەقەت ئىنسانلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈنلا ئاتا قىلىنغان. ئەمما ئىنسانلار شەيئىلەردىن پايدىلىنىشتا ھەمىشە تېخنىكىنى ۋاستە قىلغاچقا، شەيئىلەرنىڭ ئىنسانلار ئۈچۈن بەخت ياكى بالا ـ قازاغا سەۋەب بولۇپ قېلىشىنى، ئىنسانلار شۇ شەيئىنى قايسى مەقسەت ئۈچۈن ئىشلىتىشلا ئەمەس، مۇئەييەن نىسبەتتە تېخنىكىنىڭ شەيئىلەردىن ھالقىغان تەسىرىمۇ بەلگىلەيدۇ. تېخنىكىنىڭ شەيئىلەردىن ھالقىغان تەسىرى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت تۇرمۇشىدا ئوينىغان ئىككىلەمچى رولىدا مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ. يادرو تېخنىكىسىنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، ئۇنىڭ بۈگۈنكى دۇنيانىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدا كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقى ۋە زومىگەرلىكنىڭ سىمۋولىغا ئايلىنىپ قېلىشىنى دەل يادرو قۇۋۋىتىنىڭ ئەسلىي شەيئىلىك ھالىتىدىن ھالقىغان تەسىرىنىڭ دۇنيانىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدا ئوينىغان رولى بەلگىلىگەن. تېخنىكا بىلەن ئەخلاق ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ مۇناسىۋەت دەل تېخنىكىنىڭ شەيئىلەردىن ھالقىغان تەسىرى بىلەن ئەخلاق ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشتىن كېلىپ چىققان.

دۇنيادا ھەر خىل تېخنىكىلارنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئومۇملىشىشى ۋە تېخنىكا ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنىڭ كۈچىيىشى تېخنىكىنىڭ شەيئىلەردىن ھالقىغان تەسىرىنى تېخىمۇ كېڭەيتىۋەتتى. بۇ خىل تەسىرنىڭ كېڭىيىشى ئادەم بىلەن تېخنىكىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۆزگەرتىۋەتتى، يەنى ئادەملەر قارىماققا تېخنىكىنى كونترول قىلىپ، ئۆزلۈكسىز ئىختىرا بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئۆزئارا باغلىنىپ بارغانسېرى سىستېمىلىشىپ كېتىۋاتقان ھازىرقى زامان يەن ـ تېخنىكىسى ئادەملەرنىڭ مەۋجۇدلۇق مۇھىتىنى قورشاپ، ئۇلارنى تەدرىجىي ھالدا تېخنىكىغا پاسسىپ تايىنىدىغان قىلىپ قويدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئادەملەرنىڭ ھازىرقى زامان يەن ـ تېخنىكىسىنى كونترول قىلىشتىكى تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقى يوقالدى. بۇ، تېخنىكىنىڭ پۈتكۈل دۇنيادا تورلىشىشى ۋە كۆلەملىشىشىدە ئىپادىلىنىپلا قالماستىن، ئۇنىڭ ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ نەزىرىدە شەيئىلەرنىڭ قىممىتىنى بېكىتىشتىكى بىر خىل ئالاھىدە ئۆلچەمگە ئايلىنىپ كەتكەنلىكىدىمۇ مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ.

بۇرۇن كىشىلەر شەيئىلەرنىڭ قىممىتىگە ئۇنىڭ ئەمەلىي پايدىلىنىش قىممىتىنىڭ بار ـ يوقلۇقىغا قاراپلا ئەمەس، بەلكى ھەر بىر شەيئىنىڭ تەبىئەت بىلەن، ئادەم بىلەن بولغان ئىچكى دىئالېكتىك باغلىنىشىغا قاراپ باھا بېرەتتى. ئادەملەر بىلەن شەيئىلەر، جۈملىدىن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تېخنىكىسىز، تەبىئىي مۇناسىۋەت بولۇپ، كىشىلەر تەبىئەتنى ئۆزىنىڭ بىر قىسمى، ئۆزىنى تەبىئەتنىڭ بىر قىسمى دەپ قارايتتى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەر بىر شەيئى پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە نەرسە بولۇپلا قالماستىن، ئۇلار ياراتقۇچىنىڭ تەبىئەتتىكى بۈيۈك ئەسىرى ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئۆزىدىن باشقا شەيئىلەرنىمۇ ئۇلۇغلايتتى، ھەر بىر شەيئىدىن ئۆزگىچە بەدىئىيلىك ياكى قىممەت ئىزدەيتتى. بىز بۇلارنى بۇرۇنقىلار ئىجاد قىلغان ئۆلمەس سەنئەت، مەدەنىيەت مىراسلىرىدا ئىپادىلەنگەن تېماتىك ئىدىيىدىن، بۇرۇنقىلارنىڭ تەبىئەت بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن توتېم ئەقىسىدىن ھەم تەبىئەت ھادىسىلىرى، تەبىئەتتىكى شەيئىلەر مۇقەددەسلەشتۈرۈلگەن ھەرخىل دىنلاردىن ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز.

ئەمدى تېخنىكىنىڭ دۇنيادىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، كىشىلەر شەيئىلەرنىڭ قىممىتىنى ئالدى بىلەن تەجرىبە ئۈستىلىدە بېكىتىدىغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئىلگىرىكىلەر شەيئىلەردىكى سېھرىي كۈچكە ئىگە، دەپ قارىغان نۇرغۇن نەرسە ئاستا ـ ئاستا

www.uyghurkitap.com

يوقىلىشقا باشلىدى. تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەممە نەرسە تېخنىكىلىق پىششىقلاپ ئىشلىنىدىغان خام ماتېرىيالغا ئايلىنىپ، ئۇلارنىڭ قىممىتىنى ئىنسانلارنىڭ ئىستېمالى بەلگىلەيدىغان بولدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئادەملەر بىلەن شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى تەبىئىي مۇناسىۋەتنىڭ ئەزگۈلىكلىكى ۋە ئىچكى ماسلىقى بۇزۇلۇپ، ئادەم بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تېخنىكىنى ۋاستە قىلغان مېخانىك مۇناسىۋەتكە ئايلىنىشقا باشلىدى. بۇ خىل مۇناسىۋەت تەبىئەتتىكى ئېنېرگىيە مەنبەلىرىنى خالىغانچە ئېچىش، تەبىئىي دېڭىز - كان بايلىقلىرىنى قالايمىقان قېزىش، ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلاش قاتارلىق تەبىئىي ئېكولوگىيىنى بۇزۇش خاراكتېرىدىكى ھەرىكەتلەردە تېخىمۇ كونكرېتلاشتى. كىشىلەر بۇرۇنقىلارغا ئوخشاش زېمىننى ئادەمنىڭ يارىلىشى بىلەن باغلاپ ئۇلۇغلىمايدىغان، بەلكى ئۇنى بىر خىل كان دەپ قارايدىغان، ھايۋانلارنى ئۆز دوستى دەپ قارىماستىن، ئۇنى پىششىقلاپ ئىشلىنىدىغان گۆش دەپ قارايدىغان بولدى.

ئادەم بىلەن شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل مۇناسىۋەت ئۆزگىرىشىنىڭ تېخنىكا ۋاستىسى ئارقىلىق بارغانسېرى كۈچىيىشى، نوقۇل ئادەم بىلەن شەيئى ئوتتۇرىسىدىكى مېخانىكىلىق مۇناسىۋەت دائىرىسىدىن ھالقىپ، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە پۈتكۈل دۇنيانى قاپلىغان ھەرخىل نامدىكى شىركەت، كارخانا، گۇرۇھلار ئارقىلىق تەدرىجىي ھالدا ئادەملەر مۇناسىۋىتىگىمۇ تەسىر يەتكۈزدى. يەنى ئادەملەر تۈرلۈك مەنپەئەت رىقابىتىنى بىرلىك قىلغان شىركەت، كارخانا، گۇرۇھلارنىڭ ياللانغۇچىلىرى سالاھىيىتى بىلەن تۈركۈملەپ تەشكىللىنىپ، ئەسلىدىكى دۆلەت، مىللەت، ئىرق، دىنىنى بىرلىك قىلغان پۈتۈنلۈكتىن پارچىلاندى. بۇنىڭ بىلەن ئوخشاش دۆلەت، مىللەت ۋە بىر خىل دىندىكى ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىمۇ مەنپەئەت رىقابىتى شەكىللىنىپ، كىشىلەرنىڭ مەنىۋى بىرلىكى تەدرىجىي پارچىلاندى. بۇ خىل پارچىلىنىش كىشىلەر مەنىۋى بىرلىكىنىڭ ئاساسىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھېسداشلىق، سەمىمىيلىك ۋە كەڭ قورساقلىقنى يوق قىلدى. ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە ئالدامچىلىق، ساختىپەزلىك، كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى بوزەك قىلىشتەك ئىجتىمائىي ئەخلاققا زىت قىلمىشلار ئەۋج ئالدى.

بۇلاردىن باشقا، پەن - تېخنىكىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى جەمئىيەتتىكى مەنپەئەت رىقابىتىنى بارغانسېرى كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى. رىقابەتنىڭ كەسكىنلىشىشى كىشىلەرنىڭ تېخنىكا ۋە ئىختىرا بىلەن شۇغۇللىنىش مەقسىتىنى، «ئىنسانىيەتكە بەخت يارىتىش» نىشانىدىن ماددىي مەنپەئەتكە بۇرىۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن تېخنىكىدىكى بەشەرىي روھ بارغانسېرى ئاجىزلىشىپ، كىشىلەر ئۆز ئىجاد - ئىختىرالىرىنىڭ ئىنسانىيەتكە بالا - قازا بولۇپ قېلىشىدىنمۇ غەم تارتمايدىغان بولدى. نەتىجىدە قىرغىنچىلىقى زور قورال، ئادەملەرنى پروبىركىدا يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسىدىن تارتىپ، جىنسىي ھەۋەسنى قوزغايدىغان دورا، ئاياللارنىڭ كۆكسىنى يوغىنىتىدىغان تېخنىكىلىق بۇيۇملار، ھەتتا سۈنئىي ھۇزۇرلىنىش بۇيۇملىرىغىچە ھەممىسى ئىختىرا قىلىندى. شۇنداقلا ئادەملەر ئەخلاقنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، بۇلاردىن «ئىلمىي» پايدىلىنىدىغان بولدى.

تېخنىكىنىڭ ئەخلاققا كۆرسەتكەن ئەڭ چوڭ تەسىرى يەنە مەدەنىيەت - سەنئەتنىڭ پۇچەكلىشىپ كېتىشىدە مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ. مەدەنىيەت - سەنئەت ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى ئىپادىلەش ۋە يۈكسەكلىك ئىزدەشتىكى مۇقەددەس قورالى بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ تاكى 18 - ئەسىرگىچە بولغان نەچچە مىڭ يىللىق تارىخى ئاساسلىقى مەدەنىيەت - سەنئەت تارىخى بولغانىدى. بۇ جەرياندا ئىنسانلار ئەدەبىيات، رەسساملىق، مۇزىكا، ھەيكەلتىراشلىق، بىناكارلىق قاتارلىق ساھەلەردە مىسلى كۆرۈلمىگەن ئاجايىپ نادىر ئەسەرلەرنى ياراتقانىدى. ئەمما تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ باشلىنىشى بىلەن تەڭ ئىنسانلار غەربچە پارلاق تەرەققىيات دەۋرىگە قەدەم قويغان بولسىمۇ، لېكىن تېخنىكىنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئومۇملىشىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئىنسانلارنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت بىلەن شۇغۇللىنىش بوشلۇقى بارغانسېرى تارىيىپ، كىشىلەر مەدەنىيەت - سەنئەتنىڭ ئېستېتىك قىممىتىگە ئېتىبارسىز قارايدىغان بولۇۋالدى. بەزى ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر ئۇنى جان بېقىشنىڭ قورالى قىلىۋالدى. نەتىجىدە كىشىلەر سەنئەتتىن يۈكسەكلىك ئىزدىمەي، ئۇنى بىر خىل كۆڭۈل ئېچىش قورالى دەپ قارايدىغان، ئۇنىڭدىن سەزگۈلىرىنى قوزغىتىدىغان شاللاقلىق ئىزدەيدىغان بولۇۋالدى. بۇنىڭ بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ يۈكسەكلىكى يوقىلىپ، ھازىرقى زامان ئەخلاق كرىزىسى ئالدى بىلەن سەنئەت ۋە مەدەنىيەتتىن باشلاندى. دۇنيادا كېچىلىك بەزمىخانا — قاۋاقخانىلارنى مەركەز قىلغان مادونناچە شەھۋانىي سەنئەت ئومۇملىشىشقا باشلاپ، كىشىلەر ياراتقۇچىنى مەبۇد بىلىشنىڭ ئورنىغا ئۆز غىلجىڭلىقى ۋە سەتەڭلىكى بىلەن كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان ھولليۋود كىنو - ناخشا چولپانلىرىنى «مەبۇد» بىلىپ چوقۇنىدىغان بولۇۋالدى. بۇ ھەقتە ئامېرىكىنىڭ سابىق رەئىس جۇمھۇرى كارتېرنىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىك ئىشلىرى ياردەمچىسى برژېنىسكىي مۇنداق دەيدۇ: «مۇبالىغە قىلماي ئېيتالايمەنكى، ھولليۋود فىلىملىرى ۋە باشقا فىلىم شىركەتلىرى مەدەنىيەت ئاغدۇرمىچىلىرىغا ئايلاندى. ئۇلار ئامېرىكا ئاساسىي قانۇنىنىڭ بىرىنچى تۈزىتىلگەن لايىھەسىنىڭ ھىمايىسىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىمىزنى ھالاك قىلىدىغان ئىجتىمائىي ئەخلاق تارقاتماقتا».

ئەمدى سەنئەتتىكى تۈرلۈك چاكىنىلىقلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزدا ئومۇملىشىپ كېتىشىدە تېخنىكىنىڭ بىۋاستە مەھسۇلى بولغان تېلېۋىزور، تور، يانفونغا ئوخشاش ھازىرقى زامان ئاممىۋى ئاخبارات ۋاستىلىرى زور رول ئويناۋاتىدۇ. بولۇپمۇ شەھۋانىي تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى ئەخلاقنىڭ بىۋاستە قاتىلى سۈپىتىدە بىزنى زەھەرلىمەكتە. شۇڭا، دۇنياۋى ئەخلاق بۇزۇلۇشىدىن ئەپسۇسلانغان برژېنىسكىي: «تېلېۋىزور جىنايەتنىڭ مەنبەسى» دەيدۇ.

### 3. ئۇرۇش

سىياسىي ۋە تېخنىكا تەسىرىدىن قالسىلا ئىنسانلارنىڭ ئەخلاق ئېكولوگىيىسىگە ئەڭ زور تەسىر كۆرسەتكەن تارىخىي ھادىسە بەلكىم ئۇرۇش بولۇشى مۇمكىن. ئۇرۇش ئىنسان تەبىئىتىدىكى ياۋۇزلۇقنىڭ مەلۇم مەقسەتنىڭ تۈرتكىسى بىلەن پارتلىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەڭ يامان ئاقىۋەت بولۇپ، ئۇ ئۇرۇش قىلغۇچى ئىككى تەرەپنىڭ ئوخشىمىغان مەقسەتلەر ئۈچۈن بىر - بىرىنى قىرغىن قىلىش جەريانىدىن ئىبارەت. ئىنسانلارنىڭ قەبىلە تارىخىدىن باشلاپ ھېسابلىغاندا، قانچىلىك قېتىملىق ئۇرۇشنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى ھېسابلاپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس. ئەمما ئىنسانلار تارىختىن بۇيان ھەرخىل مەقسەتلەر ئۈچۈن ئۇرۇشۇپ ئۆزى ۋە باشقىلارنىڭ قېنىنى تۆكۈپ كەلدى. ئۆتكەن بىر ئەسىر ئىچىدىلا ئىنسانلار ئىككى قېتىملىق بالايىئاپەتلىك دۇنيا ئۇرۇشىنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئىنسانلارنىڭ نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيانقى

ئەڭ قاباھەتلىك تارىخنى ياراتتى. شۇ ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىدا يۈز مىليون ئادەم ئۇرۇش مەيدانىدا جېنىدىن ئايرىلدى. يەنە نەچچە مىليون ئادەم ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەرگەردانلىق، ئاچارچىلىق ۋە يۇقۇملۇق كېسەل ئاپىتى قاتارلىق تالاپەتلەرگە ئۇچراپ قىرىلدى. ئىنسانلار بۇنىڭدىن ئۇرۇشنىڭ نەقەدەر رەھىمسىزلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن بولسىمۇ، لېكىن دۇنيادا ئۇرۇش بۇنىڭلىق بىلەن ئاخىرلاشمىدى.

ئىنسانلار تارىختىن بۇيانقى قىلىپ كېلىۋاتقان ئۇرۇشلارنى، تارىختىكى مىللىي ئازادلىق ئۇرۇشى، زۇلۇمغا، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ھەققانىي ئۇرۇشلاردىن مۇستەسنا ھالدا ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن كۆزىتىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى دىنىي ئۇرۇش، بەزىلىرى زېمىن تالىشىش ئۇرۇشى، يەنە بەزىلىرى تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى بولۇپ چىقىدۇ. بۇ خىل ئۇرۇشلارغا تارىختا تۈرلۈك باھالار بېرىلىپ، بۇ ئۇرۇشلارنىڭ بەزىلىرى مەدھىيىلەنگەن بولسا، يەنە بەزىلىرى لەنەتلەندى. بىز بۇ خىل باھالارنى تارىخىي ئەسەرلەردە كۆپ ئۇچرىتىمىز. ئەمما دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى، ئوخشاش بىر ئۇرۇشقا ئۇرۇش قىلغان قارىمۇ قارشى تەرەپلەرنىڭ تارىخىي ئەسەرلىرىدە ئوخشىمىغان باھالار بېرىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ توغرا ـ خاتالىقىغا بىرلا مەيداندا تۇرۇپ ھۆكۈم چىقاماق تولىمۇ تەس. چۈنكى ئۇرۇش كىمنىڭ ھايات قېلىشى، كىمنىڭ ئۆلۈشى ئالدىن بەلگىلەنمەيدىغان، ھېچقانداق ئەخلاقىي پرىنسىپ ئاقمايدىغان بىر قاباھەتلىك جەريان بولۇپ، ئۇ ئاخىرقى ھېسابتا يەڭگۈچى ۋە يېڭىلگۈچى ئىككىلا تەرەپتىن تالاي بەگۇناھ كىشىنىڭ قىرغىن بولۇشى، ئادەملىك ئىززىتىنىڭ دەپسەندە بولۇشى بىلەن نەتىجىلىنىدۇ. شۇڭا، ئىنسانلار تارىختىن بۇيان قىلغان ئۇرۇشلار مەيلى قانداق ئۇلۇغ مەقسەتلەر ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان بولسۇن، ئىنسانلارنىڭ ئۇرۇش ئارقىلىق ئېرىشكەنلىرىدىن ئۇرۇش جەريانىدا يوقاتقانلىرى ھامان كۆپ بوپكەلدى. بۇ خىل يوقىتىش ئۇرۇش تۈپەيلى مەدەنىيەتلەرنىڭ ۋەيران بولۇشى، تارىخىي تەرەققىياتنىڭ چېكىنىشى، مىللەتلەر، دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا تارىخىي ئۆچ ـ ئاداۋەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشى قاتارلىق كونكرېت مەسىلىلەردە ئىپادىلىنىپلا قالماستىن، ئۇرۇش پەيدا قىلغان نامراتلىق، سەرگەردانلىق، ئاچارچىلىق قاتارلىق ئەگەشمە مەسىلىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاقنى بۇزۇشى، ئۇرۇش ۋەھىمىسى ۋە ئۇرۇش ۋەھىمىسى پەيدا قىلغان دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھەربىي رىقابەتنىڭ كىشىلەرنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىۋېتىشىدىمۇ مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇرۇشنىڭ رەھىمسىزلىكى نوقۇل ئادەمنىڭ ئۆلۈشى بىلەنلا ئاخىرلاشمايدۇ.

بىز ئۇرۇشتىن دائىم ئۇرۇشتا ئۆلگەن ئادەم سانى، ئۇرۇشتا كۆرۈلگەن بىۋاستە ئىقتىسادىي زىيان قاتارلىق سانلىق مەلۇماتلار ئارقىلىق ماتېماتىكىلىق خۇلاسە چىقىرىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن بولۇپ، ھەمىشە شۇ خىل ماتېماتىكىلىق خۇلاسە ئارقىلىق ئۇرۇشنىڭ رەھىمسىزلىكى، ئۇرۇش ئاپىتىنى ئىپادىلەشكە ئۇرۇنىمىز. ئەمەلىيەتتە، بۇ خىل ماتېماتىكىلىق خۇلاسە ئۇسۇلى ئارقىلىق پەقەت مەلۇم بىر دەۋر ياكى مەلۇم بىر رايوندىكى ئۇرۇش ئاپىتىدىن بەلگىلىك تارىخىي چۈشەنچە ھاسىل قىلغىلى بولسىمۇ، لېكىن ئۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ قاباھەتلىك ئىشنىڭ بىر پۈتۈن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە يەتكۈزگەن زىيىنىدىن خۇلاسە چىقىرىشقا توغرا كەلسە، بۇ خىل ماتېماتىكىلىق خۇلاسە چىقىرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۇنى يېتەرلىك شەرھلەپ بەرگىلى بولمايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇرۇشنىڭ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە كەلتۈرگەن زىيىنىنى كونكرېت سانلىق مەلۇماتلاردىن ھالقىپ، ئۇرۇشنىڭ نېمىلەرنى ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكى، بىزنى نېمىلەردىن مەھرۇم قىلغانلىقى نۇقتىسىدىن كۆزىتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئەمدى بىز مۇشۇ ھەقتە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈمىز.

ئۇرۇشنىڭ ئىنسانىيەتكە يەتكۈزگەن ئەڭ چوڭ زىيىنى تىنچلىقنىڭ بۇزۇلۇشىلا بولماستىن، بەلكى ئۇرۇشنىڭ كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرىنى ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكى بولۇشى مۇمكىن. بىز ئىنسانلار باشتىن كەچۈرگەن ئۇرۇشلارنى ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن كۆزىتىدىغان بولساق، بۇ بىر نۇقتا ئايدىڭلىشىدۇ.

ئۇرۇشنى ئۆلۈش ۋە ئۆلتۈرۈلۈش نۇقتىسىدىن كۆزىتىدىغان بولساق، ئۇ ئادەمنىڭ جىسمانىي مەۋجۇدلۇقىنىڭ تاجاۋۇزغا ئۇچرىشى ياكى يوقىلىشىدىن دېرەك بېرىپلا قالماستىن، ئۇ يەنە مۇئەييەن نۇقتىدا ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى ئادەملىك قىممىتىنىڭ دەپسەندە بولۇشىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئادەملىك قىممەت قانداقتۇر ئادەمنىڭ قايسى مىللەت، ئىرققا مەنسۇپ بولۇشى ياكى قايسىبىر دۆلەتنىڭ پۇقراسى بولۇشتا ئەمەس، بەلكى ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرلىكتە مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ. ئادەملەر ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىمۇ مۇشۇنى ئۆلچەم قىلىپ ياشايدۇ. ئەمما جەڭ مەيدانىدىكى بىر ـ بىرىگە قورال تەڭلەپ تۇرغان ئىككى ئادەمنىڭ قىممىتىنى قانداقتۇر ئادەملىك باراۋەرلىك ئەمەس، بەلكى كىمنىڭ ھايات قېلىشى بەلگىلەيدۇ. بۇ، ئۇرۇشتىكى تاللاش ئىمكانىيىتى بولمىغان مۇقەررەرلىك. شۇڭا، جەڭ مەيدانىدا ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن باشقا، ئادەملەر تۈزۈپ چىققان ھېچقانداق قانۇن ـ تۈزۈم، پرىنسىپ ئاقمايدۇ. جەڭ مەيدانىدىكى ھەر بىر ئادەم پەقەت قارشى تەرەپنى ئۆلتۈرۈش بەدىلىگە ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇرۇشتىكى ئەڭ چوڭ تراگېدىيە ئادەمنىڭ ئۆلۈشىلا بولماستىن، ئادەملىك قىممىتىنىڭ دەل ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى ھايات ـ ماماتلىق تاللاشتا ئەرزىمەس نەرسىگە ئايلىنىپ كېتىشىدۇر. ئەمما كۈلكىلىك بولغىنى، ئادەملەرنىڭ ئۇرۇشتا كۆپ ئادەم ئۆلتۈرگەنلەرگە شەرەپ ئوردېنى بېرىشنى تاللىۋېلىشى بولۇپ، بۇ خىل تاللاشنى ئادەملىك قىممىتىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشى نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندە، ئۇرۇشنىڭ نېمىنى ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلغىلى بولىدۇ. ئۇرۇشتا كۆپ ئادەم ئۆلتۈرگەنلەرگە شەرەپ ئوردېنىنىڭ بېرىلىشى ئەمەلىيەتتە ئادەملىك قىممەتكە قىلىنغان ئاشكارا چوڭ ھاقارەت بولۇپ، بۇ خىل تاللاش ئۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ تراگېدىيىنى ئادەملەرنى شەرەپ تۇيغۇسىغا ئېرىشتۈرىدىغان ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇپ قويىدى.

ئەمدى ئىنسانلار تارىختىن بۇيان باشتىن كەچۈرگەن سانسىز ئۇرۇشنى دۆلەت ھەرىكىتى سۈپىتىدە تىك سىزىقلىق يۆنىلىش بويىچە كۆزىتىدىغان بولساق، تارىختا يۈز بەرگەن ئۇرۇشلارنىڭ زور كۆپ قىسمى مەيلى تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى، مىللىي ئازادلىق ئۇرۇشى ياكى دىنىي ئۇرۇشى بولسۇن ھەممىسى دېگۈدەك بىر ياكى بىر قانچە دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، تارىختىن بۇيان دۆلەتسىز ئۇرۇش بولۇپ باقمىغان. يەنى ماكس ۋېبېر ئېيتقاندەك: «دۆلەت زوراۋانلىقنى ھەقلىق ئىشلىتىشنى مونوپول قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدىغان» بولغاچقا، ئىنسانلاردا دۆلەت ئېڭى تۇغۇلغاندىن

باشلاپ زوراۋانلىق باشلانغان. دۆلەت قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ئىنسانلارنىڭ زوراۋانلىق قىلمىشلىرى پەقەت شەخسلەر ياكى قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان تارقاق ھەرىكەت ئىدى، شەخسلەرمۇ ئۆزىنىڭ كۈچى ۋە قورالىغا تايىنىپ ئۆزىنى قوغدايتتى. ئەمما دۇنيادا رايونلارنى بىرلىك قىلغان سىياسىي گەۋدىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى ئىلگىرىكى تارقاق زوراۋانلىقنى تەدرىجىي ھالدا بىرلىككە كەلتۈردى ھەم شەخسلەر ۋە شەخسلەرنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش مەسئۇلىيىتىنى دۆلەت ۋە دۆلەت ئارمىيىسى ئۈستىگە ئالىدىغان بولدى. ئۇرۇشنىڭ دۆلەت پۇقرالىرىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداشنى دەستەك قىلىشى بىلەن ئۇرۇش تەدرىجىي ھالدا ھەقلىق ھەرىكەتكە ئايلىنىشقا باشلىدى. ئۇرۇشنىڭ دۆلەت تەرىپىدىن ھەقلىق ھەرىكەتكە ئايلىنىشى ئۇرۇشنى مۇقەررەرلىككە ئايلاندۇردى. ئۇرۇشنىڭ مۇقەررەرلىككە ئايلىنىشى دۇنيادا ئۇرۇش ۋەھىمىسى ۋە دۆلەتلەر، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا بىر ـ بىرىگە ئىشەنمەسلىكنى پەيدا قىلدى. ئۇرۇش ۋەھىمىسى ۋە دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى بىر ـ بىرىگە ئىشەنمەسلىك دۇنياۋى تىنچلىقنىڭ ئىشقا ئېشىشىنى چەتكە قېقىپلا قالماستىن، دۇنيانىڭ ساغلام تەرەققىيات تەرتىپىنىمۇ بۇزۇۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن تارىختا تاجاۋۇزچىلىق، مۇستەملىكىچىلىك، ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئوخشاش تالاي ئادالەتسىز ئۇرۇش يۈز بەردى. بۇ ئۇرۇشلار ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئۇنتۇلغۇسىز پاجىئەلەرگە سەۋەب بولدى. ھەتتا يەھۇدىيلار، نېگىرلار قىرىلىپ تۈگەش خەۋپىنى باشتىن كەچۈردى. ئەمما كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى، مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز دەۋرىدە بىر خىل ھەقلىق ھەرىكەت سۈپىتىدە ئېلىپ بېرىلدى ھەم تالاي كىشىنىڭ جان پىدالىق بىلەن ئاتنىشىشىغا ئېرىشتى. ئەمدى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى شۇ خىل پاجىئەلەرنىڭ ھەقلىق ھەرىكەتكە ئايلىنىپ قېلىشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىي ھادىسە بولماستىن، ئۇ كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. بىز تارىختىكى ئاشۇ پاجىئەلەرنىڭ ھەقلىق ھەرىكەتكە ئايلىنىپ كېتىشىنى ئىنسان تەپەككۇرىدىكى ئۆزگىرىشنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە كۆزىتىدىغان بولساق، ئۇرۇشنىڭ تەپەككۇرىمىزدا ئېھمەلەرنى ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز. ئەمدى ئۇرۇشنىڭ ئىنسان تەپەككۇرىدىكى تەسىرىنى مۇنداق ئۈچ نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن: 1. ئۇرۇش ئۆز ھاياتىنى باشقىلارنىڭ ھاياتىدىن مۇھىم، دەپ قاراشنى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ ئورنىغا دەسسەتتى. 2. ئۇرۇش ـ زوراۋانلىق ۋاستىسى جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكنى خەلقئارا تەرتىپنى ئورنىتىشنىڭ پرىنسىپىغا ئايلاندۇردى. 3. ئۇرۇش ـ زوراۋانلىقنى دۆلەت بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈشنىڭ يوللۇق ئۇسۇلىغا ئايلاندۇردى.

ئۇرۇشنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق ئېكولوگىيىسىگە كۆرسەتكەن تەسىرى كونكرېت بولمايدۇ، شۇنداقلا ئۇ دەرھال ئىپادىلەنمەيدۇ. بۇ خىل تەسىر پەقەت تارىخىي جۇغلانما سۈپىتىدە مۇئەييەن تارىخىي دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ دۇنيانىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى مەيدانى، قارىشىدا كونكرېتلىشىدۇ. شۇڭا ئۇرۇشنىڭ ئەخلاققا كۆرسەتكەن تەسىرى ھەمىشە كىشىلەرنىڭ دىققىتىنىڭ سىرتىدا قالىدۇ.

## خاتىمە

بىز نۆۋەتتە دۇچ كېلىۋاتقان ئەخلاق كرىزىسى توغرىسىدىكى بۇ مۇلاھىزە پەقەت ئەنئەنىۋى ئەخلاققا بولغان ساداقەتنىڭ مەھسۇلى. شۇڭا، بۇ مۇلاھىزە ئەخلاق ساداقەتمەنلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەخلاق كرىزىسى ھەققىدىكى ئىزدىنىشىگە يىپ ئۇچى بولالىسا، پېقىرنىڭ ئەجرى بىكارغا كەتمىگەن بولىدۇ.

---

ئاپتور: خوتەن ۋىلايەت مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ تىلماچى

## تەھرىراتىمىزنىڭ ئالاھىدە ئۇقتۇرۇشى


پوچتىخانىلار پۇل يېربۇوت قىلغاندا خەنزۇ يېزىقىدا يېجىرىشنى تەلەپ قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئاپتورلارغا قەلەم ھەققى ئەۋەتىشتە قولايلىق بولۇشنى كۆزدە تۇتۇپ تۆۋەندىكىلەرنى ئالاھىدە ئۇقتۇرىمىز:

1. ئاپتورلار تەھرىراتىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەندە ئۆز ئىسىم فامىلىسىنى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىش بىلەن بىر ۋاقىتتا خەنزۇچىسىنىمۇ كىملىكتىكى خەنزۇچە يېزىلىشى بويىچە ئەينەن ـ توغرا يېزىشى كېرەك.

2. ئاپتورلار ئەۋەتىلگەن ئەسەرلىرىگە ئۆز ئادرېسلىرىنى ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ يېزىقلىرىدا تولۇق، تەپسىلىي، بىرلىككە كەلتۈرۈلگىنى بويىچە يېزىشى كېرەك.

3. يېزا ـ قىشلاقلاردىكى ئاپتورلار، بولۇپمۇ دېھقان ئاپتورلار ئۆز ئادرېسلىرىنى يازغاندا، ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق كەنتلەرنى ئاپتونچى كەنت، مۇنچىنچى كەنت دەپ سان ـ سىپىر بىلەن ئالماي، شۇ يەرلىك ھۆكۈمەت ئورناتقان يەر ـ جاي ناملىرى تاختىسىدا يېزىلغىنى بويىچە ئۆز ئەسەرلىرىگە ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ يېزىقلىرىدا ئەينەن ـ توغرا يېزىشى كېرەك.

ـــ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى




# زىيالىيلاردىكى بىتەلەيلىك

ۋاڭ شياۋبو

گېئوفرېي چاۋسېر ① «كانتېر بۇرىي ھېكايىلىرى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق بىر ھېكايىنى بايان قىلىدۇ:

بىر نەۋكەر ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزگەنىكەن، شاھ ئۇنى جازالاشنى مەلىكىگە تاپشۇرۇپتۇ. مەلىكە ئۇنىڭغا: ئاياللارنىڭ ھەممىدىن چوڭ ئارزۇسى نېمە؟ دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. نەۋكەر شۇئان جاۋاب بېرەلمىگەچكە، مەلىكە ئۇنىڭغا مۆھلەت بېرىپ، شۇ مۆھلەتكىچە جاۋاب تاپالمىساڭ كاللاڭنى ئالىمەن، دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن نەۋكەر جاۋاب تېپىش نىيىتىدە جاھاننى كېزىپ، ئاخىرى جاۋاب تېپىپ، جېنىنى ئامان ساقلاپ قاپتۇ. ئەگەر جاۋاب تاپالمىغان بولسا، بۇ ھېكايىمۇ بارلىققا كەلمىگەن بولاتتىكەن.

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، شۇ جاۋابنى ئېسىلزادە خېنىملار مۇزاكىرىدىن ئۆتكۈزۈپ، ھەممىسى بىردەكلا توغرا تېپىپتۇ. جاۋاب مۇنداق ئىكەن:

«ئاياللارنىڭ ھەممىدىن چوڭ ئارزۇسى ئىشق ـ مۇھەببەت.»

بۇ گەپ بۈگۈنكى كۈندە ئوتتۇرىغا چىقىپ قالسا، ئاياللار ھوقۇقىنى تەرغىب قىلغۇچىلار باشقىچە جاۋاب بېرىشى مۇمكىن. لېكىن ئۇ جاۋاب ئوتتۇرا ئەسىردە تولۇق نومۇر ئالغان.

مېنىڭ ئالدىمدىمۇ زىيالىيلار ھەممىدىن بەك قورقىدىغان ئىش نېمە؟ دېگەن

## روھ چۈقانلىرى

بىر سوئال تۇرۇپتۇ ۋە يەنە تېخى ئۆز قارىشىمچە، پۈتكۈل يەر شارىدىكى زىيالىيلارنىڭ گۇمانىنى يېشىشكىمۇ يارىغۇدەك مۇنداق بىر جاۋابىممۇ بار:

«زىيالىيلار ئەقىل كار قىلمايدىغان زاماندا ياشاشتىن بەك قورقىدۇ.»

ئەقىل كار قىلمايدىغان زامان دېگىنىمىز گالىلېي ② بېشىنى تۆۋەن سېلىپ «جىنايىتى»نى تەن ئېلىپ، «يەر شارى چۆرگىلىمەيدۇ» دەپ ئىقرار قىلغان زاماندۇر، لاۋئىسىر③ نىڭ كاللىسى كېسىلگەن زاماندۇر، زىۋىگ ④زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالغان زاماندۇر، لاۋشې ⑤ ئۆزىنى كۆلگە تاشلاپ ئۆلۈۋالغان زاماندۇر. مەن شۇنداق قارايمەن: زىيالىينىڭ ئارتۇقلۇقى ھەرقانداق ئادەمنى ئەقىل كۈچى بىلەن قايىل قىلىش. ئەگەر ئەقىل ـ پاراسەتكە ئېتىبار قىلمايدىكەن، ئۇنىڭدا قۇسۇرلا بولىدۇكى، ئارتۇقچىلىق بولمايدۇ، ئۇنىڭ ھايات ياشىغىنىدىن كۆرە ئۆلۈپ تۈگەشكىنى ياخشى. دانىيە شاھزادىسى ھاملېت ⑥ : ھايات ياشاپ يۈرەيمۇ ياكى ئۆلۈپ تۈگىشەيمۇ، بۇ بىر مەسىلە بوپقالدى، دەپتىكەن. لېكىن زىيالىي شۇنداق زامانغا توغرا كېلىپ قالسا، ئۆلۈش ياكى ياشاش ھېچبىر مەسىلە ئەمەس. مەسىلىنىڭ ھەممىدىن چوڭى، قارىغۇش تەگكۈر كۈنلەرنىڭ قاچانمۇ ئۆتۈپ كېتىشىدە؛ ئەگەر شۇ كۈنلەر تۈگىگەن زامانغا ئۆلمەي قالسا ھايات ياشىغۇلۇق؛ ئۆلىشالمىسا سۆرۈلۈپ يۈرۈپ جاننى قىينىمىغۇلۇق. لاۋشې ئەپەندى ئۆلۈۋالغان يىللىرى ئەقلىدە ئۆزۈمنى توختاتقان چاغلىرىم بولۇپ، بىر مۇنچە زىيالىينى تونۇيتتۇم. ئۆزۈم تېخى بالا بولسامۇ ئاغزىم چىڭ بولغاچقا، ئۇلار مەن بىلەنمۇ پاراڭلىشاتتى. مېنىڭ چۈشىنىشىمچە، ئۇلار شۇنداق كۈنلەرگىمۇ ئۆلىشالارمىزمۇ (توغرا يېزىلىشى: ئېرىشەلەرمىزمۇ؟) دەيدىغان مەسىلىگە ھەممىدىن بەك باش قاتۇراتتى. شۇ كۈنلەردە ئۆلۈپ كەتكەن زىيالىيلار بىر بولسا زىيانكەشلىك بىلەن ئۆلتۈرۈلدى، بىر بولسا

www.ulughkitap.com

ياخشى كۆڭۈللەرگە ئۈلىشالمايدىكەنمەن، دەپ ئۆلۈۋالدى. ھايات قالغانلىرى بولسا،
ياخشى كۆڭۈللەرگە ئۈلىشالايدىكەنمەن، دەپ ئويلىغان. ئۆزگەرتىلگەنلەر، زىيالىي
بولۇپ تۇرۇۋېرىشتىن ياتلاشقانلار بۇ قاتارغا كىرمەيدۇ، ئەلۋەتتە. شۇنىڭ ئۈچۈن
مېنىڭ ئۆزۈم تاپقان جاۋابقا ناھايىتى ئىشەنچىم بار، بۇ توغرىدا خەلقئالەم بىلەن
باغلىشىش غەيرىتىم بار: زىيالىيلارغا ئۇۋال قىلىۋاتقان بىتەلەيلىك ئەنە شۇنداق
ئەقىل ـ پاراسەت كار قىلماسلىقتۇر.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى يەنە بىر مەسىلە: ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ كار قىلماسلـ
قىدىكى سەۋەب زادى نېمە؟ بۇ سوئالغا جاۋابىم تەييار، لېكىن بۇ توغرىدا
قول باغلىشىشنى خالىمايمەن، بىراق قول باغلاشقان رەقىبىمنىڭ تېنىۋېلىشـ
دىن ئەندىشە قىلىمەن: ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ كار قىلماسلىقىغا ھەرقاچان قەـ
دىر ـ قىممەت قارىشى ياكى ئېتىقاد زامىن بولىدۇ. مېنىڭ بۇ دۇنيادىكى
ھېچقانداق ئېتىقاد ـ ئەقىدىگە خۇسۇمىتىم يوق، ئېتىقادى چىڭ ئادەملەرگە
تېخى ئاپىرىن دەيمەن. لېكىن شۇنىمۇ ئېيتماي تۇرالمايمەنكى، ئېتىقاد ئەسەـ
بىيلىكى جاھىللىق ۋە ئەقىلسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنى ئوبدان چۈـ
شەندۈرۈپ بېرىدىغان مۇنداق بىر غەزەل بار:

ئۈزۈپ ئۆتمىز دېڭىزدىن،
قالسىمۇ جەسىتىمىز سۇدا لەيلەپ.
يامىشىمىز ئېگىز تاغلارغا،
قالسىمۇ ئۆلۈكىمىز كەڭ دالىنى قاپلاپ.
ئاتاپ قويدۇق ئەزىز جاننى
شاھ ـ سۇلتانىمىز مىكادو[7]غا.
قالساق غازى، ئۆلسەك شېھىت ـ
كىرىمىز تەھقىق جەننەتنى مەئۋاغا.

بۇ، ياپون ئەسكەرلىرىنىڭ مارشى. بۇنىڭدىن پادىشاھ مىكادوغا بولغان تەلـ
ۋىلەرچە ئېتىقادىنىڭ ئۆلۈمنى ئەقلنى يوقاتقان دەرىجىدە ئارزۇ قىلىش ھالىتىگە
يېتىپ قالغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. زىيالىيمەن دېگەن ئادەم غەزەلدە بايان قىـ
لىنغان ھالەتنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىدە قاتتىق ئېچىنىشتىن ئۆزگە مۇھاكىمىنى
قىلماسلىقى كېرەك. تەلۋىلەرچە ئېتىقادتىن كېلىپ چىققان مۇنداق بىر ناخشىمۇ بار:

پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى
قالتىس ياخشى!
قالتىس ياخشىدۇر، قالتىس، قالتىس!
قالتىس ياخشىدۇر، قالتىس!...

مانا بۇ «قالتىس ياخشى» دېگەن سۆزنىڭ باشقا سۆزلەرنى، ھەقنى ئوتتۇرىغا
قويۇشقا ھېچقانداق ئىمكانىيەت قالدۇرمىغانلىقىدا شەك يوق. چۈنكى تەلۋىلەرچە
ئېتىقاد ھۆكۈم سۈرۈپ تۇرغاندا ھەقنى سۆزلەپ، بىرەر ئەقلنى ئوتتۇرىغا قويغـ
ىمىز كەلمەي قالىدۇ. مەن شۇنداق ئويلايمەنكى، ھەقنى سۆزلەشكە ئىمكانىيەت
قالمىغانلىقى دالىنى جەسەت قاپلاپ كەتكەندىنمۇ يامان؛ ھەقنى سۆزلەشكە ئىمـ
كانىيەت قالمىغاندا دالىنى جەسەت قاپلاپ كېتىشىمۇ چوقۇم: «مەدەنىيەت زور
ئىنقىلابى»دا ئۆلگەن ئادەم ئاز ئەمەس، خەلقنىڭ بىلىم سەۋىيىسىمۇ كۆپ ئارقىغا
چېكىنىپ كەتتى.

ئەلۋەتتە، ئېتىقاد ھەرقاچان تەلۋىلىككە زامىنمۇ بولۇۋەرمەيدۇ، ئەقىل ـ
ئىدراكسىزلىقمۇ زامىن بولۇۋەرمەيدۇ. زادىلا ئېتىقادى يوق ئادەملەرگە ئىشەنچ
باغلىغىلىمۇ بولمايدۇ. بىزنىڭ ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدە ئېتىقادسىز، قەدىر ـ قىمـ
مەتنى بىلمەيدىغان ئادەملەر جەمئىيەت تۈزۈمىگە كاشىلا سالماقتا. بۇنداق ئەھـ
ۋالنى كۆرمەسكە سېلىش يارىمايدۇ. بۇنىڭدىن ئون نەچچە يىل ئىلگىرى ئامېرىـ
كىدىكى چېغىمدا ئۇستازىم بىلەن مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە مۇزاكىرىلىشىپ قالدىم.
ئۇ، ئومۇمەن ھەرقانداق ئادەمدە ئېتىقاد بولغىنى بولمىغاندىن ياخشى، دېيدى،
دەسلەپتە ماقۇل كۆرمىدىم، كېيىن ئۇنىڭ سۆزىگە قايىل بولدۇم.

ھەرقانداق ئادەم دۇنيادا ھايات ياشايدىكەن، ھەرھالدا ئاز ـ تولا ئېتىقادى ـ
ئەقىدىسى بولۇشى لازىم ئىكەن. ئاز ـ تولا قىياس ـ پەرەزلىرىمۇ بولۇشى لازىم
ئىكەن. مەن ئۆزۈمنى ئالسام، مەن خۇداغا ئىشەنمەيدىغان ئاتېئىزمچىمەن، شۇنـ
داق بولسىمۇ، بىپايان ئالەمدىكى ئەقلىم يەتمىگەن نەرسىلەر توغرىسىدا ئاز ـ تولا
پەرەزمۇ قىلىمەن. ئۆزۈمگە تۇشلۇق ئەقىدەممۇ بار، ئۇنى ھەرگىز بۇزمايمەن.
شۇنداق بولۇشۇمنىڭ سەۋەبلىرىنى باشقا ئادەملەرنىڭ قوبۇل قىلالىشى ناتايىن.
شۇڭا ئۇ مەن ئۈچۈن بىر خىل ئېتىقادتۇر. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، باشقىلارنىڭ
ئېتىقادىغا، ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ روھىغا سېغىنىشىغا ياكى تەقدىرگە ئىشىنىشىگە ـ
ئىشىنىشتە ھەددىدىن ئارتۇق تەلۋىلىك دەرىجىسىگە بېرىپ قالمىسىلا ـ ئۆز يوـ
لىدا بولسىلا قارشى تۇرماسلىقىم ئاقلانىلىقتۇر.

ئون نەچچە يىل ئۆتۈپ مانا ئەمدى يەنە شۇ ئېتىقاد مەسىلىسىنى كۆز ئالدىمغا
كەلتۈرسەم، بىردىنلا شۇنىسى مەلۇم بولۇۋاتىدۇكى، ھەرقانداق ئېتىقاد ـ شۇ قاـ
تاردا مېنىڭ ئېتىقادىممۇ ئەگەر بىھۇدە قوللىنىلىدىكەن، ئادەم دۇمبالايدىغان،
باشقىلارغا زۇلۇم ـ ستەم قىلىدىغان قورالغا ئايلىنىپ قالىدىكەن. ئەلۋەتتە، مىلـ
لەتكە، ئەنئەنىگە قارشى تۇرۇشمۇ، ئاتا ـ بوۋىلىرىغا ۋاپاسىزلىق قىلىشمۇ گۇناھ.
ئەگەر مۇۋاپىق ئېتىقاد قىلسا بولىدىغان ۋە لېكىن ئەقىل ـ ھۇشنى يوقاتتۇرۇش
خەۋپى بولمىغان بىرەر ئېتىقادنى كۆرسىتىپ بېرەلىسىڭىز، ئۇنىڭ باشقا خاسىيەتـ
لىرىنى يېشىپ ئولتۇرمىسىڭىزمۇ، مەن دەرھال شۇنىڭغا بەيئەت قىلىمەن، مۇشۇ
ياخشى خۇسۇسىيەتنىڭ ئۆزىلا باشقا ھەممە خۇسۇسىيەتلەرنىڭ جەمئىسىدىنمۇ
ئارتۇق ـ تە!

ھازىر بىزنىڭ ئالدىمىزدا مۇنداق بىر ئېتىقاد تۇرۇۋپتۇ، ئىشىنىڭ، ئۇنىڭ
ھەممە تەبىرلىرى توغرىسىدا پىششىق ئويلاندىم. ئۇنىڭ نۇرغۇن ياخشى خۇـ
سۇسىيىتى بار ئىكەن. ئۇ: مىللىي، ئەنئەنىۋى، لىللا، تەبىئىي، ئۇلغار ھەم راۋان؛
ئۇنىڭ بايانلىرىمۇ ناھايىتى تولۇق ئىكەن. لېكىن ئۇنى ئادەم دۇمبالايدىغان
كالتەك ئەمەسلىكىگە ھۆددە قىلالايدۇ، دەپ ئېيتالمايمەن. بۇنىڭغا كۆرسىتەـ
ىدىغان سەۋەبلىرىم ناھايىتى ئاددىي: ئۇنىڭ ئۆزىدە ناھايىتى چوڭ قالپاقلار
تۇرۇپتۇ. ئۇ قالپاقلارنىڭ مىللەتكە قارشى، ئەنئەنىگە قارشى، لىللا بولۇشقا
قارشى، تەبىئىيلىككە قارشى... دېگەندەك ۋەزنى ئادەمنىڭ بويۇن سۆڭەكلىرىنى
قارسىلىتىپ سۇندۇرۇۋېتەلەيدۇ؛ بولۇپمۇ ئالدىنقى ئىككى قالپاقنىڭ ۋەزنىنى
بىر قاراپلا بىلگىلى بولىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا شۇنداق ئېتىقادنى تەرغىب قىلغان يۇـ
يىنشى ئەپەندىمۇ بىزنىڭ قارشىمىزغا قوشۇلىدىغانلارنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە
كۆپىيىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ دەككە بوپقاپتۇ. ئۇ يېقىندا «21 ـ ئەسىر» ژۇرنىـ
لىدا ئېلان قىلغان ماقالىسىدە مىللىي ئەسەبىيلىكنى ئەۋج ئالدۇرۇشقا قارشى
تۇرۇش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ. ئەنە شۇ بىرىنچى قالپاقنىڭ ۋەزنىنى
بىلگەن بولسا كېرەك. جىن يۇڭ ئەپەندىنىڭ ھېكايىسىدە: «چامباشچىلىق ئۇـ
لۇغ ئىشتۇر، شەمشەر قىلىچ ئەجدىھانى چاپۇر؛ ئەگەر ئىمرى ـ پەرمان چۈشسە
خەلقئالەمگە، كىممۇ بويۇنتاۋلىق قىلالۇر؟!» دېگەن گەپ بار. مىللىي ئەسەـ
بىيلىك ئەنە شۇنداق شەمشەر قىلىچتۇر. يۇيىنشى ئەپەندىنىڭ شەمشەر قىلىچ
سوقۇشتىن بېزىپ، قىلىچنىڭ دەستىسىنى باشقىلارغا تۇتقۇزغانلىقى مېنىڭ چەت
ئەللەردىكى جوڭگولۇق ئالىملىرىمىز توغرىسىدىكى مۇنداق بىر ئىنچىل كۆز
قارىشىمنى تەھقىقلەپ بەردى: ئۇلارنىڭ ئىلىم جەھەتتە ئارتۇقچىلىقى بار، جېـ
نىغا تېگىدىغان پايدا ـ زىيانغىمۇ ناھايىتى ھوشيار بولىدۇ، ماجالى ئويىنىغان
چاغدىدىكىدەك «ئالىمىغان ـ بەرمىگەن، خالاس بولدۇق» دەپ تۈگىشىدۇ.

مەملىكەت ئىچىدىكى ئالىملارنىڭ «خالاس» بولۇشى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە

چارە بىلەن پەشۋا بېرىشنى خىيالىغا كەلتۈرۈشمۇ ناتايىن. تاغام باش ـ كۆزىگە بەل تاسما بىلەن ئەدەب يېپىشكە رازى بولسا بولار، لېكىن ھېلقىدەك تارتقۇلۇقلارنى تارتىشقا... مەن تاغامغا: ئۇلارغا «ئۆزىنىڭ يوتا گۆشىنى كېسىۋېلىپ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كېسىلىنى داۋالىغان» ⑫ رىۋايەتلەرنى سۆزلەپ بەرمىگەنلىكىڭىز پالاكەت باسقان شارائىتتىكى چوڭ بەختىڭىز ئىكەن، ئەگەر شۇنىمۇ سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز، ئوقۇغۇچىلار سىزنى قىيما ـ چىيما قىلىۋەتسىمۇ نېمە دېگۈلۈك؟» دەپ چاقچاق بىلەن تەسەللى بەردىم. لېكىن ئۇ مېنىڭ بۇ گەپلىرىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ھېلقىدەك ئەھۋاللىرىغا ئىرەن قىلىپ كەتمىگەنىدى. مانا ئەمدى بۈگۈنكى كۈندە «ئاتا ـ ئانىغا ۋاپادار بولۇشنىڭ 24 ئەملى» توغرىسىدىكى گەپلەرنى ئاڭلىسا، پۈتكۈل ئەزايى تىكەنلىشىپ كېتىدىكەن.

مېنىڭ تائىپەشۇناسلىق ⑬ توغرىسىدىكى قارىشىم مۇنداق: ئۇ ھەقىقەتەن قالتىس يامان نەرسە. ئۇنىڭدىكى ئاشۇ «تائىپە» دېگەن نەرسە تېخىمۇ خەۋپلىك. بۇ سۆز تاج قىلىپ باشقا قىستۇرۇلغان شارائىتتا كىممۇ ئۇنىڭغا قارشى باشقىچە پىكىردە بولالىسۇن؟ بويۇنغا كىيدۈرۈلگەن بۇنداق سىرتماقنى ئېلىپ تاشلىماق بىھۇدە ئاۋارىچىلىقتۇر، ئۇنداق بولمىسا ئۇ بويىنىمىزغا بىر نەچچە مىڭ يىل كىيدۈرۈلمىگەن بولاتتى. ئۇنىڭ ئادەمنى گوللايدىغان يېرىمۇ ئەنە شۇ «تائىپە» دېگەن سۆزدە. ئۇ شۇنداق ئۇستۇنلۇككە چىقىۋالغاندا، ئوخشاش بولمىغان ھەرقانداق پىكىرنى بېسقتۇرۇۋېتەلەيدۇ؛ شۇنىڭ ئۈچۈن ئىدىيە ساھەسىدە كوزىنى پوزا قىلىش نىيىتىگە كەلگەن ھەرقانداق شىرمەندىنىڭ نەپسىنى تاقىلدىتالايدۇ. سىز ئۇنى تارىخشۇناسلىق دېسىڭىزمۇ مەيلى، پەلسەپە دېسىڭىزمۇ مەيلىڭىز، مەن ارشى ئەمەسمەن (ئەگەر بۇ ماقالەم ھەقىقىي توغرا تارىخشۇناسلار، پەيلاسوپ...نىڭ زېتىغا تېگىپ كەتكەن بولسا، ئەپۇ سورايمەن). لېكىن ئۇنىڭ كالتەككە ئايلىنىپ قېلىش ئېھتىمالى بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالماڭ. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا ياۋۋېنيۈەن قاتارلىق ئىدىيە لۈكچەكلىرى سىنىپىي كۆرەشنى كالتەك قىلىۋېلىپ نۇرغۇن ئادەمنىڭ بېشىغا چىققان. ھازىر يەنە بەزىلەر كالتەك تەييارلاۋاتىدۇ، ھەقىقەتەن تولىمۇ چىرايلىق، گويا ھېچقانداق قۇسۇرى يوقتەك چىرايلىق. شۇ كالتەكنىڭ ئىدىيە لۈكچەكلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قان تۆكۈش قورالىغا ئايلىنىپ قېلىشتىن باشقا نېمە كېرىكى باركىنتاڭ؟ ئەنە شۇنداق خەۋپنى نەزەردە تۇتۇپ شۇنداق تەكلىپ بېرىمەنكى: مەبۇد بولسامكەن، ماشايىخ بولسامكەن دەپ چۈش كۆرۈپ يۈرمەيلى، بېشىمىز قانغا مىلەنمىسۇن!

گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلەت دېگەن نېمە؟ ياخشىلىق، ئاق كۆڭۈللۈك دېگەن نېمە؟ بۇ ھەقتە ئۆزۈمگە لايىق تۇتۇپ خىيالىم مۇنداق: ئەستايىدىل ئويلاپ كۆرۈش كېرەك، ھەق ـ ناھەقنى راستكويلۇق بىلەن ئايرىش كېرەك، مانا مۇشۇنداق پوزىتسىيىنى ئاق كۆڭۈللۈك دېسەك بولار. كونكرېتراق ئېيتسام، خۇددى رۇسسېل ⑭ ئېيتقاندەك، ئوبيېكتىپ ھەقىقەتنى نېرى ـ بېرىسىگە قارىماي بېرىلىپ ئىزدەش كېرەك، گۈزەل ئەخلاق دېگەن ئەنە شۇ ئەمەسمىكەن؟ بىلىمنىڭ ئۆزى بىر تۈرلۈك ياخشىلىق ئەمەسمۇ؟ پەن زىيالىيلىرى بۇنى يېتەرلىك بولدى دېسە، مەرىپەتچى زىيالىيلار بۇنىڭغا دولىسىنى چىقىرىپ، ياخشىلىق ـ يامانلىق توغرىسىدىكى ئۇنداق سادا قاراش قانچىلىك گۇناھقا سەۋەب بولمىدى؟! دەپ قارشى چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىسى ھازىرقى زامان تېخنىكا مەدەنىيىتى ئىنسانىيەتنى نىشاندىن ئاداشتۇرۇپ قويدى دېسە، بەزىسى پەنمۇ دۇنيانى خاراب قىلىدىغان قوراللارنى ياسىدى، دەيدۇ. خەير، بۇ گەپلەرمۇ توغرا. لېكىن ئەكسىگە قاراپ باقايلى، مەرىپەتچى زىيالىيلار ئىدىيە لۈكچەكلىرىگە تەييارلاپ بەرگەن قانخورلۇق قوراللىرى، ھەق ـ ناھەقنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىدىغان تۇمان بومبىلىرى ئازمۇ؟ شۇڭا تارىخىمىزدىكى ئىدىيە لۈكچەكلىرىنىڭ پاراڭلىرىنى قويۇپ تۇرۇپ، شۇنداق تەكلىپ بېرىمەنكى، كۆزىمىز يەتمىگەن ئىشلارنى تاشلاپ قويۇپ، مەسىلەرگە زىيالىيلارنىڭ ئۆزىگە تەن پايدا ـ زىيان جەھەتتىن باش قاتۇرايلى، ئۆزىمىزدە قانداق ئەخلاق ـ پەزىلەت، قانداق ئېتىقاد بولۇشى لازىملىقىغا ئەنە شۇنداق پايدا ـ زىيان ئاساسىدا باش قاتۇرايلى. خەققە ـ پۇقرا (شۇ جۈملىدىن ئۆزىمىزگىمۇ)غا نېمە ئەقىدىلەرنى سىڭدۈرۈش لازىملىقى توغرىسىدا رەھبەرلەر ئويلاسۇن. مېنىڭچە، بۇنداق ئىشلارغا رەھبەرلەر يارايدۇ، باشقىلارنىڭ ياردىمى كېرەك ئەمەس.

ئەقىدە توغرىسىدا زىيالىي بولۇش سۈپىتىم بىلەن مۇنداق قاراشتىمەن: ئادەم ئۆزىنىڭ ھاياتلىقىدا ئەقىدە پەيدا قىلىدۇ. ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام، مەيلى تەبىئىي پەننى ئۆگىنەي، مەيلى ئەدەبىي ئەسەر ئوقۇي، مەيلى مەرىپەت پەنلىرىگە دائىر كىتابلارنى كۆرەي ۋە مەيلى سەيلە ـ ساياھەت قىلاي، مۇھەببەتلىشەي، بۇ پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەقىدە پەيدا بولۇشقا، قەدىر ـ قىممەت كۆز قارىشىمنىڭ شەكىللىنىشىگە ياردىمى تەگمەي قالمايدۇ. ھەرقانداق ئىلىم، ھەرقانداق كىتاب مېنىڭ قەدىر ـ قىممەت قارىشىمغا تەسىر كۆرسەتمەيدىكەن (مەيلى چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن، رول ئوينىشىنى ئارزۇ قىلىمەن)، ئۆگىنىشكە، ئوقۇشقا ئەرزىمەيدۇ. مۇنداق بىر ئاشكارا سىر بار: ھەرقانداق زىيالىي بىرەر مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدىكەن، ئۇنىڭدا ئۆزىگە خاس ھېكمەت ـ پەلسەپە، ئۆزىگە خاس ئىخلاس ـ ئەقىدە پەيدا بولىدۇ. تولستوي شۇنداق بولغان، ۋىنېر ⑮ مۇ شۇنداق بولغان. ئۆزۈمنىڭ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىمنىڭ بىرەر ئالامىتىنى ھازىرغىچە كۆرگىنىم يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن ھېچقانداق نەرسىگە ئاخىرەتلىك ئىمان كەلتۈرگۈم يوق. بۇ بوشلۇق ئۆمۈرلۈك ئىشلىرىمنىڭ ئاخىرلىشىدىغان يېرى سۈپىتىدە، مەڭگۈ يەرلىكىم (قەبرىگاھىم) سۈپىتىدە ئامانەت تۇرسۇن. داۋاملىق ئۆگىنىش ۋە ئىجتىھات قىلىش ئىنساننى ئۆز ھاياتىدا ھەممىدىن بەك زوقلاندۇرىدىغان ئىش. سىزدە بىر خىل ياخشى ئېتىقاد بولسا مەن شۇ ئېتىقادىڭىزنى ھۆرمەتلەيمەن، لېكىن ئۇنى ماڭا زورلاپ تاڭماقچى بولسىڭىز، مەن ئۇنىڭغا ئانچە رازى بوپكەتمەيمەن. مېنىڭ مۇشۇنداق قارىشىم قارشىلىققا ئۇچرىشى مۇمكىن. سىز: بەزى ئادەملەر ھەقىقەتەن كالۋا بولىدۇ، ھېچقاچان بىرەر ئەقىدە پەيدا قىلالمايدۇ، ئۆزىنىمۇ تۇتالمايدۇ، ئۆزىنى نادانلىقتا ئۆتكۈزىدۇ. بۇنىڭ ئۆزى بىر ئاپەت! شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىگە باب كېلىدىغان بىرەر ئېتىقادنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ مېڭىسىگە زورلاپ قۇيۇشىمىز كېرەك! دېيىشىڭىز مۇمكىن. قېنى ئېيتىڭا، مانا بۇنى ئىدېئولوگىيە دېمەي نېمە دەيسىز؟ ئەگەر سىزمۇ مېنىڭ ئۇستازىمغا ئوخشاش ئالىمغان ـ بەرمىگەن بولسىڭىز، ئۇ ھالدا مەنمۇ بۇ قاراشلىرىڭىزغا باش چايقىماس ئىدىم. لېكىن شۇنى ئېيتىۋالاي: ھەممىلا ئادەم ئۇنداق كالۋا ئەمەس، گەپتە ھەرھالدا ئورۇن قالدۇرغان ياخشى. يەنە بىر گەپ: زادى كىملەرنىڭ مېڭىسىگە قۇيۇش كېرەك؟ قانچىلىك زورلاش كېرەك؟ باشقىلارنىڭلا مېڭىسىگە قۇيامسىز ياكى شۇ قاتاردا ئۆزىڭىزنىڭ مېڭىسىگىمۇ قۇيامسىز؟ ئىلىم ـ پەن تەرەققىي تاپقان 21 ـ ئەسىردە زورلاپ قۇيۇۋېرىپ مىلياردلىغان ئادەمنى كالۋا ـ ھاڭۋاقتى قىلىپ قويسىڭىز قانداق بولىدۇ؟!

* * *

تەرجىماندىن: «زىيالىيلاردىكى بىتەلەيلىك» سەرلەۋھىلىك بۇ مۇھاكىمە ماقالە ئەسلىدە ئاپتور ۋاڭ شياۋبونىڭ «مېنىڭ روھىي دۇنيايىم» ناملىق ئەبجەش ماقالىلەر توپلىمىدىن تاللىۋېلىنغان. تاللاپ بەرگۈچى غۇلجا ناھىيە پەنجىم يېزا خەلق ھۆكۈمىتىدىكى قاسىمجان ئىنايىتۇللانىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، ئەسلى ئاپتور ۋاڭ شياۋبو ئەپەندى ئالىم، يازغۇچى. ئۇ 1952 ـ يىلى 13 ـ مايدا بېيجىڭدا تۇغۇلغان. 1968 ـ يىلى «يۈننەنگە قايتا تەربىيە» ئېلىشقا چۈشكەن؛ 1978 ـ يىلى جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتىدا سودا باشقۇرۇش كەسپىدە ئوقۇغان؛ 1984 ـ يىلىدىن 1988 ـ يىلغىچە ئامېرىكىدا ئوقۇپ ماگىستىرلىق ئۇنۋانىنى ئالغاندىن كېيىن ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا، جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتىدا

www.uyghurkitap.com



ئۆزگىچە مۆلاھىزىلەر

# ئەخمەق بوۋاي نېمە ئۈچۈن تاغ يۆتكەيدۇ؟

ۋاڭ جۇڭشۇ

ئەخمەق بوۋايغا ئوخشاش تاغ يۆتكەش (بۇ ئىباردىكى «ئەخ- مەق بوۋاي» دېگەن سۆز ئىلگىرى تەرجىمە قىلىنماي ئاھاڭى بويىچە «يۈگۇڭ» دەپ قوللىنىلغان، هازىر ئۆز تىلىمىزدا تەرجىمە قىلىنىپ، «ئەخمەق بوۋاي» دەپ ئېلىندى. ـ تەرجىمان ئىزاھاتى) ياخشى چارە ئەمەس ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىنمۇ ئوبدان چارىلەر، مەسىلەن: تاغنى تېشىش، يۇقىرى سۈرئەتلىك يول ياساش ۋە باشقىلارنىڭ بارلىقىنى هازىر ھەممە ئادەم دېگۇدەك ئوبدان بىلىدۇ. لېكىن ئەخمەق بوۋاي نېمە ئۈچۈن تاغنى زادى يۆتكىمەكچى بولىدۇ؟ بۇنداق سوئالنى قويغانلار ناھايىتى ئاز.

مەسەللەر ۋە مەسىلىلەر

ئەخمەق بوۋاي تاغنى نېمە ئۈچۈن يۆتكەيدۇ؟ ئەمەلىيەتتە بۇ ناھايىتى ئاددىي مەسىلە. ئۇنىڭ سەۋەبى، ئۇ بوۋاينىڭ ئەخمەقلىقىدۇر. تاغنى يۆتكىمەك ئەخمەق بوۋاينىڭ مۇقەررەر تاللىۋالغان، بىردىنبىر ماڭىدىغان يولى بولۇپقالغان، شۇڭا ئەخمەق بوۋاي تاغنى يۆتكىۋەت- مەكچى بولغان. بوۋاي تاغنى يۆتكىۋەتمىسە ئەخمەق بوۋاي بولال- مايتتى.

ئەخمەق بوۋاي ئۆزىگە تەمەننا قويىدىكەن. ئەخمەق بوۋاينىڭ ئىشكى ئالدىدا ماڭار يولنى توسۇپ تۇرغان يوغان ئىككى تاغ ئۇنى ئەلمىساقتىن تارتىپ خەلقىئالەمدىن ئايرىپ، بىكىك مۇھىتتا قالدۇرغا- نىكەن. ئەنە شۇنداق تۇرمۇش شارائىتى ئەسلىدىنلا نادان ئادەمنى تېخىمۇ نادان ـ ئەخمەق قىلىپ قويۇپتۇ. ئۇ تاشقى دۇنيانى كۆرمە- گەچكە، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمىگەچكە، ئۆز سە- نىمگە ئۆزى دەسسەپ ياشىغانىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بەندە سەۋەب قىلسىلا ئالەمنى مالەم قىلالايدۇ، دەپ ئىشىنىدىكەن.

بوۋاي كاج ئىكەن. باشقىلار «ۋاي، بۇ ئىشنى قىلغىلى بولمايدۇ» دېسە، ئۇ شۇنچە كاجلىق قىلىدىكەن، قانچىلىك زىيان بولسا مەيلى دەيدىكەن. تاغنى يۆتكىۋەتكىلى بولمايدۇ دېسەڭلار دەۋېرىڭلار، مېنىڭ يۆتكىگىنىم يۆتكىگەن، مەن بۇ ئۆمرۈمدە يۆتكەپ بولالمىسام چالىسىنى بالىلىرىم، نەۋرىلىرىم، ئەۋرە - چەۋرىلىرىم يۆتكىتۇرىدۇ، تاغنى يۆتكىۋەتمەي ئارمان يەپ يۈرمەيمەن، دەيدىكەن. ئۇنىڭ نەزىرىدە مەيلى ھەرقانداق ئىشنى قىلغانىكەنسەن، بەل قويۇۋەتمىسەڭلا، خاتاسىز توغرا بولۇپ چىقارمىش.

ئەخمەق بوۋاي خام خىيالچى ئىكەن. پەرەز قىلىپ كۆرەيلى، بىر ئەۋلاد ئادەم يەر - پەر تېرىمىسا، رەخت - پەخت توقۇمىسا، ئۆي - ماكان تۇتمىسا نېمە يەيدۇ؟ نېمە كىيىدۇ؟ نەدە يېتىپ - قوپىدۇ؟ ئەخمەق بوۋاي بۇلارنى نەزەردە تۇتمىغان. ئۇ، ئارمىنىمغا يەتسەملا، بۇنىڭ ئۈچۈن نەچچە ئەۋلاد ئادەم جەبىر - جاپا چەكسىمۇ، ھەتتا قۇربان بوپكەتسىمۇ مەيلى، دەيدىكەن.

ئەخمەق بوۋاي ئىلىم - بىلىمنى كۆزگە ئىلمايدىكەن. جىسۇ دەيدىغان ئاقىل بوۋاي پەندىن خەۋىرى بار موللا (ئوقۇمۇشلۇق) ئادەم ئىكەن. بىلىملىك ئادەملەر ئەمەلىيەتكە قاراپ گەپ قىلىدۇ، ئەمەلىيەت نېمە بولسا، قانداق بولسا شۇنداق سۆزلەيدۇ، گەپ - سۆزلىرىنىڭ ئاساسى بولىدۇ. شۇڭا، جىسۇ دېگەن بىلىملىك بوۋاي: تاغنى يۆتكەش قاملاشمايدىغان ئىش، دېسە، ئەخمەق بوۋاي چىچاڭلاپ، ئاقىل بوۋاينى سۆز قىلدۇرماي ۋالاقلاپ كېتىپتۇ.

ئەخمەق بوۋاي ئۆزۈمچىل ئىكەن. تاغنى يۆتكەيدىغان، بىر نەچچە ئەۋلاد ئادەمگە مۇناسىۋەتلىك بولغان شۇنداق چوڭ ئىشنى ئىسلىدە ئائىلە جەمەتى جەم بولۇپ، كوللېكتىپ مۇزاكىرىلىشىپ قارارلاشتۇرۇش كېرەك ئىدى. شۇ ئىشنى قىلىش مۇمكىنلىكىنى، تەننەرخ ھېساباتىنى تولۇق دەلىللەش، ھەتتا مەشھۇر بىلىمدانلارنى تېپىپ مەسلىھەت سوراش لازىم ئىدى ۋەھاكازا. لېكىن ئەخمەق بوۋاي بۇنداق ئىشلارنىڭ بىرىنىمۇ قىلماي، ئۆزىنىڭ مەيدىسىگە ئۇرۇپ، بولدى يۆتكىدۇق، دەپلا تۇتۇش قىلغان. خوتۇنى باشقىلارنىڭ جىم ئولتۇرۇۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، بىتاقەت بولۇپ: «سېنىڭ كۈچۈڭ بىلەن تەيخاڭشەن، ۋاڭۋۇشەن تېغىدەك يوغان تاغلار تۇرماق، كىچىككىنە بىر دۆڭنىمۇ يۆتكەش مۇمكىن ئەمەس، يۆتكەشكە تۇتۇش قىلغاندا چىققان تاش - توپىلارنى نەگە جىمىقتۇرىسەن؟» دەپتۇ. لېكىن ئۇ گەپلەر ئەخمەق بوۋاينىڭ قۇلىقىغا كىرمەپتۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ بىلگىنىچە ئىش قىپتۇ.

ئەلھال، ۋاقىت ئۆتۈۋېرىپتۇ، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ بىرەر نەتىجە چىقىشىغا كۆزى يەتمەپتۇ، ئۈمىدى قالماپتۇ. نەۋرە - چەۋرىلەر بارا - بارا چوڭ بولۇپ بۇ ئەخمەقانە ئىشتىن ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئەخمەق بوۋاي: «بەلنى بوشاشتۇرماي چىڭ باغلاپ ئىشلەۋەرسەك، چوقۇم خۇدايىمنىڭ رەھمى كېلىدۇ، خۇدايىم ئاخىر بىر كۈنى تاغنى يۆتكەپ بېرىدۇ» دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن تاغ قېزىۋاتقان ئادەملەرنىڭ كۆزى خۇدانىڭ ئىلتىپاتىغا تەلمۈرۈپ قاپتۇ...

---

«فېلىيەتونلاردىن تاللانما»ژۇرنىلىدىن توختى باقى ئارتىشى تەرجىمىسى

# مەسەللەر ۋە مەسىلىلەر

ئابلەت قەييۇم

## دۆڭگو ئەپەندىدىن «جۇڭگو ئەپەندى»گە بىر نەزەر

«دۆڭگو ئەپەندى»نىڭ ھېكايىسى مۇنداق: بىر كۈنى دۆڭگو ئەپەندى ئېشەككە لىق كىتاب قاچىلانغان تاغارنى ئارتىپ، شەھەرگە دەرس ئۆتكىلى ماڭىدۇ. يولدا بىر بۆرە ئۇچراپ: «ئەپەندى، كەينىمدىن ئوۋچى قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ، مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ» دەپ يالۋۇرىدۇ. دۆڭگو ئەپەندىنىڭ بۆرىگە ئىچى ئاغرىپ، ئۇنى كىتاب قاچىلىغان تاغىرىغا يوشۇرۇپ قويىدۇ. ئوۋچى كېلىپ سورىغاندا «كۆرمىدىم» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئوۋچى كەتكەندىن كېيىن بۆرىنى قويۇۋېتىپ ماڭماقچى بولىدۇ. بۇ چاغدا بۆرە يىرتقۇچ تەبىئىتىگە قايتىپ، دۆڭگو ئەپەندىنى يېمەكچى بولىدۇ. دۆڭگو ئەپەندى قورقۇپ كېتىپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەيدۇ. ئاخىر «بۇ ئىشقا باشقىلار بىر نېمە دەپ باقسۇن» دەيدۇ. بۆرە قوشۇلىدۇ. ئۇلار بىللە كېتىۋاتقاندا جوتۇ كۆتۈرۈۋالغان بىر دېھقان بوۋاي ئۇچرايدۇ. بوۋاي ئەقىل ئىشلىتىپ بۆرىنى ئۇجۇقتۇرۇپ، دۆڭگو ئەپەندىنى قۇتقۇزۇۋالىدۇ.

بۇ ھېكايە ھەققىدىكى تەھلىللەردە بۆرىنىڭ ۋاپاغا جاپا قىلىدىغان رەزىللىكى ئەيىبلىنىپ، زىيانداشقا رەھىم قىلساڭ، ئۆزۈڭگە زىيان سالغان بولىسەن، دېگەن يەكۈن يەكۈنلىنىدۇ. دەرۋەقە بۇ يەكۈن ھېكايە مەنىسىنىڭ بۆرىگە ئالاقىدار بىر تەرىپىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مېنىڭچە، ھېكايىدىكى گەۋدىلىك مەسىلە دۆڭگو ئەپەندى پاجىئەسى.

دۆڭگو ئەپەندى پاجىئەسىنىڭ نېگىزلىك مەزمۇنى ساددىلىق (ھېكايىدە ئاق كۆڭۈللۈكتەك كۆرۈنىدۇ)، پەمسىزلىك، قورقۇنچاقلىق. شۇڭا نەزىرىمىزنى دۆڭگو ئەپەندى ئوبرازىغا ئاغدۇرساق، ئۇنىڭدىن تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك مەنىلەرگە ئېرىشەلەيمىز. ھېكايىنى تېخىمۇ تولۇق دىئالېكتىك ھېكمەتى بىلەن چۈشەنگەن بولىمىز.

دۆڭگو ئەپەندى كىم؟ ئوقۇتقۇچى، كاللىسى كىتابىي بىلىملەر بىلەن تولغان ئۆلىما. لېكىن ئۇ شۇنداق تۇرۇقلۇقمۇ بۆرىنىڭ ساختا قىياپىتىگە ئالدىنىپ قالىدۇ. بۆرە ياۋۇز ئەپتى - بەشىرىسىنى ئاشكارىلىغاندا قورقۇپ تىترەپ كېتىدۇ. خەتەر خەۋپىدە قالغاندا قانداق قىلىشنى بىلەلمەيدۇ. بۆرىگە تاقابىل تۇرۇشتا دېھقانچىلىكمۇ بولالمايدۇ. بۇ ھال جۇڭگو زىيالىيلىرىدىكى نەزەرىيىدە كۈچلۈك، ئەمەلىيەتتە ئاجىز بولۇش مەسىلىسىگە تولىمۇ ماس كېلىدۇ. بۇ مەنىدىن دۆڭگو ئەپەندىنى جۇڭگو زىيالىيلىرىغا تەتبىقلاشقا، دۆڭگو ئەپەندى پاجىئەسىنى «جۇڭگو ئەپەندى» پاجىئەسى دەپ ئوبرازلاشتۇرۇشقا بولىدۇ.

سەۋەبىنى ئىزدىسەك، جۇڭگو زىيالىيلىرىدىكى دۆڭگولۇق (بىلىملىك بولۇش بىلەن ئەمەلىي ئىشلەشنىڭ تەڭپۇڭسىزلىقى)نىڭ يىلتىزى تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا جۇڭگو مائارىپىغا بېرىپ چېتىلىدۇ. جۇڭگونىڭ مائارىپ ئەنئەنىسىدە باشتىن - ئاخىر بىلىم بېرىش، بىلىم ئېلىش ئاساس قىلىنىدۇ. ئەقىل، ئىقتىدار ۋە خاراكتېر قۇرۇلۇشىغا سەل قارىلىدۇ ياكى يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىلمەيدۇ. نەتىجىدە مەكتەپلەردە

«ئەلاچى» ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلار جەمئىيەتكە چىققاندا «ئەلاچى» بولالماي قالىدۇ. ئەگەر ماتارىيىتكى بۇ خىل ھالەت ئۆزگەرمىسە، جۇڭگولۇقلار دۇڭگولۇقتىن، جۇڭگو دۇڭگو ئەپەندى پاجىئەسىدىن خالىي بولالمايدۇ.

2005 ـ يىل 1 ـ فېۋرال، شەھىرى تۇرپان

# يۇگۇلۇق روھى ـ جۇڭگو روھى ئەندىزىسى

جۇڭگولۇقلار ئىرادىلىك بولۇشنى، ئۈمىدۋار بولۇشنى، چىداملىق بولۇشنى كۆپ تەكىتلەيدۇ. بىراق بەزىدە ئۇلارنى ئەقىللىق بولۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە سەل قارىغاچقا، بۇ جەھەتتىكى ئەقلىيلىرى ئەقىل ـ پاراسەتكە زىت تۈس ئېپقالىدۇ. بۇ ھال يۇگۇلۇق روھىدا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ.

يۇگۇلۇق ئىرادىلىك، چىداملىق، ئۈمىدۋار تىپ. لېكىن ئۇ ئەقىللىق ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ يۇقىرىقى خاراكتېرى ئەقىل بىلەن زىت.

يۇگۇڭنىڭ تاغنى يۆتكىۋېتىش ئىرادىسى قالتىس، لېكىن بۇ ئىرادە ئۇنىڭ تاغنى نېمە ئۈچۈن يۆتكىۋەتمەكچى بولغانلىقىدا ئەخمىقانە تۈس ئالىدۇ. چۈنكى يۇگۇلۇق ئىشىكى ئالدىدىكى تاغ يولنى توسۇۋالغانلىقى ئۈچۈن تاغنى يۆتكىۋېتىش ئىرادىسىگە كەلگەن. شۇنىسى ئېنىقكى، تاغ يۇگۇڭنىڭ ئۆيىدىن ئاۋۋال. دېمەك يۇگۇلۇق ئۆيىنى تاغقا قارىتىپ، تاغنىڭ باغرىغا سالغان ـ دە، تاغنىڭ يولنى توسۇۋېلىشتەك ئەھۋالنى ئۆزى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

ئەگەر ئۇ بۇ ئىشتا خاتا قىلغانلىقىنى سەزگەن بولسا، تاغنى يۆتكەش بىلەن ئۆينى يۆتكەشنىڭ مۇۋاپىق بىرىنى تاللىشى كېرەك ئىدى. دەڭسەپ كۆرگەندە ئۆينى يۆتكەش تاغنى يۆتكەشتىن ئاسان. ناۋادا ئۆينى يۆتكىگەن بولسا، يۇگۇلۇق ئۆز ئۆمرىدە ئەمەس، ئۆمرىنىڭ بىر قانچە كۈنىدىلا بۇ ئىشنى ئورۇنداپ بولغان، ئەۋلادلىرىنىمۇ ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋام قىلدىغان تاغ يۆتكەش جاپاسىغا قويمىغان بولاتتى.

ئەلۋەتتە بۇ بىر تەمسىل. تەمسىلگە خاس توچكىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭ مەنتىقىي مەنىسىنى تۇرمۇش ۋە جەمئىيەت مىقياسىدىن ئىزدىگەندە، بەزىدە ھەقىقەتەن «تاغ»نى يۆتكىمەي بولمايدۇ. شۇنداقتىمۇ ئىرادە چوقۇم ئىرادە پەزىلىتىنىڭ ئومۇمىي تەلىپىگە مۇناسىپ ھالدا ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، ئەقىلگە مۇۋاپىق بولۇشى، قۇرۇق، ساختا بوپقالماسلىقى شەرت.

ھېكايىدە يۇگۇڭنىڭ ئىرادىسى خۇدانى تەسىرلەندۈرگەچكە، خۇدا ئىككى پەرىشتىنى ئەۋەتىپ تاغنى يۆتكىۋېتىدۇ. ئەمدى بىز تەسەۋۋۇر قىلىپ كۆرەيلى، مۇبادا پەرىشتىلەر تاغنى يۆتكىۋەتمىگەن بولسا، يۇگۇڭنىڭ ئەۋلادلىرى قاچانغىچە تاغ يۆتكەپ يۈرەر ئىدى؟ بۇ ئىشنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرارمىدى؟ تاغنى يۆتكەپ بولغىچە ئۆيلىرى كونىراپ ئۆرۈلۈپ چۈشسە، يەنە شۇ جايغا قايتىدىن ئۆي سالارمىدى؟ ئويلىنىپ كۆرسەك بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابلىرى پۈتۈنلەي مەجھۇل. مەسىلەن: يۇگۇلۇق گەرچە تاغنى يۆتكەش ئىرادىسىگە كەلگەن بولسىمۇ، قاچان يۆتكەپ بولىدىغانلىقىغا ئېنىق بىر نەرسە دېيەلمىگەن. ئەقەللىيسى بۇ ئىشنى قانچە ئەۋلادتا ئەمەلگە ئاشۇرالايدىغانلىقىنىمۇ تەخمىن قىلالمىغان. يەنە كېلىپ ئەۋلادلىرىنىڭ بۇ ئىشنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇشىمۇ ناتايىنلىقتىن مۇستەسنا ئەمەس. شۇڭا ئۇنىڭ تاغنى ئاخىرى بىر كۈنى يۆتكىۋېتىدىغانلىقىغا ئىشەنگىنى يۇكسەك دەرىجىدىكى ئۈمىدۋارلىق بولسىمۇ، قەرەلىنىڭ چەكسىز، ئىزچىللىقىنىڭ ناتايىن بولۇشى ئۈمىدۋارلىقىنىڭ ئەقلىي سۈپىتىنى خىرەلەشتۈرگەن.

يۇگۇلۇق تاغنى يۆتكەش ئىشىنى ئويلاشقاندا قانداق يۆتكەش توغرىلىق باش قاتۇرمىغان. جوتۇ بىلەن چىپىپ، ئېپكەش بىلەن توشۇپ يۆتكىمەكچى بولغان. بۇ ئىشنىڭ نەقەدەر جاپالىق بولىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. شۇنچىلىك جاپاغا ۋاي دېمەي ئىشلەش ئەلۋەتتە چىداملىق (ئەمگەكچانلىق) نىڭ ئىپادىسى. بىراق ئەۋلادمۇئەۋلاد جاپادا ئېزىلىپ ياشاشقا كۆنۈش قانداقمۇ ئاقىلانىلىك بولسۇن؟!

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، يۇگۇڭنىڭ تاغنى يۆتكىشى قارىماققا ئىرادە، چىدام، ئۈمىدۋارلىقنىڭ يۇكسەك نەمۇنىسىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئەقلىي مۇئەييەنلىكنىڭ تۆۋەنلىكى بىلەن بىمەنە. بۇنداق بىمەنىلىك پەقەت بىر ئەپسانىۋى ھېكايىگە خاس بىمەنىلىك بولماستىن، بەلكى جۇڭگو جەمئىيىتىدە خېلى زور سالماق بىلەن داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان تارىخىي رېئال ئىزچىللىق. بۇ كۆپىنچە جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۆزى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، غايە بىلەن مۇناسىۋىتى دېگەندەك تەرەپلىرىدە ئەكس ئېتىدۇ.

جۇڭگولۇقلار (ئەنئەنىۋى جۇڭگولۇقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ) ئۆزىنى ئۆزگەرتىش بىلەن ئۆزگىنى ئۆزگەرتىش مەسىلىسىدە ئاكتىپ ھەم كەسكىن تاللاش پوزىتسىيىسىدە بولمايدۇ. ھەرقاچان ئۆزگەرتكۈچىلىك ئورنىدا تۇرۇپ ئىش كۆرىدۇ. نەتىجىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن ئۇنۇم شەكلەن ھالدىكى ئۆز ـ ئۆزىنى تەكرارلاش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. ۋاقىت ۋە كۈچ جەھەتتىكى سەرپىياتتا بىھۇدىلىك ئېغىر بولۇپ، سان ـ سىپىرلار ھەرقانچە چوڭايغاندەك قىلسىمۇ، سۈپەتتە ئۆزگىرىش زور بولمايدۇ. ئۇقۇملار ھەرقانچە كۆپ ئالماشسىمۇ، ماھىيەت يەنىلا كونا قېلىپتىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ.


جۇڭگولۇقلارنىڭ غايە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى خېلىلا رومانتىك، ئۇلار تىپىك كەلگۈسىگە خاس مەۋجۇدلۇق. ئۇلارنىڭ ئەتىگە بولغان ئۈمىدۋارلىقى ناھايىتى كۈچلۈك. خىيالىدىكى گۈزەل كېلەچەك ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلاش روھى ئالاھىدە يۇقىرى، لېكىن ئۇلارنىڭ كەلگۈسىگە باغلىغان ئۈمىدى ئاكتىپ ھەم ئەمەلىي بىر چەك بىلەن ئىستراتېگىيىلىك قىممەتتىكى پىلان، نىشان شەكلىدە چەكلەنمەيدۇ. شۇڭا بالا ئاتىنىڭ ئىزىمىنى تەكرارلاپ، ئەتىنىڭ شېرىن چۈشلىرىگە ئەسىر بولۇپ ئۆتۈۋېرىدۇ. جۇڭگودا قالاق فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر ئەلدىكىدىن قويۇق بولۇشى ھەم ئۇزاق داۋام قىلىشى ئاساسلىقى مۇشۇ سەۋەبكە باغلىق. كەڭ ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە بۇنداق رېئاللىق لۇشۈننىڭ نەزىرىدە تىپىك ھالدىكى «AQ چىلىق» بولۇپ ئەكس ئېتىدۇ.

جۇڭگولۇقلار ھازىر دۇنياۋى پەللىلەرنى كۆزلەپ، دۇنياۋىلىشىش ئۇرغۇسىدا سۆزلەۋاتىدۇ. بۇ ئۇلاردىن «AQ چىلىق» خاراكتېرىدىكى ئىرادە، چىدام، ئۈمىدۋارلىق روھىنى سۈپەت ۋە رىتىم جەھەتتىن ئاكتىپ، ئاقىلانە تەڭشەشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا دۇنياۋى قەدەملەرگە ياندىشىش تەقەززاسى بىلەن ئوبيېكتىپ ھالدا يېقىنلىشالايدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئادەمنى ئۇياتقا قالدۇرىدىغان تارىخ بىلەن بۈگۈن ئوتتۇرىسىدىكى نەچچە مىڭ يىللىق سۈكۈت رېئاللىق بىلەن غايە ئوتتۇرىسىدىكى ئېگىز بىر تاغ بوپقالىدۇ.

2004 ـ يىل 11 ـ نويابىر، شەھىرى تۇرپان

---

ئاپتور: تۇرپان تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى پېداگوگىكا مەكتىپىنىڭ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى



# ھەقىقەت توغرىسىدا مۇلاھىزە

ئابلەت مۇھەممەت

## دۇنيا ئۆزگەرتكۈچىلەرگە مەنسۇپ

دۇنيا كىمنىڭ دۇنياسى؟ ـ سوقرات، ئەپلاتون، ئارستوتىل، ئارخىمېدلاردىن تارتىپ كوپېرنىك، گالىلىي، نيۇتون، ئېينشتېين ۋە ماركس، لېنىن... لارغىچە بولغان تارىختىكى بارلىق پەيلاسوپ، ئالىملار ۋە ئىنقىلابچىلارنىڭ ئىجتىھات بىلەن جاپالىق ئىزدىنىشلىرى دۇنيانى چۈشىنىش ۋە بىلىش، ئاخىرقى ھېسابتا دۇنيانى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن بوپكەلدى. ئوخشاشلا بۇنىڭدىن كېيىنكى دۇنيامۇ ئۆزگەرتكۈچىلەرنىڭ دۇنياسى بولىدۇ. دۇنيا مەڭگۈ زارلانغۇچىلارغا ئەمەس، بەلكى ئۆزگەرتكۈچىلەر مەنسۇپ بولىدۇ.

## دۇنيا ھەقىقەتلىرى بىزگە نېمىنى ئۇقتۇرىدۇ؟

—ئېيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدىن ھەقىقەت بىرلا سۆز «ئېتىراپ قىلىش»نى ئۇقتۇرىدۇ.

دۆلەتزادە «بۈگۈنكى دۇنيا ھەقىقەت ئەڭ كۆپ سۆزلىنىدىغان شۇنداقلا ئەڭ كۆپ دەپسەندە قىلىنىدىغان دۇنيا»دەيدۇ («شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى 2002 ـ يىل 3 ـ سان؛ «مەدەنىيەت ۋە مەۋجۇدلۇقىمىز»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 ـ يىل نەشرى). مەن بۇ پىكىرنى «دۇنيا» ۋە «دەپسەندە»ئىبارىسىدىن مۇستەسنا ھالدا مۇئەييەنلەشتۈرىمەن. مەتتۇرسۇن ئوسمان بىز ئۇيغۇرلاردا ئەزەلدىن ئىستېمال قىلىنىپ كېلىۋاتقان «ھەقىقەت ئېگىلىدۇ،

## ھەممە كۆز قارىشىنى قويۇپ باقاي

ئەمما سۇنمايدۇ» دېگەن تەمسىلگە قارىتا قەتئىي ھالدا «ھەقىقەت ئېگىلمەيدۇ»دەيدۇ («شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى 2004 ـ يىل 3 ـ سان). شۇنداق، ئىنسانلار پەيدا بولغان ۋاقىتتىن تارتىپ (ھەقىقەت مېۋىسىنى يەپ قويغان ۋاقىتتىن تارتىپ «بايبىل»دىن) ھەقىقەتكە ئەقىدە باغلاپ، ئۇنىڭ ھامان غالىبلىققا قەتئىي ئىشىنىپ كەلدى. چۈنكى ئەسلىدىلا ھەممە ئىجتىمائىي ھادىسە ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىدا شەيئىنىڭ قانۇنىيىتى مۇقەررەر مەۋجۇد ھەقىقەت سۈپىتىدە مۇئەييەن شارائىتتا ئۇنىڭ ئاشكارىلىنىپ ئۆزىنى گەۋدىلەندۈرمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس. چەكتىن ئاشقان شەخسىيەتچىل تىپلار، ھەقىقەتسىزلەر ماھىيەتتە ھەقىقەتتىن ئەڭ قورقىدۇ. شۇڭا ئۇلار «ھەقىقەت»نى سۈيىئىستېمال قىلىشىدۇ، زىننەت بۇيۇمى ئورنىدا يۇقىرىغا ئېسىپ قويۇشىدۇ. لېكىن «يالغان ھامان يالغان، ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك ـ پوك» دېگەندەك، ئۇلار ئەپتى ـ بەشىرىسى ئاشكارىلىنىپ، چاۋىسى چىتقا يېيىلىشىدىن ئەنسىرەپ، ھامان خاتىرجەمسىزلىك ئىچىدە ياشايدۇ. شۇنداق ئىكەن، بۇنداق رەزىل تىپلارنى تىترىتىپ تۇرىدىغان ھەقىقەت قانداقمۇ دەپسەندە بولالىسۇن؟! غالىب ـ ھەققانىي شەيئىلەرنى ھېچقانداق كۈچ دەپسەندە قىلالمايدۇ.

مېنىڭچە، دۇنيا ئۇقۇمى تار مەنىدە ئۆزىمىز سىياسىي تەۋەلىكتە تۇرۇۋاتقان دۇنيانىڭ مۇشۇ قىسمىنى، كەڭ مەنىدە ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل دۇنيانى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، چەك ـ چېگرا ئېنىق ئايرىلمىغان ھالدا «دۇنيا»ئىبارىسى ئومۇمىي، ئابستراكت قوللىنىلسا، مەنتىقە جەھەتتىن ئېيتقاندا، ھەقىقەت دەپسەندە قىلىنىدىغان (دەپسەندە قىلىش) دۇنيادا ئومۇمىي، ئوخشاشلىققا ئىگە، دېگەن مەنە كېلىپ چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دۇنيادىكى يېڭى يۈزلىنىشلەرگە ماھىيەتلىك جاۋاب بېرەلمەسلىك، ھەق بىلەن ناھەق، ياخشى بىلەن يامانىنىڭ پەرقىنى ئېنىق ئايرىماي، بىر تاياقتا ھەيدەشتەك (دۇنيا ھەققەتسىزلىكى) ئاددىي ئۇقۇمى كېلىپ چىقىدۇ.

ئەگەر كىشىلەر (بىزنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ئاپتورلىرى) دۇنيانى تارىخىي ئاساستا كونكرېت، ئەستايىدىل تەھلىل قىلىپ چۈشەندۈرۈشكە سەل قارىسا، ئىنچىكە كۆزىتىپ دۇنيانىڭ مۇشۇ دەۋرىدە يۈز بېرىۋاتقان ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى ماھىيەت جەھەتتە ئېنىقلاپ، پەرقلەندۈرۈپ چۈشەندۈرمەكچى، جاۋاب بەرمەكچى بولغان شەيئى ئۈستىدە كىشىلەرنى قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە ئەتراپلىق باھا ۋە ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويمىسا، ئۇ ۋاقىتتا كىشىلەرنى تەربىيىۋى ئۈنۈمگە ئىگە قىلىش ئورنىغا يەنىلا ئالاڭ گادايلىقى، چۈشەنچە مالىمانچىلىققا سەۋەب بوپقالىدۇ.

ئەلۋەتتە، بىز مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، دادىل پىكىرلەرنى، مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇشنى قۇۋۋەتلەيمىز. ئەمما ئامال بار مەسئۇلىيەتچان، تەييارلىق پۇختا، ياخشى بولسۇن.

مۇستەبىت كۈچلەر ھەقىقەتتىن ئەڭ قورقىدۇ. شۇنداقلا ئۇلار گېبېلس (گېرمانىيىلىك ناتسىست)نىڭ «يالغاننى قانچە كۆپ سۆزلىسەڭ، كىشىلەرنى شۇنچە ئىشەندۈرەلەيسەن» دېگەن سەپسەتىسىگە ئىشىنىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ تەبىئىتى. ئۆتمۈشتە دۇنيانىڭ، جۈملىدىن جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخىنىڭ بەتلىرىنى ۋاراقلىساق، مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەرنىڭ دۇنيادىكى باشقا جايلىرىدا مەيدانغا كەلگەن ۋە بىر قاتار تارىخىي جەريانلارنىڭ سىنىقىدىن ئۆتۈپ ئاخىرى ئۇلۇغ ئېقىمغا ئايلانغان، ئىلغارلىققا ۋەكىللىك قىلىدىغان يېڭى شەيئىلەرنىڭ ئۆز مەملىكىتى خەلقىگە تەسىر قىلىشىدىن قورقۇپ، دۇنيا يېڭىلىقلىرىنى قامال قىلىۋېلىپ، ئۆز خەلقىنى قانۇنىيەتلىك ھالدا ئۆزئارا تەسىرلىشىپ ئىلگىرىلەۋاتقان دۇنيادىن ئايرىپ، يېپىق ھالەتتە قالدۇرغانلىقىنى كۆرىمىز. شۇڭا ئۇلار ئۆزىدىن باشقىلارنىڭ ھەممىلا نېمىسىنى «يامان»غا چىقىرىۋەتكەنىدى. ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، باشقىلار بىلەن سىياسىي قۇرۇلما ۋە ئالاڭ جەھەتتىكى پەرقلەر پەيدا قىلغان ئىختىلاپلاردىن كېلىپ چىققان «يامان»بولسىمغۇ بىر گەپ ئىدى، ئەمما ھەر قانداق بىر نورمالنى ئادەم قوبۇل قىلالمايدىغان بىمەنە تەتۈرلۈك شۇكى، ئەقەللىيسى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشتا ئۆزلىرى ئەينى ۋاقىتتا ئىشلىتىۋاتقان تۆمۈر، كۈرجەك، پالتا، مىختىن تارتىپ، خۇرۇم، ئۆتۈك، پەلتو، سىرتمىغىچە چىدام، سۈپەت ھەم كۆركەملىكتە كىشىلەرنىڭ سۆزسىز «ياخشى»دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ئېرىشكەن بولسىمۇ، چەتنىڭ مۇشۇ جانسىز نەرسىلىرىنىڭ نىسبەتەن ھەقىقىي، ياخشى ئىكەنلىكىنى ئوبيېكتىپ پاكىت سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلغان ۋە سۆزلەپ قويغان كىشىلەر ئەينى چاغدا «چەت ئەللىكلەرنىڭ ئوسۇرۇقىنىمۇ ئالاھىدە خۇش پۇراق» دېگۈچىلەر، «چەتكە چوقۇنغۇچىلار» دېيىلىپ، «جىن ـ شەيتان»لىق سىياسىي قالپاقنى كىيىش تەقدىرىگە دۇچ كەلگەنىدى. ھازىر بولسا بۇ ھالەت بۇزۇپ تاشلاندى. كىشىلەر ئۆزىدىن باشقا دۇنيانىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى چۈشىنىشكە يۈزلەندى. ئۆزلىرىنى باشقىلارغا سېلىشتۇرۇپ، كۆپ ئارقىدا قالغانلىقىنى، دۇنيادىكى بىر قىسىم «ھەقىقەت»لەرنى بىلىپ، ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلماسا بولمايدىغانلىقىنى بىلىشتى. دېمەك، بۈگۈنكى دۇنيايىمىزدا ھەقىقەتنى سۆزلەشتىمۇ، ئۇنى بۇزۇشتىمۇ پەرق زور ئىكەن. دۇنيا توغرىسىدىكى كونا ئۇقۇملارنىڭ كۆپلىرى يېڭىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى دەۋردە بىز يەنىلا كونا مۇقامغا دەسسەپ، ھەممىنى قارا ـ قويۇق بىر تاياقتا ھەيدىسەك، ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا پېتىپ، يەنىلا دۇنيانىڭ، دەۋرنىڭ ئارقىسىدا قېلىۋېرىمىز.

مەلۇمكى، دۇنيا تولىمۇ كەڭ ۋە سىرلار بىلەن تولغان. ئۇنى نوقۇل ھالدا چۈشەندۈرۈشلا كۇپايە قىلمايدۇ. مۇھىمى ئېچىش، ئۆزىمىزگە تەۋە دۇنيايىمىزنى ئۆزگەرتىشكە توغرا كېلىدۇ.

دۇنيانىڭ ئوخشىمىغان رىقابەتلىك بۆلەكلەردىن تەشكىل قىلىنىشى، تۈزۈم ھەم تۈزۈلمىلەر ۋە ئۇلارنىڭ تەڭشىلىش، جانلىنىش، تەرەققىي قىلدۇرۇلۇش جەھەتتىكى پەرقلەر، تارىخىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئوخشىماسلىقلار تەرەققىيات ۋە قىممەت قارىشى بىلەن بىللە يەنە تارىختا شەكىللەنگەن مىللىي ئادەت كۈچلىرىدىكى ئىجابىي ۋە سەلبىي پەرقلەرنىڭ مەۋجۇد بولۇشى ئوخشاش بىر شەيئى ئۈستىدە «ھەقىقەت»كە نىسبەتەن تونۇشنىڭ ئوخشاش بولمايدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. ئېيتايلى، ئىجتىمائىي تۈزۈم ھەم تۈزۈلمىدىن ئىبارەت بۇ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى زور مەسىلىدە «چەت ئەللەر مەدەنىيىتىنىڭ پايدىلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قوبۇل قىلىش»نىڭ ئەكسىچە، تەرەققىي قىلغان غەربتىكى ئەللەر يەنىلا قاتمال چۈشەنچىلەر دائىرىسىدىكى ئۆلچەمگە سېلىنىپ، تارىخنىڭ «ئەخلەت ساندۇقى»غا مەنسۇپ قىلىنىپ كېلىندى. غەرب مۇتەپەككۇر ئالىملىرى بۇنىڭدىن نەچچە ئەسىر ئىلگىرىلا جەمئىيەتنى ئۇزاق يىللار ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، يەكۈنلەش نەتىجىسىدە ئوتتۇرىغا قويغان «ئۈچ خىل ھوقۇقنى ئايرىۋېتىش»تىن ئىبارەت چوڭقۇر ماھىيەتكە ئىگە ئىلمىي دۆلەت ئۇقۇمى مەنسىتمەي كېلىندى. ئۇلار مۇشۇ ئەڭگۈشتەرگە تايىنىپ دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى قەدەممۇ قەدەم تەڭشەپ، ئىلگىرى باستۇرۇپ ھاكىمىيەت كۈچ زورراۋانلىقى، مۇستەبىتلىك، ھوقۇقچىلىق دېگەن نەرسىلەرگە ئۈنۈملۈك چەك قويۇپ، كىشىلەر رايىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، نىسبەتەن مۇقىم بولغان جەمئىيەت ۋە تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى ساقلاپ كېلىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت بۇ پاكىتلاردىن ئۈلگە ئېلىپ پايدىلىنىشقا نىسبەتەن رەت قىلىش پوزىتسىيىسى بىلەن مۇئامىلە قىلىنىپ كېلىندى. ئۇلاردىكى نىسبەتەن مۇكەممەل بولغان ئۆزئارا نازارەت قىلىش ۋە چەكلەش مېخانىزملىرىنىڭ كۈچلۈك رولى ۋە تۈرتكىسى نەتىجىسىدە دېموكراتىيە ۋە ئىنسان ھوقۇقى غەربلىكلەر ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىغا ئايلاندى. ئەلۋەتتە بىز ھېچ بولمىغاندا

www.uyghurkitap.com

تۇرىدۇ. شۇڭا بىز يەر شارىنىڭ شەرقى ياكى غەربىدىكى تۇرۇۋاتقان ئورنىمىزغا قاراپلا پۈتكۈل دۇنيانى قاراڭغۇ ياكى يورۇق دېيەلمەيمىز، ئەلۋەتتە.

بىز ياشاپ ئۆتكەن ۋە ھازىر ياشاۋاتقان جەمئىيەتلەر «ھەقىقەتتى» كېيىنكىسى ئالدىنقىسىغا نىسبەتەن بىر زور تارىخىي ئىلگىرىلەش بوپكەلگەنلىكى، جەمئىيەت دۇنياسىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى بولغاچقا، بۇلارغا بىز مەيلى ئۇ كاپىتالىزم بولسۇن ياكى سوتسىيالىزم بولسۇن ئىجابىي ۋە سەلبىي تەرەپلەردىن ئادىل، مۇۋاپىق، مۇناسىپ باھا بېرىمىز. بۇنىڭ ئىچىدىكى كۆندىلىك تۇرمۇشىمىزدا بىز دائىم دۇچ كېلىپ تۇرۇدىغان چوڭ ـ كىچىك «ھەقىقەتلەر» ئاشۇ جەمئىيەتلەر ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ مۇقەررەركى، تەسىر دائىرىسى ئىچىدە بولىدۇ ۋە ئىنسانلار بۇنىڭ ئىستىقبالىغا ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزلىرى ئەڭ توغرا، ئەڭ مۇۋاپىق ھۆكۈمنى تاللاپ چىقالايدۇ.

## ھەقىقەت كۆپىنچە ھاللاردا ئازچىلىقنىڭ قولىدا بولىدۇ

دىمەك ھەقىقەت، ھەر قانداق بىر شەيئىگە مۇستەقىل تۇرغىدىن تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن دېگەن سوئالنى قويۇش ۋە كىشىلەر تەپەككۇرى ھەم ئىرادىسىنى ئىپادىلەشكە چەكلىمە قويىدىغان رامكا سىزىقىدىن بۆسۈپ چىقىپ ماھىيەتنى، ھەقىقىي كۆڭلىدىكى پوزىتسىيىسى (راستچىللىق)نى ئىپادىلەش ھەقىقەتەن زۆرۈرىيەت بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش تولىمۇ تەس. شۇڭا رامكا ـ چەكلىمە دېگەنلەرنى مەنستەمەي ئىرادىسى، سەممىيىتىنى ئىپادىلەش تارىختىن بۇيان تولىمۇ ئاز ئادەملەرگە نېسىپ بوپكەلگەن ئەخلاقىي ۋە ئەقلىي ھادىسىدۇر.

«ھەقىقەت كۆپىنچە ھاللاردا ئازچىلىقنىڭ قولىدىۇ بولىدۇ». بۇ مۇئەييەن ماكان ۋە شارائىتتا شۈبھىسىزكى، توغرا ھۆكۈم. بۇنى ھەقىقەتنىڭ زور دەل تۆلەشنى شەرت قىلغانلىقى بەلگىلىگەن. بىرونوكوپېرنىكنىڭ «قۇياش مەركەز تەلىماتى»نى قوغداش يولىدا ئوتتا كۆيدۈرۈلۈۋاتقاندىمۇ قىلچە تەۋرەنمىگەن. كارل لىبكنىخت گېرمانىيە پارلامېنتىدا ئۆزى يالغۇز ئۇرۇشقا قارشى ئاۋاز بەرگەن. شامەشرەپ جاھالەت كۈچلىرى تەرىپىدىن دارغا ئېسىلغان. ئۇمۇمىي ئېقىمغا قارشى يالغۇز قالسىمۇ ھەقىقەت دەپ ئىشەنگەن شەيئى ئۈستىدە ئوخشىمىغان پىكىر بايان قىلالىغانلار... ئىشقىلىپ، بۇنداق ئازچىلىقنىڭ مىسالى تارىخىي جەريانلاردا ئۇچراپ تۇرىدۇ.

ھەقىقەت بىلەن ناھەقىقەت، ھەققانىيەت بىلەن ناھەققانىيەت ئىنسان ھاياتىنىڭ بارلىق قەدەم ۋە پائالىيەتلىرىدە ئۆزىنى كۆرسىتىپ، سىڭىشىپ بارىدۇ. بۇ يەردە بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىزدا كەمچىل بولۇۋاتقان نەرسە سەممىيەت ۋە راستچىللىقتۇر. بىز مۇشۇ نۇقتىدا مۇنۇ پىكىرنى دىققىتىمىزدىن ساقىت قىلالمايمىز. بىر جەھەتتە مۇستەبىتلىك ۋە ھاكىمىيەت كۈچ زوراۋانلىقى ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە تۈزۈلمىلەر ئەۋزەللىكنى سۇيىئىستېمال قىلغان، يەنە بىر جەھەتتە قانداقتۇر مەنسەپ ۋە نوپۇز پرىنسىپى ھۆكۈم سۈرگەن جەمئىيەتلەردە كىشىلەر ھامان ئۆزلىرىنى ئاشۇ خىل كۈچنىڭ تىزگىنلىشىدە ھېس قىلىدۇ. گەرچە بۇ خىل كۈچلەر سەممىيەت، راستچىللىق، مۇستەقىل تەپەككۇر تەربىيىسى توغرىسىدا سۆزلەپ ھەتتا تەلەپ قىلىپ تۇرۇدىغان بولسىمۇ، تەجرىبىلىك كىشىلەرنى يەنىلا ئېھتىيات رامكىسىغا سولاپ قويىدۇ. شۇڭا، بۇ يەردە ئاڭ مالىمانچىلىقى، لىبرالىزم ئومۇمىي ھالەت بوپقالىدىغانلىقى شۈبھىسىز. بۇ ھال تەبىئىيكى، كىشىلەرنى توغرا بىلەن خاتانى ئايرىش ئىقتىدارى ۋە ئىرادىسىدىن مەھرۇم قىلىۋېتىدۇ. بۇنى كىشىلەرنىڭ كۆپلىگەن سىياسىي ھەرىكەت، دولقۇنلاردىكى ئېقىمغا ئەگىشىدىغان، قارىسىغا چوقۇنىدىغان پوزىتسىيىسى كۆرسىتىپ كەلدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدا ستالىنغا، جۇڭگودا ماۋزېدۇڭغا بولغان خۇراپىيلەرچە چوقۇنۇش ئۇلارنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە تازىمۇ ئەۋجىگە چىقىپ، ئىلاھلاشتۇرۇشنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىققان ۋە بۇ مۆلچەرلىگۈسىز ئېغىر سەلبىي ئاقىۋەتلەرنى ئەكەلگەنلىكىنى كىشىلەر ئۇنتۇپ قالمىغان بولسا كېرەك. جۇڭگودا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ماۋزېدۇڭنىڭ سۈرىتىنى ئېسىپ قويۇپ، خىزمەتكە چۈشكەندە ئاشۇ سۈرەتتىن «يولیورۇق سوراش»، خىزمەتتىن چۈشكەندە دوكلات قىلىشتەك بىمەنىلىك تولىمۇ قاملاشمىغان كۈلكىلىك قىلىق بولسىمۇ، ئەينى تارىخىي شارائىتتا ھەممىلا ئادەم دېگۈدەك شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولغان. نۆۋەتتە نەچچە ئون يىلدىن بۇيان تەدرىجىي شەكىللەنگەن ۋە مول تەجرىبە توپلاپ ۋايىغا يەتكەن ھوقۇقچىلىق تورى رەزىل ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر ئېھتىياجىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى بولغاچقا، ئىجتىمائىي ۋە روھىي پاتقاق كۆپلىگەن ئاق كۆڭۈل كىشىنى ئۆزىگە تارتىپ كەتمەكتە. بەزى ئاق كۆڭۈل كىشىلەر «ئامالسىزلىقتىن» ئاشۇ پاتقاققا كىرىشكە مەجبۇر بولماقتا. گەرچە كىشىلەر خاھىشى ئۆزلىرىگە ھەقىقىي ۋەكىللىك قىلىدىغان شۇنداق بىر ئادىل ۋە خاتىرجەم، ئىنسانىي ھوقۇق ۋە ئىرادىسىنى ھەر زامان كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، ئىنسان سۈپىتىدىكى باراۋەر قەدىرلىنىشنى گەۋدىلەندۈرۈدىغان كۈچلۈك ئاممىۋىلاشقان دېموكراتىك ۋاستىلەرگە ئىگە «سىياسىي مەدەنىيلىك» مۇھىتىغا مايىل بولسىمۇ، ئەمما ئەشەددىي ھوقۇقچىلىق چەكلەنمىگەن، «دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش»، «ئادەمنى ئاساس قىلىش»، «ئومۇم ئۈچۈن پارتىيە قۇرۇش»، «خەلق ئۈچۈن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش»، «ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش» ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇلمىغاندا، كىشىلەرنىڭ (ھەقىقەت ـ ھەققانىيەت) ئۈمىد ـ ئارزۇلىرى يەنىلا بىر غايە، شۇنداقلا كىشىلەر جەزمەن قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپ ئىزدىنىدىغان كۆرەش نىشانىسىلا بولىدۇ ۋە بۇ بىر مۇقەددەس ئۆزگەرتىش، ئۆزگىرىش جەريانى سۈپىتىدە ئاخىرغىچە داۋاملىشىدىغانلىقى مۇقەررەردۇر.

ھەقىقەت دەپ تونۇغان نەرسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇش كۆپىنچە ھاللاردا زور بەدەل تۆلىنىدىغان، شۇنداقلا ئۇ ھامان مەلۇم بىر تارىخىي جەريان ئارقىلىق ئىسپاتلىنىشقا ئېھتىياجلىق بولغان بىر مۇھىم ئىلمىي قانۇنىيەتنى بايقاشتۇر. جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىنقىلاب تارىخلىرىغا نەزەر سېلىپ كۆرەيلى، تارىخ چاقىنى ئىلگىرىلەتكىدىغان بۇ ھەقىقەتلەرنىڭ ھەممىسىلا بىخ ھالىتىدە شەكىللەنگەن ۋاقتىدىن تارتىپلا كونسېرۋاتىپ جاھىل كۈچلەرنىڭ چىش ـ تىرنىقىغىچە قارشى تۇرۇشىغا دۇچ كەلمەي قالمىغان. ۋەھالەنكى، ئاشۇ ھەقىقەت بىخلىرى يېڭى بىر جۇشقۇن كۈچكە ۋەكىللىك قىلغاچقا، زامانىسىدا تولىمۇ قۇدرەتلىك، ئەلپازى تولىمۇ ۋەھشىي كۆرۈنگەن كونا كۈچلەرنىڭ ھەيۋىسى ئالدىدا يوقىلىپ كەتمەي، كۈرەش ئوتى ئىچىدە بارا ـ بارا يېتىلىپ سۈرۈپ، تەرەققىي قىلىپ ئاخىر قۇدرەتلىك زور ئېقىمغا ئايلىنىپ، ئاشۇ مۇدھىش كۈچلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلىغاندى. روسىيە ئىنقىلابىدىكى لېنىننىڭ يولىمۇ، جۇڭگو ئىنقىلابىدىكى ماۋزېدۇڭنىڭ يولىمۇ، 1944 ـ يىلى ئىلىدا پارتلىغان، ئاتالمىش «ئالتە ئوغرى»دىن تەرەققىي قىلىپ ئاخىر «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى»دەپ ئاتالغان، داھىي ماۋزېدۇڭ: «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى»دەپ باھا بەرگەن مىللىي ئىنقىلابىمۇ مۇئەييەن شارائىتتا ھەقىقەتكە ۋەكىللىك قىلغان ئازچىلىقنىڭ ئاخىرى كۆپچىلىككە ئايلىنالىغانلىقىنىڭ بىر مىسالىدۇر. مانا بۇ ھەقىقەت بىلەن ناھەقىقەت ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ مۇقەررەر ئەكىلىدىغان يەكۈنى. بىز پەقەت مۇشۇ ھەقىقەت ھەققىدىكى ئاددىي ساۋاتنى قانۇنىيەت سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇۋالساق ۋە ھاياتلىق مۇساپىمىزدا ھەر زامان ئېسىمىزدىن چىقىرىپ قويماي قەتئىي چىڭ تۇرۇپ ئىجرا قىلالىساقلا، ھامان بىر كۈنى ئۆزىمىز ئىشەنگەن ھەقىقەتنىڭ غالىبلىرى سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىشقا ئېرىشەلەيمىز. ھەقىقەت بارلىق شەيئىلەردە ئەسلىدىلا مەۋجۇد ماھىيەت ئاملى. ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئۆزى ياشاۋاتقان دۇنيانى چۈشىنىش، بىلىش ھەم ئۆزگەرتىش كۈرىشى جەريانىدا

www.uyghurkitap.com

«كونىغا خاتىمە بېرىپ، يېڭىنى يارىتىپ» بارىدۇ. شۇنداقلا ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئىنسانلارنىڭ روھىي دۇنياسىنىمۇ ماس قەدەمدە ئۆزگەرتىپ يېڭىلاپ بارىدۇ. باشتىلا ھەقىقەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئازچىلىقنىڭ ئاخىر ھامان كۆپچىلىككە، ئېتىراپ قىلىشقا ئېرىشىدىغانلىقى ـ بۇ ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىياتى تارىخىدىكى باشتىن ـ ئاخىرغىچە مەڭگۈ داۋاملىشىدىغان، كىشىلەر ئىرادىسىدىن مۇستەسنا جەرياندۇر.

## ھەقىقەت نىسپىي، ئۆزگىرىش مۇتلەق بولىدۇ

ھەقىقەت نىسپىي بولىدۇ. بۇ ئۇنىڭ مۇئەييەن زامان، ماكان ۋە شارائىت (سېلىشتۇرما شەكىلدە)تا ئىككىنچى بىر خىلدا يەنىلا مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇدىغانلىقىغا قارىتىلغان. بىز بەزى كىشىلەرنىڭ «دۇنيادا مۇتلەق ھەقىقەت يوق»دەپ، بۇنى دەستەك قىلىۋېلىپ ئۆز نەپسانىيەتچىلىكى ۋە ھوقۇق ـ ئىمتىياز دەۋاسى ئۈچۈن قانداقتۇ «نەزەرىيىۋى ئاساس»، تۈرلۈك ـ تۈمەن رەزىللىكى ئۈچۈن يېپىنچا تون قىلىۋېلىشىغا نەپرەت بىلدۈرىمىز، رەت قىلىمىز. بىزنىڭ ھەقىقەت ھەققىدىكى چۈشەنچىمىز، ئۇنىڭ نىسپىيلىكى ھەققىدىكى تونۇشلىرىمىز ھەقىقەت ـ توغرا، ئۇ مۇئەييەن قانۇنىيەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ، دەپ بىلىشتۇر. بىزنىڭ بۇ ھەقتىكى پوزىتسىيىمىز ھەرگىز ئاشۇ پۈرسەتپەرەسلەرنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. مەلۇم بىر تارىخىي دەۋرگە توغرا كەلگەن نەرسىلەر ئىككىنچى بىر خىل يېڭى شارائىتقا ماس كەلمەسلىكى، ئۇ پەقەت ئاشۇ تارىخىي شارائىتنىڭلا مەھسۇلى بولۇشى مۇمكىن. دۇنيادىكى بارلىق شەيئىلەر مەڭگۈ ئۆزگىرىش ئىچىدە تۇرىدۇ. تەبىئەت ۋە جەمئىيەتكە ئورتاق بولغان بۇ قانۇنىيەت سىياسىي شوئار، تەشەببۇس، ھادىسىلەردىنمۇ مۇستەسنا ئەمەس. ئېيتايلى، سوتسىيالىزمچىلار (سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ۋە جۇڭگو قاتارلىقلاردا) سوتسىيالىزم باسقۇچىدا ھەممىنى بىر داشقازانغا قارىتىدىغان ئىپتىدائىي كوممۇنىزم شوئارىنى، چوڭ تىپتىكى كوللېكتىپ ئىگىلىك (كولخوز) ۋە كوممۇنا ئىگىلىكى سىياسىتىنى خېلى بىر مەزگىل يولغا قويغانىدى. كېيىن بۇنداق سىياسىي تەشەببۇسنى ئۆزگەرتمەي بولمىدى.

شۇڭا بىز ئۆزگىرىش ۋە ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت بۇ ھەقىقەتنى شەكسىزكى، ئېتىراپ قىلىمىز. ھەقىقەت نىسپىي، ئۆزگىرىش مۇتلەق. بىزمۇ شۇنىڭغا ئاساسەن قىلچە مۇجمەللەشتۈرمەي شۇنداق ھۆكۈم قىلالايمىز. ھەر قانداق بىر ئەل جەمئىيىتىدىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي قالايمىقانچىلىق ۋە ئاڭدىكى قالايمىقانچىلىق ئىككىنچى بىر خىل يېڭى شارائىتقا ماس ھالدا يېڭى بىر خىل يېڭىلاش خاراكتېرلىك تۈپكى ئۆزگەرتىشنى بىر تۈرلۈك ئىنقىلاب سۈپىتىدە يولغا قويماسلىقىدا كۆرۈلىدۇ. مانا بۇ ھەقىقىي نەزەرىيىنى، نەزەرىيىچىنى سىناققا قويۇدىغان ئۆلچەم. كىشىلەر بىلىدۇ، توختام سۇ يېڭىلانماي ئۇزاق ۋاقىت تۇرسا، سېسىپ كېتىدۇ. بۇ ئەقەللىي ساۋات ئومۇمىي قانۇنىيەت سۈپىتىدە ھەممە شەيئىگە ماس كېلىدىغان گۇمانسىز ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمىسىمۇ، ئەمەلىي قوللىنىشقا كەلگەندە بۇ ھەقىقەتتىن ساقىت قىلىنىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ يەردە گەپ سىزنىڭ ھەقىقەتنى بىر ئىلىم سۈپىتىدە ھۆرمەت قىلىش، ئىجرا قىلىش پوزىتسىيىڭىزگە توسقۇن بولۇۋاتقان ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي ئامىللارغا باغلىق بولىدۇ. سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا سوتسىيالىزم تۈزۈمى ھۆكۈم سۈرگەن ئاشۇ دەۋردە پېتروگراد (پېتىر بورگ)نىڭ نامى لېنىنگرادقا ئۆزگەرتىلگەنىدى. بۇ ئاشۇ تارىخىي دەۋرگە نىسبەتەن مۇقەررەر ھادىسە ئىدى. ستالىن بىر چەت ئەل مۇخبىرىنىڭ روسلارنىڭ قەد كۆتۈرۈشىگە ئۈچەس تۆھپە قوشقان ئۇلۇغ پادىشاھ پېتىر بىلەن ئۇلۇغ ئىنقىلابىي ئۇستاز لېنىننىڭ تۆھپىسىنى سېلىشتۇرۇپ باھا بېرىشنى سورىغاندا، ستالىن: «لېنىن گويا بىر دېڭىز، پېتىر بولسا دېڭىزنىڭ بىر تامچىسى» دېگەنىدى. ئەپسۇسكى، تۈزۈمنىڭ يەنە بىر قېتىملىق ئۆزگىرىشى بىلەن ئاشۇ تامچا يەنىلا ساقلىنىپ قالدى ۋە تېزدىنلا لېنىنگراد پېتىربورگقا ئۆزگەرتىلدى. تارىخ يەنە بۇ ئىككى بۈيۈك شەخسكە مۇناسىپ باھا بەردى. مانا مۇشۇنداق تارىخىي ئۆزگىرىش پاكىتلىرى بىزگە ھەر قانداق بىر «ھەقىقەت»نىڭ نىسپىي، ئۆزگىرىشنىڭ مۇتلەق ئىكەنلىكىنى، ھەر قانداق بىر شەيئىنىڭ كىشىلەر ئىرادىسىگە بېقىنمىغان ھالدا ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە ھەرىكەتلىنىۋېرىدىغانلىقىنى مۇنازىرىسىز چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

## ھەقىقەت شەيئىلەرنى ئوبيېكتىپ، كونكرېت تونۇشتا نامايان بولىدۇ

بىز تۇرمۇشتا دائىم ھەقىقەتنىڭ سىنىقىغا دۇچ كېلىپ تۇرىمىز. كىشىلەر سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئەخلاقىي جەھەتلەردە تېخى يېتىلمىگەن جەمئىيەت ۋە مىللەتلەردە بولسا، بۇ سىناقتىن ئۆتۈدىغان ئادەملەر ناھايىتى ئازلا بولىدۇ. ئېقىمغا ئەگىشىش، ئۆزىنى شەكلەنلىك ئىچىگە يوشۇرۇش ئاساسىي ھالەت بولۇپ كۆرۈلىدۇ. بۇنى مۇشۇ يېتىلمىگەن ئامىللار ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن ئەخلاقىي ۋە ئەقلىي ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مىللىي ئادەت كۈچلىرىدىن قاراشقا بولىدۇ. ئەگەر ئىش توغرا، قولايلىق ۋە ئاسان، مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىنىدىغان بولۇشنى خالساقلا، بىز ئۆزىمىزگە ئايان بولغان دائىملىق تۇرمۇشىمىزدىكى ھەقىقەتلەرنى مۇرەككەپ ئامىللار ئىچىگە قويۇپ ئەمەس، بەلكى «ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى ئەمەلىيەت»بويىچە بىر تەرەپ قىلساق ئىشىمىز كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجىلىنىدۇ.

بىز نەزەردىن ساقىت قىلالمايمىزكى، شەيئىلەرنى كونكرېت تونۇشتىن ئايرىلغان ئومۇمىي باھا ۋە ھۆكۈملەر مۇئەييەن، مۇرەككەپ شارائىتتا مەيلى سىياسىي جەھەتتىن بولسۇن ۋە ياكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھەققىدە بولسۇن بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ، پۈرسەتپەرەسلەرنىڭ، ھەتتا زوراۋان كۈچلەرنىڭ «سۇنى لېيىتىپ، بېلىق تۇتۇشى»غا پايدىلىق بولىدۇ.

ئۇنتۇمايلىكى، دۇنيادىكى بارلىق نەرسە ئۆتكۈنچى، پەقەت ھەقىقەتلا بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر. ئەمەل ـ مەنسەپ، ئىمتىياز، بايلىق، شەرەپ، ئىش ـ ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسىلا ھامان ھايات ـ ماماتلىق سىزگىسىدە تاسقىلىپ تېگىشلىك يەكۈنگە ئېرىشىدۇ. شۇڭا كالتە چۈمۈچنىڭ سېپىنى تۇتۇپ قالغان كۈنلىرىڭىزدە كونكرېتراق، ئەمەلىيرەك بولۇڭ. ئۆزىمىزنىڭ ۋە دۇنيانىڭ ئىشلىرىدا نەزەر دائىرىمىز كەڭرەك بولسۇن.

## ھەقىقەت ئەمەلىيەتنى ئېتىراپ قىلىشقا جۈرئەت قىلىشتۇر

بۇ شۈبھىسىزكى شۇنداقتۇر ۋە شۇنداقلا ئەمەلىيەت تۇتقا ئاساسىدا ئەسلىي ماھىيىتىگە قاراپ ئىلگىرىلەشتۇر.

بىز زىددىيەتلەر كۈرىشىنىڭ ئالەمنىڭ تۈپكى قانۇنى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ پەلسەپىلىك ساۋاتقا ئاساسلىنىپ ھۆكۈم قىلىش ئۇسۇلىنى ئۇنتۇماسلىقىمىز، مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىشتىن ساقلىنىشىمىز زۆرۈر. ھەق بىلەن ناھەقنىڭ كۈرىشى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى مەڭگۈلۈك جەريان. سان ئۆزگىرىشى مۇئەييەن شارائىتتا سۈپەت ئۆزگىرىشىگە ئايلىنىدۇ. شەيئىلەرنىڭ بۇنداق قانۇنىيەتلىك، تەرتىپلىك ھالدا ھەر قانداق سىياسىيون، تۈزۈم، ۋە ھاكازالارنىڭ ئىرادىسىگە بېقىنمىغان ھالدا راۋاجلىنىپ بارىدىغانلىقى ئەڭ چوڭ ھەقىقەتتۇر. بىز ئىلگىرى تەرەققىي تاپقان غەربتىكى ئەللەرنى چۈشكۈن، بۇزۇلغان، ھېچقانداق بىر ياخشى يېرى يوق «غەلىتە مەخلۇق» سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلغان، تونۇپ كەلگەنىدۇق. «جاھانگىر» دېگەن سۈپەتلەش بىلەن قوشۇلۇپ، بىزگە شۇنداق تەسىرات بەرگەنىدى. بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىلگەن قاراش بولۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن مۇستەسنا بولغان بىر تەرەپلىمە تەشۋىقاتنىڭ نەتىجىسى

ئىدى. (ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى دەپ ھەجۋى سۈرەتلەردە بىر مېتىر تۈرخۇن شلەپە كىيگەن، بۇرنى تاغدەك ئېگىز ۋە ئۇزۇن غەلىتە مەخلۇقسىمان ئادەملەر شەكلىدە تەسۋىرلەنگەن). ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان كىشىلەرنىڭ دۇنيا ۋە دەۋر توغرىسىدىكى تونۇشىدا زور ئۆزگىرىش بولدى. ئۆتمۈشتە نەپرەت بىلەن قارالغان غەربلىكلەرنىڭمۇ گەرچە ئۇ يەنىلا كاپىتالىزم دۇنياسى بولسىمۇ، يەنىلا ئۆز مەملىكەت خەلقى بارلىق ئىجتىمائىي كۈچلەر بىلەن زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، تىرىشىپ ئۆزلىرىنى گۈللەندۈرۈۋاتقانلىقى ۋە پەخىرلىنىۋاتقانلىقىنى بىلدۇق. كىشىلەر رايىنى ئەكس ئەتتۈرۈدىغان نىسبەتەن مۇكەممەل دۆلەت ماشىنىسىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدۇق. ئۇلاردىكى ئۆزئارا چەكلەش ۋە نازارەت قىلىشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەپ، قانۇننىڭ دەخلىسىزلىكىنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە سىڭدۈرۈۋەتكەن دۆلەت مېخانىزملىرى تۈزۈلمىسى تەرەققىيات بىلەن ماس قەدەمدە دۆلەت ئىچىدىكى ھەق ۋە ناھەقلىقكە دائىر زىددىيەتلەرنى ئۈنۈملۈك تەڭشەپ، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سىلجىتىپ كەلگەنلىكىنى بىلدۇق. «جاھانگىر»ئاتالغۇسى ئەمدى تەكرارلانماس، «مورا قالپاق، ئۇزۇن، ئېگىز بۇرۇن مەخلۇقلار»ئەمدى كۆرۈنمەيدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ دۆلەت باشقۇرۇش، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، ئىلىم ـ پەندىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ساھەلىرىدىكى ئىلغار تەرەپلىرىنى سۆزلەيدىغانمۇ بولدۇق. نوبېل مۇكاپاتى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ۋە ئىلىم ـ پەننىڭ يېڭىدىن يېڭى ئۇتۇقلىرىنى نامايان قىلىدىغان بىر ئابىدە. مۇشۇ ئىنسانىيەتكە تەقدىم قىلىنغان زور تۆھپە ھېسابلىنىدىغان تەبىئىي پەندىكى بايقاشلارنىڭ مۇتلەق زور كۆپچىلىكىنىڭ ئاشۇ غەرب دۇنياسىدا بارلىققا كەلگەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ پاكىتقا سەل قارىيالمايمىز. بۇ نۇقتا ئۇلاردا ئىلىم ـ پەن قانۇنىيىتىدىن ئىبارەت بۇ چوڭ ھەقىقەت ئىجراسىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ مۇھىم مەزمۇنىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى مۇنازىرىسىز ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

جۇڭگو شەرقتىكى بىر ئۇلۇغ دۆلەت. نوبېل مۇكاپاتى 1901 ـ يىلى گېرمانىيە ئالىمى رېنتگىنگە بېرىلگەن يىلدىن باشلاپ ھېسابلىغاندا گەرچە بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەن، 600دىن ئوشۇق ئادەم بۇ مۇكاپاتقا نائىل بولغان بولسىمۇ، ئەمما دۇنيا ئاھالىسىنىڭ بەشتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدىغان بۇ دۆلەتتە ئاشۇ ئۇلۇغ مۇكاپاتقا مۇناسىپ ئىلىم ـ پەن بايقاشلىرىنىڭ يەنىلا ئارزۇ ۋە ئۈمىد بوپقېلىۋاتقانلىقىدىن، بۇ يەردە تېخى ھەقىقىي تۈردە «بىلىم ـ كۈچ»كە ئايلىنىپ بولالمىغانلىقىنى كۆرۈپ يېتىمىز. ئىلمىي قانۇنىيەت بويىچە ئىش قىلماسلىقنىڭ ئۆزى بىر چوڭ ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتسىزلىك، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ توسالغۇسىدۇر. دۆلەتزادە «جۇڭگو جەمئىيىتىدىكى بىر تەتۈرلۈك شۇكى، ئىلىم ھوقۇققا ئەمەس، ھوقۇق ئىلىمگە ھۆكۈمران. ئىلىمنىڭ ھوقۇقنىڭ دىدىكىگە ئايلىنىپ قېلىشى جەمئىيەتنىڭ ئەڭ زور پاجىئەلىرىنىڭ بىرسى» (قاراڭ: دۆلەتزادە: «(ئۇنداق دېمە، خاتالىشىپ قالىسەن)گە تەقرىز»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2002 ـ يىل 3 ـ سان؛ «مەدەنىيەت ۋە مەۋجۇدلۇقىمىز»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 ـ يىل نەشرى)دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان.

شۇنداق، بىز دۇنيادىكى ھەقىقەتلەرنى ئەمەلىيەتكە ئۇدۇل قاراپ پەقەت سېلىشتۇرۇش ئارقىلىقلا بىلەلەيمىز. مۇتلەق، مەڭگۈ توغرا نەرسىلەر بولمىغانىكەن، دېمەك ھەقىقەتنىڭ نىسپىيلىكى بويىچە ھەقىقەت ۋە ناھەقىقەتنى ئايرىشقا ۋە نىسبەتەن ياخشىسىنى ھەقىقەت سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

دېمەك، «ھەقىقەت ئەڭ كۆپ سۆزلىنىدىغان ۋە ئەڭ كۆپ دەپسەندە قىلىنىدىغان دۇنيا»دا ھەقىقەتكە ھېچ بولمىغاندا يېقىنراق تۇرۇدىغان نەرسىلەر شۇنچىۋالا كۆپ، نىسبەتەن مۇكەممەل، سىستېمىلىق مەۋجۇد ئىكەن، بۇ ۋاسىتىلەر بۇ يەردە تېخى ئۇ دەرىجىدە نۆۋەتتە (ھازىرچە) مەۋجۇد بولمىغانلىقى ۋە بەلكى ئۈنۈملۈك مۇناسىپ قوراللارغا قاراپ ئىلگىرىلەش قەدىمىنىڭ يەنىلا ئاساسەن ئاستا (ئاتام ئېيتقان بايىقى) بولۇۋاتقانلىقىغا قاراپلا ھەقىقەت توغرىسىدا مۇتلەق ھۆكۈم قىلىۋېتىش بىر تەرەپلىمىلىككە سەۋەب بولىدۇ. بىزنىڭ «دۇنيادا ھەقىقەت يوق» دېگۈچىلەرگە بېرىدىغان جاۋابىمىز يەنىلا مۇشۇنى تەكىتلەش ـ ھەقىقەت بارلىق شەيئىلەردە ئەسلىدىلا مەۋجۇت ماھىيەت ئامىلى، شۇنداقلا ئۇ ئۆزىمىزنىڭ قولىدا، ئۆزىمىزنىڭ ئىرادە كۈچىدە. ئۇ مۇئەييەن زامان، ماكان ۋە شارائىتتا جەمئىيەت تۇرمۇشىدا ھامان ئۆزىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. تۈپكى ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىلىرى ئىلمىي قانۇنىيەت بويىچە ھەل قىلىنغان جەمئىيەتتە كىشىلەرنىڭ ھەقىقەتكە بولغان تونۇشىدا سەكرەش خاراكتېرلىك ئىنقىلاب بولىدۇ ۋە ئۇ پەلسەپىلىك قاراش بىلەن بىللە كىشىلەر ئېڭىدا يۇقىرى مەۋجۇدلۇق سۈپىتىدە ئاساسىي ئورۇن ئالىدۇ.

## ھەقىقەتتە چىڭ تۇرغۇچىلار تارىخنىڭ ھۆرمىتىگە ئىگە

مۇئەييەن زامان، ماكان ۋە شارائىتتا ھەقىقەت ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنلار يېڭىلىنىپ بارىدۇ. ئەمما بۇ ئۇقۇم، ئۇنىڭ ماھىيىتى مۇقىم بولىدۇ. مۇئەييەن شارائىتتا گۇمان پەيدا قىلغان، توغرا ئەمەس دەپ ھېس قىلغان نەرسىلەر ھەقىقەتكە نىسبەتەن بىر بايقاش بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ توغرىلىقىغا ئەمەلىيەت سېلىشتۇرما ئۆلچىمى بويىچە ئىشەنچ قىلغانىكەنمىز، قەتئىي ئىرادە تىكلەپ، يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچتۇرۇشقا بولىدۇكى، ئارا يولدا مۇرەسسە قىلىشقا بولمايدۇ. ئۆزىگە تەۋە «ھەقىقەت»تە چىڭ تۇرالماسلىقنىڭ ئۆزى ئۇنى ئۆزى ۋەيران قىلىشتۇر. كۆپىنچە ھاللاردا ھەقىقەتنىڭ يورۇق دۇنياغا كۆز ئېچىشى بەدەل تۆلەش بىلەن قوشكېزەك بولىدۇ. كوپېرنىكنىڭ «قۇياش مەركەز تەلىماتى»، دارۋىننىڭ «تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى»، ماركسنىڭ «ئىلمىي سوتسىيالىزم»ى ۋەھاكازالار شۇنداق بولغان. بەلكىم دۇنيانىڭ بۈگۈندىن كېيىنكى تەرەققىياتى جەريانىدا بۇ نەزەرىيىلەر يەنە قانداق ئىزاھلىنىدۇ، قانداق تەرەققىي قىلدۇرۇلىدۇ ۋە يېڭىلىنىدۇ، بۈنىڭغا دۇنيا تەرەققىياتىنىڭ تارىخى جاۋاب بېرەر. ئەمما بىز شۇنى بىلىمىزكى، ئالەم مەۋجۇدلا بولىدىكەن، مۇتلەق تۇرغۇنلۇقمۇ بولمايدۇ، مۇتلەق ھەقىقەتمۇ بولمايدۇ. مەنىۋى دۇنيانىڭ ئۆزگىرىش جەريانى ماددىي دۇنيانىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىشىگە ماس ھالدا تاناسىپ تۈزىدۇ. تارىختىن بۇيان دۇنيادىكى ھەممە خەلقلەر رايىنى قايتۇرۇۋاتقىنى ئاشۇ ئىلمىي ھەقىقەتلەرگە زىت تۇرغۇنلۇق، مۇستەبىتلىك، بىر خىل ئىجتىمائىي جەمئىيەت قارىشىنى «مەڭگۈلۈك ھەقىقەت»سۈپىتىدە زورلاپ تېڭىشتەك جەمئىيەتلەر تارىخى خالىي بولالمىغان تەتۈر يۆنىلىش بولغان بولسىمۇ، ئاخىر ئىنسانىيەت تەرەققىياتى ھەقىقەتنى ھەممىسىدىن ھېساب ئالماي قويمىدى. ھازىرغىچەبولغان نەچچە خىل جەمئىيەت ئۆزگىرىشلىرى، جەمئىيەت ئىچىدىكى ئۆزگىرىشلەر، شۇنداقلا بۇنىڭ بىلەن بىللە كىشىلەردىكى ئاڭ قۇرۇلمىسى، ئىدېئولوگىيە ئۆزگىرىشلىرى بۇنى دەلىللىدى. شۇنداق ئىكەن، بىز ھەقىقەتكە قەتئىي تەۋرەنمەي ئىشىنىشىمىز، ئۇنىڭ ھامان رەزىللىك، ناھەققانىيەت ئۈستىدىن غالىب كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىشىمىز، شۇنداق بىر روھ بىلەن ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇپ، ئۇنىڭ غالىبلىرىغا ئايلىنىشىمىز زۆرۈر.

## ھەقىقەتكە ھۆرمەت قىلىش ئەڭ چوڭ نوپۇزدۇر

بىز مۇئەييەن شارائىتتا نوپۇزغا سەل قارىيالمايمىز، ئەمما ھەقىقەتتىن ئىبارەت ئەڭ چوڭ نوپۇزغا خىلاپلىق قىلىنىدىكەن، بۇنداق ئىككىنچى خىل شارائىتتا ئاتالمىش نوپۇزلارنى مەنسىتمەيمىز. چۈنكى «نوپۇز»چەكتىن ھالقىغاندا ئاپەتكە ئايلىنىدۇ. بۇ ھەقتە كىشىلەر دائىملىق ساۋاقلارغا ئىگە.

بىز ئىلگىرى 1958 ـ يىلىدىكى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ھەرىكىتىنى، گەرچە ئۇ دۆلەتكە غايەت زور ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق، ئاپەت ئەكېلىشكە سەۋەب بولغان بولسىمۇ، يەنىلا «ياشىسۇن!»ساداسى ئىچىدە پاجىئەلىك مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقىنىنى كۆرگەن. ئون يىللىق زور قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلغان «پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نى «ئىنسانىيەت تارىخىدىكى مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۇلۇغ ئاممىۋى ھەرىكەت...»، «پرولېتارىيات دىكتاتورىسى شارائىتىدا داۋاملىق ئىنقىلاب قىلىشتىكى بىر نامايەندە»دېگەندەك مەدھىيە سادالىرى ئىچىگە كۆمۈۋەتكەنلىكىنىمۇ كۆرگەن. بۇنداق ئاپەت خاراكتېرلىك بىنورمال ھادىسىلەر بۇنىڭدىن ئىلگىرى چەت ئەللەردىمۇ يۈز بەرگەن. سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا ستالىن «ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى يوقىتىش» ھەرىكىتىنى كەينى ـ كەينىدىن قوزغاپ، ئۆتكەن ئەسىردىكى 20 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى ۋە 30 ـ يىللاردا مىليونلاپ بىگۇناھ كىشىنىڭ جېنىغا زامىن بولغانىدى. مانا مۇشۇ زور سىياسىي سەلبىي ئاقىۋەتلەرنى «يولباشچى»، «داھىي» نوپۇزىنىڭ چەكتىن ئېشىپ كەتكەنلىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. بىز بۇ يەردە خۇاڭ رىنۋېي ئەپەندى يازغان «چوڭ دۆلەتلەرنىڭ گۈللىنىشى ۋە زاۋاللىققا يۈزلىنىشىدىكى تارىخىي سېلىشتۇرما» (قاراڭ: «شىنجاڭ گېزىتى» (ئۇيغۇرچە) 2005 ـ يىل 25 ـ يانۋار سانى) دېگەن چوڭ ھەجىملىك نوپۇزلۇق تەتقىقات ماقالىسىدىكى مۇنۇ بايانلار بىلەن كۆپايلىنىمىز: «سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسى ئۇنىڭ قەد كۆتۈرۈشىگە نىسبەتەن ئىچكى بويۇنتۇرۇق بولۇپ، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى خەلقىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى، ئىجادىي كۈچى ۋە ئىقتىسادىي ھاياتىي كۈچىنى بوغۇپ، ئۇنىڭ قەد كۆتۈرۈش جەريانىدىكى بارغانسېرى ئۇزاققا سوزۇلغان ئىچكى سەۋەبكە ئايلاندى. ستالىنغا چوقۇنۇش ۋە ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى يوقىتىش ھەرىكىتىنىڭ كېڭىيىشىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك كۆلەڭگىسى ئاستىدا، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى مۇستەبىت ھاكىممۇتلەق تۈزۈمىنى ئۇزاقتىچە يولغا قويۇپ، پارتىيە ئىچىدە توختىماي تازىلاش ئېلىپ بېرىپ، زور بىر تۈركۈم ئىختىساسلىق خادىمنى ۋەھشىيلەرچە باستۇردى. دېموكراتىك ۋە ئىلمىي تەدبىر بەلگىلەشنىڭ كەمچىل بولۇشى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا بىر قاتار ئىستراتېگىيىلىك خاتالىقلارنى پەيدا قىلدى. پارتىيىنىڭ ئىمتىيازلىق ھوقۇق قاتلىمىدىكىلەر ئۇزاق مۇددەت خەلقتىن ئايرىلىپ قالدى. ئۇلار بىر ـ بىرىنى قانات ئاستىغا ئېلىپ، بىر ـ بىرىدىن پايدىلىنىپ، پارتىيە ئىچىدە مەنپەئەت گۇرۇھىنى شەكىللەندۈرۈپ، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى پارتىيىسى ۋە دۆلىتىنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسىنىڭ توپ جەھەتتىن پارچىلىنىشىغا سەۋەب بولدى. بۇ مەنپەئەت گۇرۇھلىرى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشىغا تۈرتكە بولغۇچىلار ۋە دۆلەت ئىگىلىكىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان سىياسىي كۈچلەردۇر. روسىيە مىللەتچىلىكىنى ئاساس قىلغان بۈيۈك دۆلەت شوۋىنىزمى ئىچكى جەھەتتە ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ رايى قايتىش خاھىشىنى، تاشقى جەھەتتە سوتسىيالىزم لاگېرىنىڭ پارچىلىنىشىنى، ‹سەييارە دۆلەتلەر › نىڭ يۈز ئۆرۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ ئىتتىپاقتىن ئايرىلىشىدىن باشلاندى. بۇنىڭدىن، ئۇزاق مۇددەت قاتمال ھالەتتە تۇرغان، خەلقتىن ئايرىلغان سىياسىي تۈزۈلمە ئاستىدىكى چوڭ دۆلەتنىڭ ئۆرۈشتىن ئىبارەت سىرتنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىمىغان تەقدىردىمۇ، تىنچ يول بىلەن قەد كۆتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

1991 ـ يىلى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ قەد كۆتۈرۈشىنىڭ توختىغانلىقى ۋە مەغلۇپ بولغانلىقىدىن دېرەك بەردى. بۇ خەلقئارا سوتسىيالىزم ھەرىكىتىنىڭ تراگېدىيىسى، شۇنداقلا روسىيە تارىخىنىڭ تراگېدىيىسى.» (مەسئۇل مۇھەررىردىن تولۇقلىما).

ھەر قانداق بىر دۆلەتتە، ھاكىمىيەت ۋە خەلقتە ھەققەتنى نوپۇزغا زىت قىلىپ قويۇدىغان نەرسە ئىنسانىيلىقنى ئۇنتۇلدۇرغان پەسكەش خۇشامەتچىلىك، كۆچمەپ قىلىنىۋاتقان ئەمەلىيەتتىن ھالقىغان، ئۆلچىمى ۋە چېكى بولمىغان ئانارخىيلىك (قالايمىقان) مەدھىيىۋازلىقتۇر. ھەق بىلەن ناھەقنى، توغرا بىلەن خاتانى ئايرىش ۋە ھۆكۈم قىلىشتا رېئاللىقنى، تارىخىي جەريانلارنىڭ سىنىقىنى قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت بۇ زۆرۈرەن نوپۇزنى نەزەرگە ئىلمايدىغان مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىش خاھىشى كىشىلەرنى، بولۇپمۇ مۇستەقىل پىكىر ئىگىلىرىنى بىزار قىلىدۇ.

ج ك پ 16 ـ قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «سىياسىي مەدەنىيلىك»كە زىت ھالدا ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئەقەللىي پائالىيىتىگە رامكا بەلگىلەش، مېڭە توقۇلمىلىرىغىچە كونترول قىلىشقا ئۇرۇنۇش تولىمۇ ساراڭلارچە سىياسىي قىلمىقتۇر. ئەخلاقىي، ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردىكى زىيانلىق ھادىسىلەرگە چەك قويۇش بۇ باشقا گەپ. كىشىلەرنى چەمبىرەك ئىچىگە بەنت قىلىۋېتىش كونا دەۋر ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ھەققەتتىن قورقۇشتىكى بىر خىل ئەجەللىك كېسەللىك ئالامىتى، خالاس!

قانۇن ئىجراسىنىڭ دەخلىسىزلىكى، كىشىلىك ئىززەت ـ ھۆرمەت، ھەققانىيەتنى ھەممىدە تۈپكى ئۆلچەم قىلىش، كىشىلەر قەلبىنىڭ مايىللىقى بىر ئەمەلىي يۈكسەك نوپۇزدۇر. قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەمنىڭ شەرتسىز باراۋەرلىكى، قانۇن ئالدىدا ھەممىنىڭ شەرتسىز مەسئۇل بولۇشى ئەڭ ئىشەنچلىك، كاپالەتلىك نوپۇزدۇر. خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىدىكى مەشھۇر سوتسىيالىزمچىلار ـ ستالىن ۋە ماۋزېدۇڭ كەبى داھىيلارنىڭ ھاياتلىق مۇساپىسىدا شەخسىي نوپۇزىنىڭ «ئىلاھلاشتۇرۇلۇش» دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈشى نەتىجىسىدە يۇقىرىدا دەپ ئۆتۈلگىنىدەك، ئۇلار قوزغىغان، مىسلىسىز بىھۇدە ئاقىۋەت پەيدا قىلغان سىياسىي دولقۇنلارنى ھېچقانداق بىر كۈچمۇ ئۇلار ھايات مەزگىلىدە توسۇيالمىغانىدى. پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيىدىن ئىبارەت بۇ قۇۋۋەتلىك پىرامىدانىڭ ئەڭ ئۈستىدە ساكىيامۇنىدەك ئولتۇرغان بۇ داھىيلارنىڭ نوپۇزى ئالدىدا قانۇننىڭ نوپۇزى نېمىگە تەڭ ئىدى؟!

1978 ـ يىلى جۇڭگو كومپارتىيىسى 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن جۇڭگودىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ دۆلەت يېڭى بىر تارىخىي دەۋرگە قەدەم قويدى. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت بۇ تارىخىي مۇقەررەرلىكنىڭ تۈرتكىسى بىلەن تېز ئىلگىرىلەپ، دادىل قەدەملەر بىلەن 21 ـ ئەسىرگە كىردى. بۇ ئەسىر ئىنسانلارنىڭ ئۆزئارا تېخىمۇ كۈچلۈك تەسىرلىشىدىغان دەۋرى. ئەلۋەتتە، ھېچقانداق ئەل ۋە مىللەت بۇ دۇنيانىڭ سىرتىدا قېلىشى مۇمكىن ئەمەس. مۇشۇ دەۋر بۆلگۈچ تارىخىي يېڭى مۇساپىدا يۇقىرىقى تارىخىي ساۋاقلار تارىخىي ئۆتمۈش بولۇپ تۈگىدىمۇ؟ بۇنىڭغا پۈتۈنلەي «ھەئە»ياكى پۈتۈنلەي «ياق» دەپ جاۋاب بەرگىلى تېخى بالدۇرلۇق قىلسا كېرەك. ھەققەتنىڭ نوپۇزى شۇ يەردىكى، پەقەت ۋە پەقەتلا تارىخىي جەريانلارنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن ھەقىقەت رېئاللىقلا نوپۇزلۇق ھۆكۈمگە ئاساس بولالايدۇ. چۈنكى زامانىمىزدا، بۇ يەردە ئەسىرلەر مابەينىدە يىغىلىپ قالغان «ئاۋگى قوتنى مېنەتلىكلىرىنى بىر كېچىدىلا تازىلىۋېتىدىغان گركولستەك ئىلاھىي قەھرىمان» (يۇنان ئەپسانىلىرىدىن) يەنىلا غايىبتۇر.

«ھوقۇق ھەممىگە قادىر، يەنى ھوقۇق بولسا ھەممىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ»دەپ ئۆگىنىپ قالغان زېمىندا «ھەقىقەت»نىڭ ئەسلىي مەنىسىدە يۈز ئاچمىقى تەس. «سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولماسلىق» ھوقۇقچىلىق زەنجىرىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى. ئەگەر بىز «خەلق چاكارلىرى» دەپ ئۆزلىرىنى ئاتىۋالغان بەزى بيۇروكرات ـ چىرىك مەنسەپدارلار بىلەن ئاددىي ئاۋامنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، ئاددىي ئاۋامنىڭ «ھەقىقەت»كە يېقىن تۇرۇۋاتقانلىقىنى

كۆرۈمىز. خىزمەت، ئۇنۋان، تۇرار جاي بىلەن تەمىنلىنىش، ھوقۇق ـ ئىمتىياز سودىسى قىلىش، ۋەھاكازا «مەنپەئەت»تىن ئىبارەت مۇشۇ مەسىلىگە دۇچ كەلگەندە بۇنداقلارنىڭ «چاكارلىق» سالاھىيىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى خوجايىنلىق «نوپۇزى» بىلەن مەيدانغا چىقىۋاتقانلىقى ھېچكىمگە سىر بولمىسا كېرەك.

«ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» جۇڭگونىڭ نۆۋەتتىكى باسقۇچىدا سەزگۈرلۈك بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان مۇھىم ئىدىيە. ئۇ، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات تەلىپى شۇنداقلا كىشىلەر رايىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، كىشىلەر قەلبىگە ياقىدۇ. لېكىن ئۇ يەنىلا بىر ئىزچىللىشىش جەريانىنى ئۆتكۈزۈشى، ئەشەددىي ھوقۇقچىلىقنىڭ توسالغۇلىرىنى بىتچىت قىلالايدىغان تەدبىرگىمۇ ئىگە بولۇشى كېرەك. شۇڭا ج ك پ 16 ـ قۇرۇلتىيىدا: «خەلق بەرگەن ھوقۇقنىڭ ھەقىقىي يوسۇندا خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم»دەپ ئالاھىدە كۆرسىتىلگەن. ھازىر تەرەققىيات بىلەن بىللە يەنە ھەل قىلىنىشى زۆرۈر بولغان جىددىي مەسىلىلەرمۇ ساقلىنىپ تۇرماقتا. بۇنىڭ ئىچىدىكى كىشىلەرنىڭ ئەڭ دىققەت مەركىزىدىكى مەسىلە كادىرلاردىكى پاكلىق قۇرۇلۇشىغا دائىر مەسىلىلەر بىلەن خەلق مەنپەئىتى ئالدىدا جاۋابكار بولۇش مەسىلىسى. بىلىش كېرەككى، ئۇلۇغ ئىدىيە ھەرگىز بەزىلەرنىڭ نەزىرىدىكى زىننەت بۇيۇمى بوپقالماسلىقى كېرەك.

ھازىر ھوقۇقنى ئىمتىياز ئورنىدا پايدىلىنىۋاتقان بەزى كىشىلەرنىڭ رەزىللىكلىرى توغرىلىق ھەممە يەردە پۇقرالار ئۆز نارازىلىقلىرىنى بىلدۈرمەكتە. ئەمما ئۇلار بولسا مۇشۇ ھەققانىي سادالار ئالدىدا قۇلىقىنى يوپۇرۇۋېلىپ خەرامان يۈرمەكتە. ئىجتىمائىي نومۇس دېگەن نېمە؟ نومۇسسىزلىق دېگەن نېمە؟ بۇ سوئال ئۇلار ئۈچۈن ھېچنېمە ئەمەس. ئېھتىمال ھوقۇقچىلىق زەنجىرى پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ۋە خەلقنىڭ دۈشمەنلىرى بولغان بۇ نومۇسسىز ئابلەخلەر ئۈچۈن سۇ ئۆتمەس قورغان دەپ ئويلىسا كېرەك. ئەمما ئۇلارنىڭ نوپۇزى خەلق ئالدىدا تۆكۈلگەن. ھەقىقەتنىڭ سورىقى بۇ ئابلەخلەر ئىشەنگەن ھوقۇقچىلىق زەنجىرلىرىنى پاچاقلاپ تاشلايدىغان بىر كۈن ھامان ئۇلارنىڭ بېشىغا يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا «مەنسەپ»دىن ئىبارەت بۇ نوپۇزنىڭ ئورنىغا ھەقىقەتنىڭ غالىب نوپۇزى جەۋلان قىلىدىغانلىقى مۇقەررەردۇر.

## زامانىمىزدا ھەقىقەت باراۋەرلىكنى شەرت قىلىدۇ

زامانىمىز كىشىلىرى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات، سىياسەت، مىللىي مۇناسىۋەت، خەلقئارا مۇناسىۋەت، ھاكىمىيەت شەكلى، دىن ھەتتا شەخسلەرگىچە بولغان بارلىق تەرەپلەردە باراۋەرلىكتىن ئىبارەت بۇ شەرت ئارقىلىق ئۆز پائالىيىتىگە، ئۇنىڭ ئىستىقبالىغا يەكۈن چىقارماي مۇمكىن ئەمەس.

17 ـ ئەسىردە ئەنگلىيىدە باشلانغان بۇرژۇئا ئىنقىلابىدىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان ئۈچ يېرىم ئەسىردىن كۆپ مۇشۇ ئۇزاق تارىخىي مۇساپىدە ئىنسانلار ياشىشى، خىزمەت قىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئامىل ھەققانىيەتنى ئەۋج ئالدۇرۇش ـ باراۋەرلىك ئامىلى ئىكەنلىكى تونۇپ يېتىلدى. مۇشۇ بىر نەچچە ئەسىر مابەينىدە ئىنسان ھوقۇقىنى نېمە بىلەن كاپالەتلەندۈرۈش، ئۇنىڭ ئەمەلىي شەرتلىرى ئۈستىدە مۇتەپەككۇر ئالىملار ئىزدىنىپ كەلمەكتە.

پادىشاھلىق مۇستەبىت دۆلەتتىن پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇنلۇق دۆلەتكە، جۇمھۇرىيەتكە قاراپ تەرەققىي قىلىش ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ يېقىنقى مۇشۇ بىر نەچچە يۈز يىلدىكى كاتتا ئىنقىلابىي ئۆزگىرىشىدۇر.

«قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر» ـــ مانا بۇ خىتاب ھاكىمىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ئىنسانلار پائالىيىتىنى قانۇنىي تەرتىپ بويىچە ئىزىغا سېلىپ، باراۋەرلىكنى قانۇن ئارقىلىق كاپالەتلەندۈرۈش دېگەنلىكتۇر. ھازىر دۇنيادىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم ئەل قەدەممۇ قەدەم تەرەققىي قىلىپ مۇكەممەللىشىۋاتقان بۇ قانۇن دۇنياسىنىڭ تەسىرى بىلەن ئاساسىي قانۇنلۇق دۆلەتلەرگە ئايلاندى. ئەمما بىز شۇنىمۇ كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىزكى، ئىجتىمائىي تۈزۈم ھەم تۈزۈلمىلەردىكى پەرق، دۆلەتلەرنىڭ ئوبيېكتىپ ئەھۋالى ۋە مىللىي ئادەت كۈچلىرىدىكى ئوخشىماسلىقلار شۇ ئەل ۋە مىللەتنىڭ سىياسىيسىدا ئەكس ئېتىدۇ. بۇ ھال «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر» دېگەن بۇ ھەقىقەتنىڭ ئىجراسىدا، ئۇنىڭ تەرەققىياتىدا يەنىلا جىددىي ھەل قىلىنىشى زۆرۈرىيەت بولغان مەسىلىلەرنى جەمئىيەتنىڭ ئالدىغا قويماقتا.

بىلىمىزكى، ھەر قانداق ۋەدە، شوئار، ياخشى ئىبارىلەر قويۇلۇۋاتقان ۋاقىتتا ئەمەس، بەلكى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇلغان ۋاقىتتىلا ھەقىقىي نوپۇزغا ئىگە بولىدۇ. تارىخىي پاكىتلار بىزگە ئۆتمۈشتىكى قەبىلىلەر بىرىكمىسى، ئىمپېرىيەلەرنىڭ قۇرۇلۇش ۋە پارچىلىنىپ كېتىش تارىخىدىنلا ئەمەس، يەنە ھەم ھازىرقى زامان دۆلەتلىرىنىڭ مىسالىدىنمۇ بىرلىك، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىن ئىبارەت بۇ زور مەسىلىدىمۇ ئىجتىمائىي ئادىللىق ـــ باراۋەرلىكتىن ئىبارەت بۇ شەرتنىڭ ھەل قىلغۇچى ئامىل ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ تۇرماقتا. دېمەك، ئىنسانلار جەمئىيىتىدە مۇتلەق ۋە شەرتسىز ھېچقانداق ھەقىقەت ئامىلىنىڭ بولمايدىغانلىقى بىر ئىلمىي قانۇنىيەتتۇر. ئىجتىمائىي ئادىللىق ـــ باراۋەرلىك بولمىغان زېمىنداكىشىلەر قەلبى بۆلۈنىدۇ، خەلقئارا تېگىشلىك تەرەققىياتقا ئېرىشەلمەيدۇ. ئۆتمۈشتە ھۆكۈمران مىللەتلەر بۇ ھەقىقەتنى نەزىرىدىن مۇستەسنا قىلغان. ھاكىمىيەت كۈچ زوراۋانلىقىنى ئۇلار «ھەقىقەت»دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن كېيىنكى تارىخ ھەقىقەتنىڭ شەرتلىك ھۆكۈمىنى چىقاردى.

ئىنسانىيەتنىڭ بۈيۈك بىرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش تارىخىي مۇقەررەرلىكتۇر. بۇ، ئىنسانىيەت يېتەكچى بولغان بۈيۈك غايە. بۇ نىشان ناھايىتى ئۇزاق بىر مەزگىللىك زۆرۈر شەرتلەرنى ھازىرلاش ئۆتكۈنچى جەريانىغا موھتاج. ئىنسانىيەت جەمئىيىتى قايتىلىنىشلار، تەجرىبە ـ ساۋاقلار، مۇناسىپ يەكۈنلەر ۋە يېڭى يول ئىزدىنىشلىرى قاتارلىق مۇرەككەپ جەريانلارنى باشتىن كەچۈرگەندىلا بۇ ھەقىقەتكە يېقىنلىشىشى مۇمكىن. بۇ ئۆتكۈنچى جەريان مۇقەررەركى، ھەرقايسى ئەل ۋە مىللەتلەرنىڭ ئەركىن تەرەققىي قىلىش، شەرت ھازىرلاش دەۋرى بولىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ جەريان شۇنىڭ بىلەن بىللە زوراۋانلىق، مۇستەبىتلىك، جاھىل مىللىي ئادەت كۈچلىرىنىڭ خەلقلەر باراۋەرلىكىگە، تەرەققىياتقا توسالغۇ پەيدا قىلىش دەۋرى ۋە كىشىلەرنىڭ بۇنىڭغا جاۋابەن كۈرەش قىلىش، ئۆزگەرتىش، تەرەققىياتقا يول ئېچىش دەۋرى بىلەن گىرەلەشكەن جەريان بولىدۇ.

ھەقىقەتنىڭ بۇ شەرتىمۇ ئوخشاشلا ھەر قانداق بىر ئادەم، سىياسىيون ۋە «داھىي»لارنىڭ ئىرادىسىگە بېقىنماي داۋاملىشىدىغان ھادىسىدۇر. بولۇپمۇ زامانىمىز كىشىلىرى دۇنياۋى تەرەققىيات، ئىنسانىي ھوقۇق، دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىك ئىدىيىلىرىنى خەلقئارا ئېقىم نۇقتىسىدىن، خەلقئارا قانۇنلار نۇقتىسىدىن نەزەر سېلىپ ئۆزلەشتۈرۈشكە يۈزلىنىۋاتقان، ئەقەللىي ھەقىقەتلەر ئېچىلىپ ئايدىڭلىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە بىر دۆلەت ياكى مىللەت تەرەققىيات ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردىمۇ ئىجتىمائىي ئادىللىق ـــ باراۋەرلىكتىن ئىبارەت بۇ شەرتنىڭ ئىجراسىنىڭ قانداق بولۇشى شۇ دۆلەت، شۇ مىللەت ۋە شۇ ھاكىمىيەت سىياسىتىنىڭ ھەقىقىيلىكى ۋە ئاكتىپ، پاسسىپ ئورنىدا تۇرۇشىنى بەلگىلەيدىغان نوپۇز بولىدۇ. ۋە بەلكى شۇنداقلا ھەر بىر دۆلەت، ھەر خىل مىللەت ئەزاسىمۇ ئىجتىمائىي ئادىللىق ـــ باراۋەرلىكتىن ئىبارەت بۇ شەرتنى ئۆلچەم قىلىپ، ئەتراپىدا يۈز بېرىۋاتقان ئۆزلىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان جەمئىيەت ھادىسىلىرىدىكى ئاكتىپ ۋە پاسسىپ ئامىللارغا قارىتا توغرا ھۆكۈم

قىلىشقا ئېرىشەلەيدۇ.

## ھەقىقەت ۋە جۇڭگودىكى يېڭى تەپەككۇر

مەن يۇقىرىدا بىز دۇچ كەلگەن ۋە دائىم دۇچ كېلىپ تۇرغان دۇنيا (جۈملىدىن ئۆزىمىز)دىكى بىر قىسىم ھەقىقەتلەر ئۈستىدە پەردازسىز ھالدا «قازاندا نېمە بولسا، چۆمۈچكە شۇ چىقىدۇ»غا ھۆرمەت قىلغان ئاساستا توختىلىپ ئۆتتۈم. ئەگەر جۇڭگودىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ دۆلەت 1978 ـ يىلى ج ك پ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن جۇڭگو ۋە خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىدىكى بىر قاتار ئاچچىق تارىخىي ساۋاقلارنى ۋاقتىدا يەكۈنلەپ، جىددىي تەدبىر قوللىنىپ، دۆلەتنىڭ يېڭى بىر تارىخىي دەۋرگە يۈرۈلۈشىغا داغدام يول ھازىرلاپ بەرمىگەن بولسا، يەنى ھەقىقەت مەسىلىسى (توغرا ھەم خاتا مەسىلىسى ئۈستىدە)دە «ھەقىقەتكە ئەمەلىيەتنى ئۆلچەم قىلىش» پرىنسىپىنى قەتئىي قوللانمىغان بولسا، مەۋجۇد مەسىلىلەرنى دادىللىق بىلەن ئېتىراپ قىلمىغان ۋە ئىسلاھ قىلىشنى يولغا قويمىغان بولسا، دۇنياۋى تەسىردىن يەنىلا ئۆزىنى قاچۇرغان، خەلقئارادىكى بىر قىسىم ھەقىقەتلەرنى ئېتىراپ قىلمىغان، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، تەرەققىيات قەدىمىنى تېخىمۇ تېزلەشتۈرۈش تەدبىرلىرىنى قوللانمىغان بولسا، بۇ دۆلەتنىڭ تەرەققىياتى بۈنچىۋالا تېز بولمىغان بولاتتى. مانا بۇلار جۇڭگودىكى يېڭى تەپەككۇر تەرەققىياتقا ئەكەلگەن زور مېۋىدۇر. شۇڭا جۇڭگونىڭ سىياسىي، ئىدىيىۋى ئاڭ قۇرۇلما ساھەسىمۇ ماس ھالدا يېڭى تەپەككۇرغا يۈزلەندى. «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش»، «دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش»، «سىياسىي مەدەنىيلىك»، «ئومۇم ئۈچۈن پارتىيە قۇرۇش»، «ئادەمنى ئاساس قىلىش»، «ئىجتىمائىي ئادىللىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش» دېگەن بۇ مۇھىم ئىدىيە، يېڭى نەزەرىيىنى بۇنىڭدىن 20 ـ 30 يىل ئىلگىرى تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ تەس ئىدى. مانا بۇلار ھازىرقى زامانغا، يېڭى دەۋرگە مۇناسىپ يېڭى ئاڭ قۇرۇلۇشى تەپەككۇرىدۇر. چۈنكى دەۋر رېئاللىقىغا بىنائەن پەقەت ئىلمىي تەپەككۇر ئارقىلىقلا چىقىرىلغان ھەقىقەت توغرىسىدىكى خۇلاسىلا ئىنسانلار ئۆزى قوبۇل قىلىشنى خالايدىغان بىردىنبىر ھەقىقەت ھېسابلىنىدۇ. ئەلۋەتتە، مەنزىل يەنىلا خېلىلا ئۇزاق، مۇساپە كونا ھەم يېڭى جاھىل قورغانلار بىلەن مۇقەررەر توسقۇن پەيدا قىلىپ تۇرۇۋىدىغان بولسىمۇ، ئىشىنىمىزكى، دەۋر تەلەپ قىلىدىغان ھەقىقەت مەنزىلىگە ھامان يېتىلىدۇ.

## ھەقىقەتنىڭ يەكۈنى

ئالەمدىكى بارلىق مەۋجۇداتلار ئىچىدە ئىنسانلا ھەق ـ ناھەق (توغرا ـ خاتا)نى ئايرىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئالاھىدە ئاڭلىق مەۋجۇداتتۇر. شۇنداق ئىكەن، بىز ئىنسانلار ئىنسانلىق خۇسۇسىيىتىمىز بىلەن رېئاللىقنى ئەينەن ئېتىراپ قىلىش ئاساسىدا ھەق ۋە ناھەق ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزمەسلىكىمىز، بۇ ئالاھىدە «پەرۋەردىگار» تەرىپىدىن ئاتا قىلىنغان خاس ھوقۇقىمىزدىن پايدىلانماسلىقىمىز مۇمكىن ئەمەس. ئىنسانلار مۇشۇنداق بىر توغرا بىلەن خاتانى ئايرىيدىغان تەپەككۇرغا ـ ئىنسانىي خاسلىق ۋە ئىنسان سۈپىتىدىكى ئىگىلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈنلا ھايۋان كەبىي جانلىق مەۋجۇداتلاردىن تۈپتىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئىنسان بولۇپ شەكىللەنگەن. ئىنسان بىلەن ھەقىقەت ئۇقۇمىنىڭ مۇجەسسەملىكى توغرىسىدا مۇقەددەس كىتاب «بايبىل» (كونا ئەھدى)دا مۇنداق رىۋايەت بار ئىكەن: ئەسلىدە ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەۋۋا ئانا ئەرشتىكى جەننەتتە ياشايدىكەن. پەرۋەردىگار (يەھۇدىيلار «يەھۋا» دەيدۇ) ئادەمئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانىنى ياراتقاندىن كېيىن، ئۇلارغا جەننەتتىكى مېۋىلەرنى كۆرسىتىپ، سىلەر جەننەتتىكى مۇشۇ مېۋىدىن باشقا ھەر قانداق بىر مېۋىنى يېسەڭلار بولۇۋېرىدۇ، ئەمما مۇشۇ (ھەقىقەت مېۋىسىنى) قالايمىقان يەپ قويساڭلار چوقۇم ئۆلۈدىغان بولۇسىلەر، دەپتۇ. مەلۇم بىر ۋاقىتقا كەلگەندە يىلان ئادەمئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانىغا: بۇ ئەسلىدە سىلەر يەيدىغان ئەڭ ئېسىل مېۋە ئىدى، دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يىلاننىڭ تېپىلدۇرۇشى بىلەن ئاشۇ چەكلەنگەن (ھەقىقەت مېۋىسىنى) يەپ قويۇپتۇ ۋە شۇئانلا ئۆزلىرىنىڭ ھايۋانلارغا ئوخشاش ئانىدىن تۇغما يالىڭاچ ھالەتتە ياشاپ يۈرگەنلىكىنى ھېس قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنى زەيتۇن دەرىخىنىڭ يوپۇرماقلىرى بىلەن ئورىۋاپتۇ. پەرۋەردىگار بۇنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ «ئەقىل مېۋىسى»نى يەپ قويغانلىقىدىن گۇمانلىنىپ، ئۇلارنى سوراققا تارتقاندا ئۇلار ئىقرار قىپتۇ. شۇ ۋاقىتتا پەرۋەردىگار ئويلىنىپ، بۇلار ئەمدى ئىشلارنىڭ توغرا ـ خاتاسىنى ئايرىيالايدىغان بولدى، ئۇلارنىڭ ئەرشتە تۇرۇۋېرىشى ئەمدى مۇۋاپىق ئەمەس دەپ قاراپ، ئادەمئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانىنى يىلان بىلەن بىللە يەر يۈزىگە چۈشۈرۈۋەتكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ ئىنسانلار ھەم ئۆلىدىغان ھەم ھاياتلىققا ئېرىشىدىغان بولغان. يۇقىرىقى رىۋايەت بىزگە ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولغان ۋاقتىدىن تارتىپلا توغرا بىلەن خاتانى ئايرىش ئىقتىدارى بىلەن بىللە يارالغانلىقىنى، شۇنداقلا ئىنسانلار ھەقىقەت يولىدا بەدەل تۆلەپ كەلگەنلىكىنىمۇ بىلدۈرىدۇ.

ئاخىرىدا بىز ئۆزىمىز باشتىن كەچۈرۈپ بىلگەن ھەم بىلىدىغان، شۇنداقلا بىلىش دائىرىمىز ئىچىدىكى بىزگە مەلۇملۇق بولغان ھەقىقەتلەرگە بىنائەن شۇنداق ئەقەللىي ھۆكۈمنى چىقىرىمىز: ئەگەر دۇنيادىكى ھەر قانداق بىر خەلقنىڭ سىياستى ۋە سىياسىي تەدبىرلىرىگە شۇ خەلقنىڭ مىللىي ئادەت كۈچلىرى تامغىسىنى باسسا، شۇنداقلا بۇ ئادەت كۈچلىرى كونا، قاتمال فېئودال خاراكتېرلىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ مىللەت ۋۇجۇدىدىكى تېخى تولۇق چىقىرىۋېتىلمىگەن سىڭگەن ئىنكاسى بولسا، ئۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ئالدى ـ كەينى تولۇق مۆلچەرلەنگەن سىستېمىلىق ھەرىكەت تەرتىپىدىن مۇستەسنا، ئىلمىي ھەقىقەتكە زىت تەتۈر يۆنىلىشتە داۋاملىشىدىغان ئىشلىرى كۆپىنچە ھاللاردا تىكىپ ـ سۆكۈپ ئىش قىلىدىغان، مەنىسىز تەكرار ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىنلا ئىبارەت بولىدۇ ۋە بۇ پۈتكۈل توغرا بىلەن خاتاغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي بوشلۇقلارنىڭ مەنبەسى بولىدۇ. يۇقىرىدىكى يەكۈنگە بىنائەن بىز دۇنياغا سېلىشتۇرما ھالدىكى بۇ يەردىكى «ھەقىقەت»نىڭ ئورنىغا شۇنداق باھا بېرىمىز. يۇقىرىقى ئامىللار بىلەن زىچ گىرەلەشكەن تۈزۈلمىدىكى قاتماللىق، سىياسىي تەدبىرلەر ئىجراسىدىكى شەكىلۋازلىق گەرچە راستچىل، ئەمەلىيەتچىل بولۇش قاتتىق تەكىتلىنىپ تۇرۇۋاتسىمۇ، يەنىلا ھەقىقەتنىڭ نۇرىنى خىرەلەشتۈرۈپ تۇرۇۋاتقان خەتەرلىك ئاجىزلىقتۇر. كىشىلەر جانىجان مەنپەئەتى (ھەقلىق ۋە ھەققانىي) ۋە ئىنسانىي قەدىر ـ قىممىتىنى پەقەت «پەرۋەردىگار» ئاتا قىلغان ھەقىقەتتىن ئىبارەت قورالنى چىڭ تۇتۇپ، قانۇن ۋاستىسىگە تايىنىپ ھوقۇق ۋە ئىمتىياز بىلەن دەلمۇدەل ئېلىشىش ئارقىلىقلا قوغدىيالايدۇ. دۇنيا ھەرگىز جاھىل، مۇتەئەسسىپ، مۇستەبىت كۈچلەرنىڭ ئەمەس، بەلكى تەرەققىيپەرۋەر، «ئەخلاق ۋە قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىنغان»، «ئادەمنى ئاساس قىلغان»، «سىياسىي مەدەنىيلىك»نى يولغا قويغان ئادالەت كۈچلىرىنىڭ دۇنياسى بولىدۇ. دۇنيا بۇرۇنمۇ ئۆزگەرتكۈچىلەرگە مەنسۇپ بولغان، ھازىر ۋە كەلگۈسىدىمۇ چوقۇم ئۆزگەرتكۈچىلەرگە مەنسۇپ بولىدۇ.

2004 ـ يىل 7 ـ ئىيۇل، شەھىرى غۇلجا

(ئەسەر بەزى زۆرۈرىيەتلەرگە كۆرە مەلۇم دەرىجىدە قىسقارتىلدى ۋە مۇھەررىردىن تولۇقلىما بېرىلدى)

---

ئاپتور: غۇلجا شەھەر نوپىچى مەھەللە باھار كوچا 3 ـ يان كوچىدا، شەھەر ئاھالىسى

# خاسلىقنىڭمۇ ئار- كاك - چېشىسى بار



تۇرسۇن قادىر

«سىنىڭ دوپپاڭنى مەن كىيسەم، ساڭا ئوخشىمىسەمەن يارىم.»

(ئۇيغۇر خەلق ماقالى، مەسئۇل مۇھەررىردىن تولۇقلىما)

يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئۇيغۇر تۇرمۇشىدا «ئۆزگىچىلىك»، «خاسلىق» ھەققىدىكى ئىجابىي ۋە سەلبىي گەپ- سۆزلەر پاراڭلىرىمىزنىڭ بىر قىزىق تېمىسىغا ئايلىنىپ قالدى. ئالايلۇق، «ئۇستاز غازى ئەھمەد ئۇيغۇر ھازىرقى زامان رەسساملىقىنىڭ يېڭى پەللىسىنى ياراتتى»، «ئوسمان ئەمەت مۇقامنى ئاجايىپ يۈكسەك ماھارەت بىلەن ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتىدۇ»، «ئابدۇرېھىم ھېيتنىڭ ناخشىلىرىدىكى ئۇيغۇرغا خاس مىللىي پۇراق شۇنداق كۈچلۈك ۋە ئۆزگىچىكى، كىشىنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇپ، ئاجايىپ مەردانە تەسىرات بېرىدۇ»، «ئايشەم قەييۇم قەشقەر خەلق ناخشىلىرىنى، رىسالەت ھاپىز كۇچا خەلق ناخشىلىرىنى مۇرادىغا يەتكۈزۈپ ئېيتىدۇ»، «ئادىل ھوشۇر ھەقىقەتەن ماھارەت ۋە جاسارەتتە يېتىلگەن مەردانە ئوغلان. ئۇ ئۇيغۇرلار دارۋازلىق سەنئىتىنىڭ پارلاق نەمۇنىسىنى يارىتىپلا قالماي، خەلقىمىزنىڭ ۋۇجۇدى ۋە قېنىدىكى پەم- پاراسەت، باتۇرلۇق، ئەركەكلىك خاراكتېرىنى نامايان قىلدى»، «(ئاسىيا بوكس چېمپىيونى)، (ئولىمپىك ئوغلانى) ئابدۇرەھمان ئابلىكىم مۇسابىقىدە مۇشتىنى قالتىس ئاتىدۇ»، «مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ يېزىقچىلىق ئۇسلۇبىدا ئاجايىپ بىر يۇمۇرىستىلىق خاسلىق بار. ئۇ كىچىككىنە بىر ئەسەردە شۇنداق چوڭقۇر مەنە ۋە بەدىئىي قىممەت يارىتىدۇكى، ئۇنىڭ ئالدىدا نەچچە قىسىملىق توم- توم كىتابلار بىكار قالسۇن»، «خالىدە ئىسرائىل ھېكايە- پوۋېستلىرىدا قىز- ئاياللارنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئىپادىلەشكە ئاجايىپ ماھىر» (مەسئۇل مۇھەررىردىن تولۇقلىما) دېگەندەك پەخىرلىك باھالار. لېكىن بىز يەنە «خاسلىق» ھەققىدىكى مۇنداق ئېيتىلما ۋە مۇنازىرىلەرنىمۇ ئاڭلاۋاتىمىز:

—تۈركىيىنىڭ بىر ئۇسسۇللۇق مۇزىكىسى بار، بەك پەيزى، بولۇپمۇ ئاغزىنى ئۇچلاپ چوك- چوك قىلىدىغان يېرى ئاجايىپ ئۆزگىچە.

—بۇ ياشلارنىڭ ئويناۋاتقىنى قانداق ئۇسسۇل؟ خۇددى جۇپلىشىۋاتقاندەك ئەۋرەت يەرلىرىنى ھەدەپ بىر- بىرىگە تەگلەپ بىر قىلىقلارنى قىلىۋاتىدىغۇ؟

## ھەر ئىش يولى بىلەن

توۋا، بىر ئاممىۋى سورۇندا لوغۇللارلا ئەمەس، قىزلارمۇ شۇنداق قىلىۋاتىدۇ؟

—ھەي، تېلېۋىزىيە ئېكرانىدىكى ئاۋۇ ئۇسسۇللارنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار شۇنىڭدىن ئىلھام ئېلىۋاتىدۇ. ئۇ دېگەن دۇنيادىكى ئەڭ داڭلىق مودا ئۇسسۇل. دېمىسىمۇ بۇ تولىمۇ يېڭىچە، ئۆزگىچە ئۇسسۇل ئىكەن، شۇڭا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتالىغان، كۈچلۈك تەسىر قوزغىيالىغان گەپ.

—بۇ قىز ئەجەب تار ۋە نېپىز كىيىنىۋاپتۇ. بەدەن ئېتى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپلا تۇرىدۇ. ھېلىقى كۈنى دوستۇمنىڭ تويىغا بارسام، ئالىدىغان قىزى كۆكسىنى ئېچىپلا تۇرىدىغان بىر توي كۆڭلىكى كىيىۋاپتۇ. ياۋروپاچە توي كۆڭلىكى، دەيدۇ. ھازىر قارىسام، قىزلار توي قىلىشنى باھانە قىلىپ كۆكسىنى راسا بىر كۆز-كۆز قىلىدىغان بوپقاپتۇ. ھەي قارا، ئاۋۇ ئايالچۇ ئەمدى، ئۇنىمۇ مەيدىسىنى ئېچىپلا قويۇپتىغۇ؟ ئېرىم يوق دېگىنىمۇ بۇ؟

—ھەي ئاداش، ئۇنداق كىيىملەرنى كىيىش ھازىر مەدەنىيلىكنىڭ ئىپادىسى، گۈزەللىكنىڭ بەلگىسى. ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى ھەر كىم ئۆزىدىكى ھەرقانداق ئالاھىدىلىكنى، ھەرقانداق ئۆزگىچە يېرىنى تولۇق نامايان قىلىپ كۆرسىتىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ خاسلىقى، كىملىك بەلگىسى قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

—ئۇنداقتا، ھازىرغىچە يوشۇرۇن تۇتۇشنى تەشەببۇس قىلىپ كەلگەن ئىككى چوڭ ئەۋرەت جايىنى تار كىيىم ۋە مەخسۇس ئىشلەنگەن نيۇ زېيكۇ (پادىچى ئىشتىنى)نى كىيىپ، يەنە ئىش قوشۇپ بىر ئاماللارنى قىلىپ تومپايتىپ كۆرسىتىپ: «ماۋۇنىڭغا قاراشامسەن» دەپ يۈرۈشىمۇ ئۆزگىچە خاسلىق يارىتىش بولامدۇ، ئەمسە؟

—ئەلۋەتتە، ئۇنىمۇ ئىددىيىسى ئازاد بولغان مەدەنىي ئادەملەر قىلالايدۇ. ئۇلار شۇ ئارقىلىق باشقا ئادەتتىكى ئەنئەنە ئاسارىتىدە تۇرۇۋاتقانلاردىن پەرقلىنىدىغان مەدەنىي ئادەملەر ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپ، ئۆزىگە خاس بولغان كىملىكىنى يارىتىدۇ.

—بۇ قانداق بوپكەتتى ئەمدى. مەن ئەخلاقسىزلىق، ئېتىقادسىزلىق دېگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسى خاسلىق بولغىلى تۇرىدىغۇ؟ ئۇنداقتا، مەن تۈنۈگۈن چۈشتە كۆرگەن ئىككى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئاۋات كوچىدا سومكىسىنى تاشلاپ قويۇپ، ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا سۆيۈشۈپ تۇرۇشى، بىرىنىڭ سىنىپتىكى مەن ئەركەك زەدەك، تەربىيە كۆرمىگەن دەپ ياقتۇرمايدىغان χχ گۈلنىڭ ھەدېسىلا: «ئاناڭنى... قىلىمەن، ھېلى بىكار... قىلىپ قولۇڭغا خەت قىلىپ بېرىمەن» دېيىشلىرى، تاماكا چېكىپ، ھاراق ئىچىشلىرى، ياتاقدىشىم χχ جاننىڭ ئۇنى: «قولىدىن ئىش كېلىدىغان باتۇر قىز، مەن شۇنىڭدەك بىرەرسى بىلەن توي قىلىپ، ئۇنى بىر ئۆمۈر ئۇيدان كۈتۈشنى ئارزۇ قىلىمەن» دېيىشلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆزگىچىلىك-خاسلىققا مۇناسىۋەتلىك ھەرىكەت ۋە پىكىرلەر بولۇدىغان ئوخشايدۇ.

—دەل شۇنداق. ھازىر دېگەن خاسلىق يارىتىدىغان، ھەركىم ئۆز خاسلىقىنى قەدىرلەيدىغان زامان. ھەر بىر كىشى قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن ئۆزىنى باشقىلارغا ئوخشاتمايدىغان مەلۇم ئۇسۇل ۋە يولنى تېپىشى كېرەك. داڭلىق كىشىلەرنىڭ ھەممىسى باشتا كىشىلەرگە غەيرىي تەسىر بەرگەنغۇ؟ ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئاشۇنداق غەيرىيلىك پەيدا قىلالىغانلىقى ئۈچۈنلا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىپ داڭق چىقىرالىغان...

ھەقىقىي قايىللىق، ھەيرانلىق، گاراڭلىق، پىكرىي مەجرۇھلۇق، نادانلىق-ئازغۇنلۇق گىرەلىشىپ كەتكەن (مەسئۇل مۇھەررىردىن تولۇقلىما) بۇنداق چۈشەنچە ۋە ھادىسىلەر قانداق پەيدا بولدى؟ مېنىڭچە، جەمئىيىتىمىزنىڭ پۈتكۈل بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىنى قاپلاۋاتقان بۇ خىل «خاسلىق تېپىش» دولقۇنىنىڭ پەيدا بولۇشى، جەمئىيىتىمىز ئىجتىمائىي، تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ تەبىئىي نەتىجىسى. كونكرېت ئېيتقاندا، ئاساسىي سەۋەبلەر مۇنداق بولۇشى مۇمكىن: ئالدى بىلەن، ئۇزۇندىن بۇيان كىشىلىرىمىز ھەدېسىلا ئومۇمىيلىق، كوللېكتىۋىزمنى مۇتلەق تەكىتلەپ، شەخسنىڭ رولى ۋە ئالاھىدىلىكىنى يۇتۇۋسۇرۇۋكلا دېيىنە قىلىپ كېلىۋاتقان، دۆلەت شەخسنى «يېيىدىغان» تۈزۈم ئىچىدە ياشاپ، شەخسىيىتى يەتكۈچە خورلانغانىدى. ھازىر بولسا جەمئىيىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈلمىسىدە ئىسلاھ قىلىش بولۇپ، كىشىلىك قەدىر-قىممەتنىڭ مەۋجۇدلۇقى ۋە ئەھمىيىتىنى ئېتىراپ قىلىدىغان مېخانىزم بىخلىنىشقا باشلىدى. شۇ ۋەجىدىن مەدەنىيەت بۇرۇقتۇرمىلۇقى ۋە تۈزۈم بۇرۇقتۇرمىلۇقىدىن ئىبارەت قوش ئازابنى تارتىپ كېلىۋاتقان خەلقىمىز راھەتلىك بىر تىنىق ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ئەسلىي كىملىكى بىلەن ياشاش ئۈچۈن تىرىشىشقا باشلىدى. نۇرغۇن كىشى ئۆزىگە خاس ئېسىل خاراكتېر، پەزىلەتلەر ۋە ھۈنەر-ماھارەت، تېخنىكىلارنى يېتىلدۈرۈپ، ئۆز سالاھىيىتى ۋە قەدىر-قىممىتىنى تولۇق نامايان قىلىش بىلەن بىرگە، مىللىتىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس ئارتۇقچىلىقلىرى ئاساسىغا قۇرۇلغان سالاھىيىتىنى دۇنياغا تونۇتۇپ، مىللىي كىملىكىمىزنىڭ ئەجايىپ ئۇستە تېخىمۇ مۇكەممەللىشىشى ۋە روشەنلىشىشى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشتى. ئادىل ھوشۇر بىزدىكى قارامىلىق، باتۇرلۇق بىلەن ئىنچىكە ماھارەتلەرگە ماھىرلىقىمىزنى ئەكس ئەتتۈرسە، خالمۇرات غوپۇر، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن قاتارلىق ئالىملار ئىلىم-پەن ساھەسىدە ئەقىل-پاراسىتىمىز، تەپەككۇرىمىزنىڭ ئەسلىي ئۆتكۈر ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى. لېكىن مۇشۇنداق ئەجايىپ ئۇستىكى خاسلىقلاردىن باشقا يۇقىرىدا بىز تىلغا ئالغاندەك سەلبىي خاسلىقلارمۇ شالنىڭ باھانىسىدە مەيدانغا كەلگەن كۆمەكتەك پەيدا بولدى.

خاسلىق دولقۇنىغا ئاساس بولغان ئىككىنچى سەۋەب شۇكى، تەرەققىي قىلغان غەرب مەدەنىيىتى بىلەن بولغان ئۇچرىشىش مىسلىسىز كۆلەمگە يېتىش ئارقىسىدا، غەرب قىممەت سىستېمىسى ئىچىدىكى بىزنى تاڭ قالدۇرغىدەك دەرىجىدىكى ئادەمنى ئۇلۇغلاش ئىدىيىسى پۈتكۈل جەمئىيىتىمىز مىقياسىدا رادىئاتسىيە شەكلىدە كەڭ تارقىلىپ، يۇقىرىسى «مېنىڭ قارىشىمچە مۇنداق»دىن تارتىپ، تۆۋىنى «مەنمۇ ئۆزۈمگە تۇشلۇق ئادەم تۇرسام»غىچە بولغان «ئۆزى»نى تەكىتلەيدىغان يېڭىچە ئىنسانىي قاراشلار شەكىللەندى. بۇنىڭ بىلەن كىشىلىك خاراكتېر ۋە شەخسنىڭ رولى مەسىلىسى بارغانچە جەمئىيەتنىڭ ئەڭ دىققەت قىلىدىغان نۇقتىسى بوپقالدى. بۇ ھال خاسلىققا بولغان ئىنتىلىش ۋە ئېرىشىش قىزغىنلىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈردى. لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ھەركىم ئۆزى بىلگەن سەنئەمگە دەسسەشنىڭ نەزەرىيىۋى كاپالىتىمۇ تۇرغۇزۇلدى. چۈنكى بىز مەدەنىيەتلىك ئەللەردىن ئۆگەنگەن «خاسلىق» دېگەن ئۇقۇمنى چالا چۈشىنىپ قالدۇق. كۆپىنچىمىز: «ئىندىۋىدۇئال خاسلىق باشقىسىغا ئوخشىماسلىق بولغاندىكەن، ئىندىۋىدۇئال خاسلىق يارىتىش-ئەسلىدىكى مەۋجۇدلۇقتىن پەرقلىنىدىغان ھەر قانداق بىر ئىشنى قىلىش» دەپلا قارىدۇق. شۇنداق بولغاچقا، ھېچقانداق چەكلىمىسىز، ئۆلچەمسىز ھالدا ساراڭلارچە خاسلىق ئىزدەيدىغانلارمۇ كېلىپ چىقتى.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئادەم تەبىئىتىدە ئەسلىدىنلا يېڭى نەرسىگە، ئوخشىمايدىغان يۇراق، تەم ۋە كۆرۈنۈشلەرگە ئامراق بولۇش، تىنىمسىز قانائەتسىزلىك ۋە شۈكۈرسىزلىك بىلەن بىر ئۆمۈر «يېڭى، ئوخشىمايدىغان»نى ئىزدەش، ھەرقانداق ئۆزگىچە-يېڭى نەرسىنى ياخشى-يامان، ئەركەك-چىشى دەپ ئايرىپ ئولتۇرماي قىزىقىۋېرىشتەك پسىخىك ئالاھىدىلىك مەۋجۇد. تارىخىي كەچمىش سەۋەبىدىنمۇ ياكى گېن خۇسۇسىيىتىمىز شۇنداقمۇ، ئىشقىلىپ مۇنداق يېڭىنى ئايىماي دوراش، قىزىقىش پسىخىكىسى بىزنىڭ مىللىي پسىخىكىمىزدا تېخىمۇ گەۋدىلىك بولغاچقا، بىزنىڭ ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ سىڭايان قوبۇل

قىلىنىۋالغان «خاسلىق» لىرىمىز تەلۋىلەرچە، يوگەنسىز ھالدا راۋاجلىنىشقا قاراپ يۈزلەندى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىندىۋىدۇئال تەرەققىياتنىڭ ئىلمىي نەزەرىيىلىرىدىن قارىغاندىمۇ، بىر ئادەمدە چوقۇم باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان يېڭىچە پىكىر، مەسىلە ھەل قىلىشنىڭ يېڭىچە ئۇسۇللىرىنىڭ بولۇشى، ھەر ئىشتا ئۆزگىچە يول تۇتۇشى، ئۇنىڭ ھەقىقىي بىر قىممىتى بار شەخس سۈپىتىدە مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئاساسى. مەيلى ئىلمىي تەتقىقات، ئىجادىيەت ساھەسىدە بولسۇن ياكى تىرىكچىلىكتە بولسۇن باشقىلار ئويلاشقا، قىلىشقا ئۈلگۈرمىگەن، ئەمما كىشىلەرگە ئېھتىياجلىق بولغان بوشلۇقلارنى تېپىپ چىقالىغاندىلا ئاندىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ يولىنى ھەقىقىي تاپقىلى بولىدۇ. ئۇنداق قىلماي، باشقىلار قىلغاننى دوراپ يۈرگەندە بىر ئۆمۈر تىرىشسىمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش سەپىرىدە مەنزىلگە يېتەلمەي مەغلۇب بولۇشى مۇمكىن.

مانا مۇشۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بىز خاسلىققا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشكە باشلىدۇق. ئەمما ئېيتىۋېلىنارلىق ئىش شۇ بولىۋاتىدۇكى، بىز خاسلىقنى بۇ دۇنيادىكى قەتئىي ئۆلچەمگە سالغىلى بولمايدىغان، نەزەرىيىۋى پرىنسىپقا چۈشۈرگىلى بولمايدىغان، ھەر كىم نېمىنى خالىسا شۇنى قىلىدىغان شۇنداق بىر ئالاھىدە ئەھۋال دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە يۈزلىنىۋاتىمىز. بەزىلىرىمىز ھەتتا مىللىي ئەخلاق پرىنسىپلىرىمىز، ئېسىل ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىمىز ۋە قىممەت قاراش ـ ئېتىقادىمىز بىلەن تۈپتىن قارىمۇ قارشى بولغان، پۈتكۈل مىللەت روھىيىتىنى چىرىتىدىغان ئاشۇ بىر يۈرۈش چۈشكۈن قىلىقلارنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، ئۇلارنىڭ پەقەت «خاسلىق» دېگەن نامى بولغانلىقى ئۈچۈنلا مۇقەددەستەك بىلىنىپ، ئۇلارنى رەت قىلىشقا، قارشى تۇرۇشقا ئاجىزلىق قىلىۋاتىمىز. ئەمەلىيەتتە بولسا، مىللىي مەدەنىيىتىمىز ۋە ئېتنىك مەۋجۇدلۇقىمىزنىڭ ھايات ـ ماماتى بىلەن ئوينىشىۋاتىمىز. بۇنداق دەلدۈشلۈك بىر تەرەپتىن بىزنىڭ چەت ئەللەرنىڭ نەرسىسنى ئۆگەنگەندە دەل ئۆگىنەلمەي تەتۈرسىچە قوبۇل قىلىۋېلىش ئادىتىمىزدىن، ئىلىم ـ پەن تەرەققىيات دەرىجىسى جەھەتتىلا ئەمەس، ئىلىم ـ پەننى ئۆگىنىش جەھەتتىمۇ سەۋىيىمىزنىڭ تۆۋەنلىكىدىن كېلىپ چىقسا، يەنە بىر تەرەپتىن، بىزدىكى ئۆزىمىزگە ئىشەنمەسلىك، ئۆزىمىزنىڭ نەرسىسىنى پەس كۆرۈپ، باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى تۇتىيا بىلىشتەك ناچار پسىخىك ئادەتتىن كېلىپ چىققان. شۇڭا مەن بۇ يەردە ئالدى بىلەن «خاسلىق» دېگەن بۇ ئۇقۇمنىڭ مەنە ۋە ئىشلىتىلىش دائىرىسى ھەققىدە ئۆز كۆز قاراشلىرىمنى قويۇپ ئۆتمەكچى.

بىز دەۋاتقان خاسلىق ياكى ئىندىۋىدۇئال خاسلىق پسىخولوگىيىلىك ئاتالغۇ بولۇپ، ئۇنىڭ پسىخولوگىيە ئىلمىدىكى ئۇيغۇرچە ئاتالمىسى ئەسلىي ئايرىملىق، تەبىرى ئادەم بىلەن ئادەم ئارىسىدىكى ئىندىۋىدۇئال پەرقتىن ئىبارەت. گەرچە مىللىي مەدەنىيەت تارىخىمىزدىمۇ ئەزەلدىن مەسىلىلەرگە ئوخشىمىغان نۇقتىدىن پىكىر يۈرگۈزۈش، ھەركىم ئۆز ئالاھىدىلىكى ۋە ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇشتەك خاسلىق شەكىللەندۈرۈشكە ئائىت قاراشلار بولسىمۇ، لېكىن «ئىندىۋىدۇئال پەرق (ئايرىملىق ياكى خاسلىق)» دېگەن بۇ ئۇقۇم، سۆز ۋە ئۇ ھەقتىكى سىستېمىلىق بىلىملەر ئەسلىي ئىنگلىز تىلى ۋە مەدەنىيىتى ئىچىدە بارلىققا كېلىپ، ئۇنىڭدىن خەنزۇلارغا، ئاندىن بىزگە يېتىپ كەلگەچكە، بىز بۇ سۆزنى ئۇنىڭ ئانا تىلى بولغان ئىنگلىز تىلىدىكى مەنىسى ۋە ئورنىدىن تەكشۈرۈپ باقساق بىر قەدەر مۇۋاپىق بولار، دەپ قارايمەن. ئىنگلىز تىلىدا Personality (人格) ۋە individuality (个性) دېگەن ئىككى سۆز بار بولۇپ، ھەر ئىككىلىسى بىر ئادەمگە خاس خاراكتېر دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى تۈزگەن نوپۇزلۇق «ئىنگلىزچە ـ خەنزۇچە قوش چۈشەندۈرۈشلۈك لۇغەت»تە: «Personality بولسا بىر ئادەمدە بار بولغان بىر پۈتۈن خاراكتېر ۋە سۈپەتلەردۇر؛ individuality مەلۇم بىر ئادەمگە تەۋە بولۇپ، ئۇنى باشقىلاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان بارلىق خاراكتېر ـ ئالاھىدىلىكلەردۇر» ① دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. مورفولوگىيە جەھەتتىن تەكشۈرگەندىمۇ Personality دېگەن سۆز Person (ئادەم، شەخس) دېگەن سۆز تومۇرىدىن، individuality مۇ ئوخشاشلا individual (ئادەم، شەخس) دېگەن سۆز تومۇرىدىن تۈزۈلگەن. ھەر ئىككى سۆزگە «مەلۇم خىل خاراكتېرگە ئىگە» دېگەن مەنىدىكى ئىسىملاشتۇرغۇچى قوشۇمچە ity نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن يۇقىرىقى ئىككى مەنداش ئەمما شەكىلداش بولمىغان سۆز ياسىلىپ چىققان. خەنزۇ تىلىدىمۇ گەرچە دەسلەپ Personality ئۈچۈن 人格، individuality ئۈچۈن 个性 دېگەن سۆزلەر ئىجاد قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما كېيىنچە ئۇلارنىڭ مەنداش ئىكەنلىكى ئېتىراپ قىلىنىپ، ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىلىۋېرىدىغان بولغان. مەسىلەن، «ئوكيانوس»تا: «人格 نى 个性 غا مەنداش دەپ ئىزاھلاپ، 个性 نى كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىدە ئىپادىلىنىدىغان، شۇ كىشىنىڭ مىجەز ـ خاراكتېر، ئەخلاق ـ پەزىلەت، دۇنيا قاراش، كىشىلىك ھايات قارىشى قاتارلىقلارنىڭ يىغىندىسى» ② دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ئەمما قىزىل تاشلىق نوپۇزلۇق «خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە چوڭ لۇغەت»تە: «人格 نى 1. شەخسىيەت، ئادەمىيلىك 2. تەبىئەت، خاراكتېر، مىجەز 3. كىشىلىك قەدىر ـ قىممەت 4. ئەخلاق، ئار ـ نومۇس، ئابروي 5. ئىنسانىي پەزىلەت دەپ كەڭرى ئىزاھلىسا، 个性 نى 1. شەخسلىك، خاسلىق 2. خۇلق، مىجەز ـ تەبىئەت، خاراكتېر» ③ دەپلا قىسقا، تار دائىرىدە ئىزاھلايدۇ. يەنە كېلىپ، پسىخولوگىيە ئىلمى بىلەن بولغان تونۇشلۇقىمىزنىڭ تولىمۇ ئاجىز بولغانلىقىدىنمۇ ياكى پسىخولوگىيىنى تازا ياقتۇرمايمىزمۇ، ئىشقىلىپ بۇ پسىخولوگىيىلىك ئاتالغۇغا پسىخولوگىيە ئىلمى نۇقتىسىدىن مۇئامىلە قىلمايۋاتىمىز. مەسىلەن، Personality (人格) نى پسىخولوگىيە كىتابىمىزدا ئىندىۋىدۇئاللىق دەپ تەرجىمە قىلىپ تۇرۇپمۇ يەنە ئۇنى ئادەمىيلىكنى بىلدۈرىدىغان ئومۇمىي ئۇقۇم ئورنىدا، ھەتتا پەزىلەت ۋە غۇرۇر دېگەن جۇزئىي مەنىدىلا بىر تەرەپ قىلساق، individuality (个性) نى بولسا ئايرىملىق دەپ تەرجىمە قىلىپ، ئۇنى ھەقىقىي خاسلىق سۈپىتىدە بىر تەرەپ قىلىۋاتىمىز. شۇڭا تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ بۇ ئىككى سۆزنى پسىخولوگىيىلىك ئۇقۇم نۇقتىسىدىن تەكشۈرۈپ كۆرەيلى.

بۇ ھەقتە ۋۇزىڭجيې ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ: «个性 (بىزدىكى ئايرىملىق) ئادەمتە ئەقلىي ئىقتىدار (智力)، مۇددىئا (动机)، پوزىتسىيە (太度)، ئېتىقاد (信命) ۋە ئەخلاقتا بولغان كۆز قاراش قاتارلىق پسىخىك ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇ ئامىللارنىڭ ئوخشىمىغان شەكىلدە بىرىكىشى ئوخشىمىغان 个性 نى ھاسىل قىلىدۇ» ④. ئېلىمىزدە تۈزۈلگەن ئالىي مەكتەپ پسىخولوگىيە دەرسلىكىدە بولسا «ئىندىۋىدۇئاللىق بىر كىشىنىڭ پۈتكۈل روھىي قىياپىتىنى، يەنى ئۇنىڭ پسىخىك پائالىيەتلىرىنىڭ بارلىق تەرەپلىرىنى ۋە تەركىبىي قىسىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دىنامىكىلىق (ھەرىكەت ھالىتىدىكى 动态的) بىر پۈتۈن قۇرۇلما، ئايرىملىق بولسا ئۇنىڭ كونكرېت گەۋدىلىنىشى بولۇپ، بىر ئادەمنىڭ باشقا ئادەمگە ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىدۇ» ⑤ دەپ شەرھ بېرىپ، بۇ ئىككىسى ئارىسىدا قەستەن پەرق ھاسىل قىلىشقا ئۇرۇنۇلغان. مائارىپ پسىخولوگىيىسى تەتقىقاتخانىسى خۇاڭ شىتىڭ ئەپەندى «ئىندىۋىدۇئال پەزىلەتنىڭ يېتىلىشى توغرىسىدىكى نەزەرىيە

ۋە ئىزدىنىش» دېگەن كىتابىدا: «ۋۇزىنگجېي بۇ ئىككى ئۇقۇمنى (人格 بىلەن 个性 نى) ئارىلاشتۇرۇپ قويىدۇ. ئۇلار غەربتە ئوخشاش مەنىدە ئىشلىتىلسىمۇ، لېكىن جۇڭگودا پەرقلىق: 人格 شەخسنىڭ ھەرىكىتىدىكى ئىچكى مايىللىق بولۇپ، ئۇ شەخسنىڭ مۇھىتقا ماسلىشىپ ھەرىكەت قىلىشى جەريانىدا ماكان ۋە زامان ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان ئىقتىدار (能力)، مىجەز (气质)، خۇسۇسىيەت (性格)، ئېھتىياج (需要)، مۇددىئا (动机)، قىممەت قارىشى (价值观) قاتارلىقلارنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسى بولۇپ، 个性 (خاسلىق ياكى ئايرىملىق دەۋاتقان ئۇقۇمىمىز) بولسا 人格 (ئىندىۋىدۇئاللىق)نىڭ ئۆزگىچىلىكى» دەپ بۇ ئىككىسىنى پەرقلەندۈرۈشكە تىرىشقان. ئەمما قىزدارلىق يېرى، خۇاڭ شىتىڭ مەزكۇر كىتابىدا ئارقىدىنلا يەنە: «ئادەملەردىكى پسىخىك ھادىسىلەرنىڭ ئاددىي ئىنكاس قايتۇرۇشىدىن تارتىپ قىممەت قارىشىغىچە، ھېسسىي بىلىشتىن ئەقلىي بىلىشكىچە بولغان بارلىق جەريانىدا ئايرىم پەرقلەر بولىدۇ. خاسلىق (个性 نى كۆرسىتىپ ئېيتىدۇ)نىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى، ئۇنىڭ بىر پۈتۈنلىكى. بۇ دېگەنلىك، ئۇ نۇرغۇن پسىخىك ئامىلنى، مەسىلەن، ئېھتىياج، مۇددىئا، ئەقلىي قابىلىيەت، مىجەز، كەيپىيات (情绪)، ئىرادە (意志)، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى (人生观)، قىممەت قاراش ۋە ئەخلاقىي پەزىلەت قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇلار بىر-بىرىنى چەكلەپ تۇرىدۇ»⑥ دەپ ئوتتۇرىغا قويۇپ، خاسلىق (个性) نىڭ مەنە جەھەتتىن كۆپ قاتلاملىقنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى ئىكەنلىكىنى ۋۇزىنگجېيدىنمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شەرھلەپ 人格 (ئىندىۋىدۇئاللىق دېگىنىمىز) بىلەن 个性 (خاسلىق دېگىنىمىز) نىڭ ئەمەلىيەتتە ئوخشاش مەنىدىكى ئۇقۇم ۋە سۆزلەر ئىكەنلىكىنى ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ئۆتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، مۇۋەپپەقىيەتشۇناسلىق نەزەرىيىچىسى جەك ۋېلچ (JacK Welch) نىڭ «ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا 11 تۈرلۈك نەسىھەت» ناملىق كىتابىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسىدا 个性 غا مۇنداق تەبىر بېرىلىدۇ: «个性 (خاسلىق) بىر ئادەمنىڭ بىر پۈتۈن روھىي قىياپىتىنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسى بولۇپ، ئۇ قابىلىيەت، مۇددىئا، مىجەز - خۇسۇسىيەت، غايە، ئېتىقاد ۋە دۇنيا قاراش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ»⑦ . دېمەك، بۇ يەردىكى 个性 (خاسلىق) مۇ 人格 (ئىندىۋىدۇئاللىق)قا تەڭ بولغان. ئەمدى ئامېرىكىدا تۈزۈلگەن نوپۇزلۇق تەتقىقات ۋە دەرسلىك كىتابى «پسىخولوگىيە، چوڭ مېڭە، ئادەم ۋە دۇنيا»دا «Personality (人格، ئىندىۋىدۇئاللىق دەپ ئاتالغان ئۇقۇم) بولسا شەخسنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈدىغان ۋاقىت ۋە شارائىت - ماكان ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان ئاشۇ بىر يۈرۈش خاراكتېر - ئالاھىدىلىكلەردىن ئىبارەت» ⑧ دە تەبىر بېرىلگەن.

يۇقىرىقى بىر قاتار ئىلمىي مەنبە ۋە شەرھلەردىن بىزنىڭ ئالدى بىلەن ئېرىشىدىغىنىمىز، Personality، individuality، 个性، 人格 دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى بىرلا گەپ بولۇپ، بىزنىڭ تىلىمىزدىكى «ئىندىۋىدۇئال خاراكتېر» دېگەن ئۇقۇمغا ماس كېلىدۇ. بىز تىلغا ئالىدىغان خاسلىق، ئۆزگىچىلىك، ئايرىملىق، يەككىلىك، ئىندىۋىدۇئاللىق دېگەنلەرمۇ بىر ئۇقۇم، يەنى «ئىندىۋىدۇئال خاراكتېر» ياكى «ئىندىۋىدۇئاللىق»تىن ئىبارەت. بۇ يەردە بۇنىڭدىن ئالاھىدە پەرقلىنىدىغان ياكى ھالقىپ چۈشىدىغان باشقا بىر ئۇقۇم ياكى سۆزنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنداقلا Personality (人格) دېگەن سۆز بىز ئىشلىتىۋاتقاندەك پەقەت پەزىلەت ۋە غۇرۇرنىلا ئىپادىلەيدىغان سۆز ئەمەس، ئادەملەرگە خاس بولغان، ئادەمدىن باشقا ھەرقانداق مەخلۇق ۋە شەيئىدە بولمايدىغان ئالاھىدىلىك ۋە خۇسۇسىيەتلەرنى كۆرسىتىدىغان ئۇقۇم ئادىمىلىك (humannes، 人性)مۇ ئەمەس، بەلكى ئىندىۋىدۇئال خاسلىق ياكى ئىندىۋىدۇئاللىقتىن ئىبارەت. ئادىمىلىك (人性) چوڭ ئۇقۇم بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئومۇمىي بەلگىلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەمدى بىزنىڭ ئىككىنچىلەپ ئېرىشىدىغىنىمىز، يەنى ئەڭ مۇھىم ئۇچۇر دېمىز شۇكى، ئىندىۋىدۇئاللىق ياكى خاسلىق قانداقتۇر ئادەمنىڭ مەلۇم بىر جەھەتتىكى (مەسىلەن، كىيىنىش جەھەتتىكى) ئاددىيلا ئوخشىماسلىقى، غەيرىيلىكى بولماستىن، بەلكى بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە نەرسە؛ بىر ئادەمدىكى غايە، ئېتىقاد، مۇددىئا، مىجەز، كەيپىيات، ئىرادە، ئەخلاق، قابىلىيەت، قىممەت قاراش، دۇنيا قاراش قاتارلىق نۇرغۇن ئامىلنىڭ ئورتاق تەسىرى ۋە بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان ئومۇمىي خاراكتېر ۋە ئاشۇ خاراكتېرنىڭ مەزكۇر ئادەمنىڭ ھەرىكىتى ھەم سىرتقى قىياپىتىدە ئىپادىلىنىشىدىن ئىبارەت. ئۇ ھەرگىزمۇ ئاددىي، يەككە ۋە ئايرىم بىر تەرىپىنى كۆرسەتمەستىن، بەلكى بىر ئادەمنىڭ بىر پۈتۈن روھىي قۇرۇلمىسىنىڭ يىغىندىسىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئۇ بەلگىلىك ئىجتىمائىي شارائىت ۋە تەربىيە تەسىرىدە تەدرىجىي شەكىللىنىدۇ ھەم بىر قەدەر مۇقىم ۋە تۇراقلىق بولىدۇ. چۈنكى ئادەمدە مەلۇم بىر خىل تۇغما - ئىرسىي بولغان مىجەز مايىللىقىدىن باشقا دۇنيا قاراش، ئەخلاق - پەزىلەت، قابىلىيەت، مۇددىئا، ئىرادە قاتارلىق پسىخىك ئامىللارنىڭ ھەممىسى ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا ئالغان تەربىيە ۋە مۇھىت شارائىتىنىڭ تەسىرىدە پەيدىنپەي شەكىللىنىدۇ. ھەتتا مىجەز - خاراكتېرمۇ شارائىتنىڭ تەسىرىدە مەلۇم ئۆزگىرىش ياسايدىغانلىقى ھازىرقى تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولماقتا. شۇڭا بىر كىشىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئۇخلاپ قوپقاندىلا غەيرىي كىيىملەرنى كىيىپ قويۇشى ياكى غەيرىي ھەرىكەتلەرنى قىلىشى ھەم خاسلىقنىڭ بىر پۈتۈنلىكىنى شەكىللەندۈرەلمەيدۇ ھەم تۇراقلىقلىقنى ھاسىل قىلالمايدۇ، شۇڭا ئۇ ھەرگىزمۇ خاسلىق بولالمايدۇ.

خاسلىقنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇن ۋە ئامىللىرى كۆپ بولغاچقا ھەمدە دۇنيادىكى بارلىق ئادەملەرنىڭ ھەتتا بىر تۇغقان قېرىنداش ياكى ئەڭ يېقىن دوستلىرىنىڭمۇ ياشىغان كونكرېت تۇرمۇش مۇھىتى ئوخشىمايدىغان بولغاچقا، تەبىئىي ھالدا ئادەملەردە ئوخشىمايدىغان قىممەت قاراش، ئەخلاقىي پەزىلەت، ئىرادە، كەيپىيات، مىجەز ۋە مۇددىئالار شەكىللەنگەن بولىدۇ. ياكى ھېچ بولمىغاندا بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر نەچچە تەركىب چوقۇم ئوخشاش بولمايدۇ. خاسلىق ئامىللىرى پۈتۈنلەي ئوخشايدىغان ئىككى ئادەمنى پۈتكۈل يەر شارىدىكى ئالتە مىليارد ئادەمنى ئارىلاپمۇ تېپىپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس. يەنى ئالتە مىليارد ئادەم ئاللىقاچان ئالتە مىليارد خىل خاسلىقنى شەكىللەندۈرگەن بولىدۇ. دېمەك، ھەر بىرىمىز ئەسلىدىنلا پەقەت ئۆزىمىزگىلا ئوخشايمىز، ھەرگىز باشقا بىرەرسىگە ئوخشىمايمىز. ھەر بىرىمىزدە خاسلىق ئاللىقاچان مەۋجۇت. بۇ خاسلىقلىرىمىز ئائىلىۋى تەربىيىمىز، مەكتەپ ھاياتىمىز ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىز جەريانىدا شەكىللەنگەن. بۇ تەربىيە ۋە مۇھىت شارائىتلىرى ياخشى، ئىجابىي، ئۈنۈملۈك بولغان بولسا، بىزدىمۇ پايدىلىق، ياخشى سۈپەتلىك، ئىجابىي خاسلىقلار شەكىللەنگەن. ئەكسىچە بولغاندا ناچار، سەلبىي خاسلىقلار شەكىللەنگەن. مىللىتىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن ئېلىپ ئېيتساق، ياشلارنىڭ خېلى كۆپلىرى ھازىر ئەخلاقىي جەھەتتىن تولۇق ئۆلچەمگە توشمايدىغان ئائىلىلەردە ۋە شەكلىۋازلىق بىلەن تولغان سىياسىي تەربىيىلا بېرىپ، مىللىي ئەخلاق تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىشقا ۋاقتى يوق مەكتەپلەردە چوڭ بولۇۋاتقان بولغاچقا، ئۇلار مۇكەممەل خاراكتېر ۋە مۇكەممەل ئېتىقاد يېتىلدۈرۈشكە قادىر بولالماي تەپەككۇرى گاراڭلىقى ھالىتىدە چوڭ بولۇپ، نەتىجىدە، ئاتالمىش خاسلىق نامىدىكى بىر قاتار ناچار ئىستىل ۋە قاراشلارنى قوبۇل

قىلىۋالماقتا. شۇنداقلا ياشلىرىمىزنىڭ كۆپلىرى خاسلىقنىڭ ئەسلىدىلا ئۆزلىرىدە يېتىلىدىغان نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلمەي، ئۇنى قەستەن پەيدا قىلىدىغان «غەيرىلىك»، ئەسلىدىكى ئۆزىگە ئوخشىمايدىغان بىر يېڭى «ئۆزى»نى يارىتىش دەپ قارىغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىرقى مېدىيىلەر (ئاخبارات ۋاستىلىرى)نى قاپلىغان «دەرھال خاسلىق يېتىلدۈرمىسىڭىز مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايسىز» دېگەن ۋەز ـ نەسىھەتلەرنى ئاڭلاۋەرگەچكە، ئالدىراپ ـ تېنەپ ئۆزىگە جۈملىدىن پۈتكۈل مىللەتكە يات بولغان ھەرقانداق نەرسىگە ئۆزىنى ئاتماقتا. بۇ ئۇچىغا چىققان نادانلىق. ئالدى بىلەن، بۇ خاسلىق ھاسىل قىلىش ئەمەس، بەلكى باشقىلارنى قارىسىغا دوراپ ئۆز خاسلىقىنى يوقىتىش. ئۆزگىچە يۈرۈۋاتىمەن دەپ ئويلايدىغان ياش غوجام ۋە خېنىملارنىڭ كىيىۋاتقان يېرىم يالىڭاچ ياكى جىنسىي جەلپكارلىقنى قوزغايدىغان كىيىم پاسونلىرى ئەجەبا ئەسلىي يەر شارىدا يوقمىدى؟ ئۇلار غەربلىكلەرنى كۆرۈپ دورىغان بولمايدۇ، ئۆزلىرى ئىجاد قىلىشىپتىمۇ؟ ئاتالمىش «ئۆزگىچىلىك» چىقىرىپ ئۇسسۇل ئوينايدىغان قىز ـ يىگىتلەر ئاشۇ شەھۋانىي تۈستىكى ھەرىكەتلەرنى قانداق پەيدا قىلىشتى؟ ئەجەبا ئۇ نەرسىلەر غەرب مەدەنىيەت سىستېمىسىدىكى خەلقلەرنىڭ ئورتاقلىقلىرى ئەمەسمۇ؟ ماقۇل، ئۇلار بىزدەك غەربچە تۇرمۇش قارىشى ۋە ئۇسۇلدا ياشاپ كۆنمىگەن خەلق ئىچىدە تۇرۇپ، ئۇ ئاجايىپ ـ غارايىپ نەرسىلەرنى ئەڭ بۇرۇن دوراپ ئۆگىنىۋالغانلىقى ئۈچۈن بىزگە ئۆزگىچە، ئايرىمىغىنا تەسىر بېرەلىدىمۇ دېيلى، شۇنىڭ بىلەنلا ئۇنىڭ خاسلىقى شەكىللىنىپ كېتەمدۇ؟ ئۇنداق بولۇشى ناتايىن. چۈنكى خاسلىق ياكى ئىندىۋىدۇئاللىق ئاسانلىقچە شەكىللىنىپ قالىدىغان نەرسە ئەمەس، ئۇ دۇنيا قاراش، قىممەت قاراش، ئېتىقاد، مۇددىئا، ئىقتىدار، ئەخلاق، پەزىلەت قاتارلىقلارنىڭ چەكلىشىگە ئۇچرايدۇ. شۇلارنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە شەكىللىنىدۇ. شۇڭا بىر ئادەمدە قانداق ئېتىقاد، قىممەت قاراش، ئەخلاقىي قاراش ۋە مۇددىئا ـ مەقسەت، مىجەز ـ خاراكتېر بولسا شۇنداق تۈستىكى خاسلىق يېتىلگەن بولىدۇ. بىز ھېچقاچان مۇسۇلماندارچىلىقى چىڭ، ئەخلاقىي قارىشى مۇكەممەل كىشىلىرىمىزنىڭ نومۇس ۋە ئەدەب چەكلىمىسىدىن چىقىپ كېتىدىغان سۆز ۋە ھەرىكەتلەردە بولغىنىنى كۆرۈپ باقمىدۇق. شۇنداقلا كىچىكىدىنلا تەربىيىسى ياخشى بولمىغان، توغرا ـ خاتا، ھەق ـ ناھەق تۇيغۇسى ئاجىز ياشلىرىمىزنىڭ ئاشۇنداق ناچار قىلىقلارنى قىلىشتىن باشقا، باشقىلارغا ئىجابىي تەسىر بەرگۈدەك بىرەر ياخشى ـ ئىجابىي يولنى ئۆزلىكىدىن تېپىۋالغانلىقىنىمۇ كۆرۈپ باقمىدۇق. مۇنداقلار ئاساسەن بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغاندەك مىللىي ئەخلاقىمىزنى سېتىش، مىللىي مەدەنىيىتىمىز ۋە ئېتىقادىمىزنى بۇلغاش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغاندىن باشقىنى قىلالمايدىغانلاردۇر. بۇ ئىككى خىل كىشىلەرنىڭ قارىماققا تاشقى قىياپىتى جەھەتتىلا پەرقى باردەك، بۇ بىر ئاددىي ئوخشىماسلىقتەك كۆرۈنىسىمۇ، لېكىن خاسلىق ئۇقۇمىنىڭ مەنىسى بويىچە سۈرۈشتۈرگەندە، ئۇلار ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل قىممەت قاراش ۋە ئىدىيىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

غەرب ئەزەلدىن بىزگە ئوخشىماي كەلگەن دۇنيا. ئۇلارنىڭ تارىخىدا خىلمۇخىل پەلسەپىۋى پىكىر ئېقىملىرى، دىن ـ ئادەملەرنىڭ كۆڭلى ئازار يېگەندە تەسەللى ئورنىغا ئىشلىتىدىغان نەرسە دېيىدىغان دىنسىزلىشىش قاراشلىرى، ئەخلاق ـ ۋاقتى ئۆتكەن تاشلاندۇق دېيىدىغان ئىدىيىلەر، جىنسىي پائالىيەت تاماققا ئوخشاش كۆڭلى خالىسىلا ھەرقانداق ۋاقىت ۋە ئورۇندا ھەرقانداق ئوبيېكت بىلەن قىلسا بولۇۋېرىدۇ، دېيىدىغان خاھىشلار مەيدانغا كەلگەن، ھەممە بۇ ئىدىيىلەر نەزەرىيىلەشتۈرۈلۈپ، ئىنقىلاب خاراكتېرلىك تەشەببۇس ھەرىكەتلىرىمۇ بولۇپ ئۆتكەن. شۇ ئارقىلىق كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ خالىغانچە بۇزۇقچىلىق قىلىشى، ئاچكۆزلۈك، ياۋۇزلۇق، ئىنسابسىزلىق قىلىشى ئۈچۈن مەلۇم نەزەرىيىۋى ئاساسلارنىمۇ تۇرغۇزۇشقان. مەسىلەن، ئامېرىكىنىڭ داڭلىق ئايال كىنو چولپىنى مادوننا بىر قېتىم سەھنىدە تاماشىبىنلارنىڭ تەلىپى بويىچە ئالقانچىلىك كەلمەيدىغان (ئەۋرىتىنىمۇ تولۇق ياپالمايدىغان) كوسىرىنى تىزىغا چۈشۈرۈپ، تاماشىبىنلارغا كەينىچە تۇرۇپ، گىرىم قىلىنغان ئەۋرىتىنى كۆرسەتكەندە، كىشىلەر: «پاھ، بىز زامانىۋى دۇنيادىكى ھەقىقىي زامانىۋى گۈزەللىكنى كۆردۇق» دېيىشىپ خۇشھال بولۇپ توۋلاشقان. ھېچكىم ئۇنىڭدىن نەپرەتلەنمىگەن. ئۇنىڭدىن باشقا ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىكى بىر نەچچە دۆلەتتە ئېچىلغان «جۈرە ئالماشتۇرۇپ ئويناش كۇلۇبلىرى» ۋە ئوخشاش جىنسلىقلارنىڭ توي قىلىشىنىڭ قانۇنلاشتۇرۇلۇشى غەربنىڭ بەزى پەيلاسوپ، پسىخولوگ ۋە جەمئىيەتشۇناسلىرى تەرىپىدىن تەھلىل قىلىنىپ، لوگىكىلىق ئۇسۇل بىلەن توغرىلىقى «كىشىنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە» ئىسپاتلاپ چىقىلدى. ئۇلار نېمىشقا بىزنى «تۇۋا» دېگۈزۈدىغان شۇنچە ئىشلارنى شۇنداق ئوڭۇشلۇق قىلالايدۇ؟ سەۋەب شۇكى، ئۇلارنىڭ بۇ ئىشلارنى قوللايدىغان ئورتاق قىممەت قاراش ئاساسى بار. ئۇلارنىڭ قىممەت قارىشى ئۇ ئىشلارنى خاتا دېمەيدۇ، ئەكسىچە ياقلايدۇ. قىممەت قاراش ئىنسانلارنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنى ئۆلچەيدىغان، بۇ توغرامۇ خاتا دەپ كەسكىن ئايرىيدىغان ئۆلچەمدىن ئىبارەت. غەربلىكلەرنىڭ قارىشىدا ئادەم پۈتكۈل ئالەمنىڭ خوجىسى، ئۇنىڭدىن ئارتۇق نەرسە يوق. ئادەم تۈرلۈك ئاماللار بىلەن ئۆزىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە كۆپ ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرۈشى، ئۇنىڭغا توسالغۇ بولىدىغان ھەرقانداق دىنىي ۋە ئەخلاقىي قاراشلار بولماسلىقى كېرەك. مۇشۇنداق بولغاچقا، ئۇلار ئەقىل ۋە خىياللىرىنى ھېچقانداق توسقۇنسىز ھالدا ئۆز ئىختىيارلىرىغا قويۇۋېتىشكەن، ھەر بىر ئادەم پەقەت ئۆز ئەقلى ۋە خىيالىنىلا مەركەز قىلىپ، دۇنيا ۋە ئۇنىڭ قىسمەتلىرى ھەققىدە ئۆز ئالدىغا كۆز قاراش شەكىللەندۈرۈشكەن. نەتىجىدە تۈرلۈك ـ تۈمەن كۆز قاراش ۋە ئىدىيە، قىممەت قاراش بارلىققا كەلگەن. ئەمما بۇلارنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى، يەنىلا بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان دىنسىزلىق، ئەخلاقسىزلىق، جىنسىي ئەركىنلىك ۋە پەقەت ماددىي مەنپەئەت كۆزلەشتىنلا ئىبارەت. شۇنداق بولغاچقا، ئۇلار بارغانچە بىر تۇتاش مەنىۋى تۈۋرۈكتىن ئايرىلغان ھالدا بىر ـ بىرىگە ماددىي ئالاقىدىن باشقىغا بېقىنمايدىغان ئايرىم گەۋدىلەرگە ئايلىنىپ، بىر ـ بىرىدىن پۈتۈنلەي ياتلاشقان. تەنھالىق، ئىشەنچسىزلىك ۋە ئاخىرىدا ھازىرقىدەك قورقۇش بىلەن تولغان روھىيەت كرىزىسىغا پاتتى. مانا بۇ ئۇلارنىڭ نەچچە ئەسىرلىك مەنىۋىيەت تارىخىنىڭ خۇلاسىسى. ئەمدى ئۆزىمىزگە كەلسەك، بىزنىڭ قىممەت قاراش ياكى ئۆلچىمىمىز ئىسلام پەلسەپىسى ۋە ئۇزۇن يىللىق مىللىي تارىخىي مەدەنىيەت ئەنئەنىمىز ئاساسىدا شەكىللەنگەن باشقىچە بىر سىستېما ۋە ئۆلچەم بولۇپ، ئۇ ئەخلاق ۋە ئەقىلنى تەڭ تەكىتلەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز تارىخىمىزدا ھېچقاچان غەربلىكلەرنىڭكىگە ئوخشايدىغان تارىخىي، ئىجتىمائىي كەچۈرمىش ۋە مەدەنىي ھايات ئىچىدە ياشاپ باقمىدۇق. شۇڭا بىز ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنىڭ ماھىيىتىنى ئۇقمايلا خالىغانچە دورىيالمايمىز. ئۇلاردىن ئۆگەنگەندە ھەر دائىم «ئۇلارنىڭ بۇ قاراش، ئىدىيە ۋە ئۇسۇللىرى بىزگە ماس كېلەمدۇ ـ يوق» دەپ دەڭسەپ كۆرۈشكە، ئۆزىمىزنىڭ سالاھىيىتىمىز ۋە ئوخشىماسلىقىمىزنى ياد ئېتىپ تۇرۇشقا مەجبۇرمىز. بولۇپمۇ ھازىرقىدەك غەرب مېدىيىلىرى (ئاخبارات ـ تارقىتىش ۋاستىلىرى) ئۆز ئۈستۈنلۈكىگە تايىنىپ كۈچەپ ئۆز قىممەت قارىشىنى تەشۋىق

قىلىۋاتقان پەيتتە بۇ جەھەتتە ئالاھىدە سەزگۈر بولۇشىمىز، ئاگاھ بولۇپ قالماس-
لىقىمىز كېرەك، ئەلۋەتتە. دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدىن قارىغاندا، ئوخشاشلىق
يوقىلىشتىن، پەرق مەۋجۇدلۇق ۋە ھاياتلىقتىن دېرەك بېرىدۇ.بىز غەربلىكلەرگە
ئوخشاش يوسۇندا بولۇشنى قوغلاشتۇق دېگەنلىك، ئۆزىمىزنى يوقىتىشقا ئات-
لاندۇق، دېگەنلىكتۇر. ئەسلىدە ھەر بىرىمىز مۇشۇ مىللىي پەرقىمىزنى ساقلاپ
قېلىش، ئۆز مىللىي ئالاھىدىلىكىمىزنى قوغداش ۋە راۋاجلاندۇرۇشىمىز كېرەك
ئىدى. لېكىن ھازىر ياشلىرىمىزنىڭ خېلى كۆپ ساندىكىلىرى ئالغان تەربىيە-
سىنىڭ ناباب بولۇشى تۈپەيلىدىن ئۆزىنىڭ كىملىكىنى، قايسى توپقا، قايسى
مەدەنىيەت سىستېمىسىغا تەۋە ئىكەنلىكىنى تېخىچە ئېنىق پەرق ئېتەلمەيۋاتىدۇ.
شۇڭا، يەگگىلتەكلىك بىلەن ئاتالمىش «خاسلىق ياراتماقچى» بـولـۇپ يـاكى
يۇرتىنىڭ ئۆچىنىلا كۆرۈشتەك شەخسىي مەنپەئەت ۋە بىردەملىك ھۇزۇرىنىلا
دەپ ئۆزىنى ئەخلاقسىز، ناچار ئىستىل ۋە ئادەتلەرگە ئۇرۇپ، بىر تەرەپتىن
ئۆزىنىڭ روھىي دۇنياسىنى چىرىتسا، يەنە بىر تەرەپتىن مىللىي خاسلىقىمىزنىڭ
ئوبرازىغىمۇ خۇنۇك تەسىر بەرمەكتە.

ئەمەلىيەتتە، مەلۇم بىر ساغلام خاسلىق مەلۇم بىر توپنىڭ پۈتكۈل مەدەنىي
ھاياتى ئىچىدىكى ئىجابىي تەرەپلەرنى ئاساس قىلغان ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرغان
ئاساستا بارلىققا كەلگەن بولىدۇ. مۇشۇنداق شەكىلدە ۋە تۈستە بارلىققا كەل-
مەيدىكەن، ئۇ شۇ شەخس تەۋە بولغان مىللىي توپنىڭ خاسلىقىنى دەپسەندە
قىلغان بولىدۇ. بۇ ھەقتە يېقىندا تىلغا ئېلىنغان نوپۇزلۇق كىتاب «پسىخو-
لوگىيە، چوڭ مېڭە، ئادەم ۋە دۇنيا»دا: «ئىندىۋىدۇئال خاسلىق ھەرقايسى
مەدەنىيەتلەردە شۇ مەدەنىيەت ۋە قىممەت سىستېمىسى ئىچىدىكى بـەكـرەك
قەدىرلىنىدىغان، قىممىتى يۇقىرىراق دەپ قارىلىدىغان خاراكتېر ئامىللىرىغا
يۈزلەنگەن بولىدۇ» ⑨ كۆرسىتىلگەن. مۇتەپەككۇر كۇڭزىـنىـڭ ئـادەم ۋە
جەمئىيەت ھەققىدىكى مەشھۇر بايانىمۇ بۇنىڭغا يېقىن كېلىدۇ. ئۇ مۇنداق دې-
گەن: «ئادەم شەخس ← ئائىلە ← كىچىكرەك كوللېكتىپ ياكى مەھەللە←
ئىجتىمائىي چوڭ توپ ياكى مىللەت (ياكى دۆلەت)تىن ئىبارەت قاتلاملىق مۇ-
ناسىۋەت ئىچىدە ياشايدۇ. شەخس ئۆزىنى ياخشى سۈپەتكە ئىگە قىلسا ئائىلە
ياخشى بولىدۇ. شۇ بويىچە تەسىر كۆرسىتىپ ئاخىرىدا چوڭ توپ مىللەت ياكى
دۆلەتمۇ ياخشى سۈپەتكە ئىگە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىجتىمائىي توپ
ئائىلىگە، ئائىلە شەخسكە ئەكس تەسىر كۆرسىتىپ چەكلەپ تۇرىدۇ» ⑩ . بۇ
بويىچە بولغاندىمۇ شەخستىكى خاسلىقلار يىغىلىپ بىر توپ ـ بىر مىللەتنىڭ
خاسلىقىنى بەلگىلەيدۇ. چوڭ توپنىڭ خاسلىقى يەنە كېلىپ شەخستىكى خاسلىق
خاراكتېرىنى چەكلەيدۇ. خاسلىق مەسىلىسىدە بۇ تەرەپلەرگە دىققەت قىلمىغان
چاغدا ئىجابىي، ساغلام، پايدىلىق خاسلىق شەكىللەندۈرەلمەيلا قالماي، بەزىدە
تۆۋەندىكىدەك ئېچىنىشلىق ئەھۋالغا قالىدىغان ئىشلارمۇ بولىدۇ: «خاسلىق
يېتىلدۈرۈش يالقۇنى قەلبىدە ئوت بولۇپ يانغان بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچى-
سى ئۆزگىچىلىك يارىتىشنى چاچ ئۆزگەرتىشتىن باشلاپتۇ. دەسلەپتە توق قىزىل
رەڭدە بوياپ، باشقىلارنىڭ دىققىتىنى بىر مەزگىل جەلپ قىلغان. كېيىن كىشى-
لەرنىڭ دىققىتى سەل سۇسلاشقانلىقىنى كۆرۈپ كۆك رەڭدە بوياتقان. ئەمما بۇ
چاغدا ئۇنىڭ چېچى كۆك رەڭگە كىرمەستىن بەلكى ئارىلاشما رەڭ ھالىتىگە
كىرىپ قالغان. بىر مەزگىل قايتا ـ قايتا بويىتىپ چىقىپ، كۆك قىلالمىغاندىن
كېيىن بىراقلا يېشىل رەڭگە بوياتقان. نەتىجىدە ئۇنىڭ چېچى تېخىمۇ ئەبجەش
بىر رەڭگە كىرگەن. ئۇ ئەمدى بولدى قىلىپ مۇشۇمۇ بىر خاسلىققۇ، مەن ئۇ-
زۇمگە ئىشەنسەملا باشقىلارمۇ ماڭا ئىشىنىدۇ، دەپ بىر مەزگىل مەغرۇرلىنىپ
يۈرگەن. لېكىن بىر كۈنى ئۇ تۇساتتىن ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ كەشپىياتى ئۆزىگە ئە-
جابىي نەتىجە، ئىجتىمائىي قىممەت ئېلىپ كەلمەستىن، بەلكى كىشىلەرنىڭ سوغۇق
ۋە مازاق نەزىرىدە تىكىلىپ قارىشىغىلا ئېرىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ،
چېچىنى يۇتۇنلەي چۈشۈرتىۋەتكەن. ئەمما بۇنىڭ بىلەن ئۇ غەمدىن خالاس
بولالماستىن، ئەكسىچە تېخىمۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالغا قېلىشنى نەدىن بىلسۇن؟
ئەسلىي ئۇنىڭ بېشىنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىدە چاچسىز ـ تاقىر يەرلەر بار
ئىكەن، ئاشۇ تىنىمسىز بوياش جەريانىدا بۇ چاچسىز يەرلەردىكى تېرىلەر قى-
زىل، كۆك، يېشىل رەڭلەرنى ئىچىپ تازا تويۇنغان. چاچ چۈشۈرۈۋېتىلگىنى
بىلەن تېرە چۈشۈرۈۋېتىلمىگەچكە، ئۇنىڭ بېشىدا رەڭگارەڭ چېكىتلەر مانا مەن
دەپ ئاشكارا بولغان. چەكسىز دەرد ـ ئەلەم ۋە خىجىللىققا پاتـقـان بـۇيـاش
كەچمىشلىرىنى ئېيتىپ ئىقرار قىلىپ مەتبۇئاتقا بېرىش ئارقىلىق ئازراق بولسىمۇ
روھىي يۈكىنى يەڭگىللەتمەكچى بولغان» ⑪ . مانا بۇ ئۆزىنىڭ روھىي دۇنيا-
سىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈپ باقماي، كىملىكىنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرماي،
مەدەنىيەت سالاھىيىتى بىلەن ھېسابلاشماي تۇرۇپلا خاسلىق يارىتىشقا ئاتلى-
نىشنىڭ ئاقىۋىتى توغرىسىدىكى بىر مىسالدۇر.

يۇقىرىقى بايان ۋە مىساللاردىن بىز خاسلىق خاراكتېرىنىڭ ھەرگـىـزمـۇ
ئادىيلا پەيدا بوپقالىدىغان، خالىغانچە سىناق قىلىپ پەيدا قىلىۋالىدىغان نەرسە
ئەمەسلىكىنى، بەلكى ئۇ بىر كىشىنىڭ تاشقى پائالىيەت ۋە كۆرۈنۈشـلـىـرى،
سۆز ـ ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ روھىيەت قاتلىمىدىكى چوڭقۇر تەرەپ-
لەر ـ ئېتىقاد ۋە دۇنيا قاراشلاردىن ئۇرغۇپ بېرەلەيدىغان نەرسە ئىكەنلىكىنى،
ئۇنىڭ ئۆزى تەۋە بولغان مەدەنىيەت مۇھىتىنى ئاساس قىلىپ، ئۇنىڭ چەكلە-
شىگە ئۇچرىغان ئاساستا شەكىللىنىدىغانلىقىنى بىلدۇق. بۇ بويىچە ھۆكۈم قىلى-
ساق، ماقالىمىزنىڭ بېشىدىكى 2 ـ تۈركۈم مىساللار قاتارىدا تىلغا ئالغان ئا-
تالمىش «خاسلىق»لار ۋە «خاسلىق» ھەققىدىكى قاراشلارنىڭ ئەجەللى-
خاتالىقىنى تولۇق تونۇپ يېتەلەيمىز. كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۇلار ھەقىقىي
خاسلىق بولالماستىن، ۋاقىتلىق قىزىقىش، ئەقىلسىزلىقتىن باشقىلارنى قارىغۇلارچە
دوراشتۇر. ئەكسىچە بولغاندا، ئۇ چوقۇم دۇنيا قاراش ۋە ئېتىقاد جەھەتتىن ئۆز
مىللىتى، ئەنئەنىسىگە قارشى يول تۇتقان ئازغۇنلارنىڭ خاسلىقىدۇر. بۇنداق
«خاسلىق»لار بىز چوقۇم ئۇزۇل ـ كېسىل قول ئۈزمىسەك، مۇرەسـسـەسىز
تەرك ئەتمىسەك بولمايدىغان «خاسلىق»لار، يەنى چىشى خاسلىقلاردۇر.

خاسلىق ھەققىدىكى ئىلمىي ۋە نەزەرىيىۋى مەنبەلەردىن بىز يەنە شۇنىڭ-
غىمۇ ئېرىشەلەيمىز: خاسلىقنى ھاسىل قىلىدىغان پسىخىك ئامىللار ئىچـىـدە
ئەخلاق، پەزىلەت، مىجەز، دۇنيا قاراش قاتارلىقلار بولۇپلا قالماي، يەنە ئىق-
تىدار ۋە قابىلىيەت ئامىللىرىمۇ بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ تەرىپى خېلى مۇھىم
ئورۇندا تۇرىدۇ. روبېرت ئەيلون يازغان «خاسلىق سىنىقى» دېگەن كىتابتا
ئادەمدىكى ئىندىۋىدۇئال خاسلىققا ئەستە تۇتۇش، كۆزىتىش، بايان قىلىش،
يېڭىلىقنى بايقاش قاتارلىق قابىلىيەت نۇقتىسىدىن ۋە كەسكىنلىك، باتۇرلۇق،
ئۆزىنى تۇتىۋېلىش، ساددىلىق، ۋاپادارلىق، سەممىيلىك، قەتئىيلىك، ھەرىكەت
بىلەن تەپەككۇرنىڭ مۇۋاپىق نىسبەتتە ئېلىپ بېرىلىش ياكى بېرىلماسلىقى، ئە-
قىلنى ئاساس قىلىدىغان ياكى ھېسسىياتنى ئاساس قىلىدىغانلىقى قاتارلىق خا-
راكتېر ـ ئالاھىدىلىكلەر نۇقتىسىدىن نومۇر قويۇپ باھالاش ئېلىپ بېرىلغان.
ئەستە تۇتۇشى ياخشى، يېڭىلىق يارىتىش روھىغا باي، كـەسـكـىن، بـاتـۇر،

ھېسسىياتنىڭ كەينىگە كىرمەي ئەقىل بىلەن ئىش قىلىدىغان، ۋاپادار، سەممىي،
ئەخلاقلىق، ئىرادىلىق كىشىلەر يۇقىرى نومۇرغا ئېرىشىپ، خاسلىق خاراكتېرى
كۈچلۈكلەر، دېيىلگەن. يۇقىرىقى تەرەپلەردىكى ئالاھىدىلىكلەرنىڭ تۆۋەنلىشە-
شكە ئەگىشىپ، ئالغان نومۇرىمۇ تۆۋەنلەپ، ئىرادىسى بوشاڭ، ئەقىدىسىز،
ھېسسىياتقا ئەقلىنى تېگىشىۋېتىدىغان، قورقۇنچاق، ئەخلاقسىز، ۋاپا ـ سادا-
قەتسىز كىشىلەر ئەڭ تۆۋەن نومۇر ئېلىپ، خاسلىقى ئاجىزلار ياكى يوقلار،
دېيىلگەن ⑫ . بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، بىر ئادەمنىڭ خاسلىق
جەھەتتە كۈچلۈك بولۇشى ئۈچۈن ھەم ئەقىل ـ پاراسەتلىك، قابىلىيەتلىك بو-
لۇشى، ھەم ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك، راستچىل، باتۇر، ۋاپادار بولۇشى كېرەك.
ئەلۋەتتە، بۇ يەردە دېيىلۋاتقان كۈچلۈك خاسقلار ئىجابىي، پايدىلىق بولغان
خاسلىق خاراكتېرىنى كۆرسىتىدۇ. ئاجىز خاسلىقلارنى ئەگەر بىر خاسلىق مۇ-
پىتىدە ئاتاشقا توغرا كەلسە، ناچار ـ سەلبىي خاسلىقلارنى كۆرسىتىدۇ، دېيىش
كېرەك.

بىز ئۆز مەدەنىي مىراسلىرىمىزغا قارىساق، ئىجابىي، كۈچلۈك دېيىلۋاتـ-
قان بۇ خاسلىقلارنىڭ كونكرېت تەلەپلىرىنىڭ بىزدە ئەزەلدىن تەكىتلىنىۋاتقان
ئاساسىي تەلەپلەر ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. مەسىلەن، يۈسۈپ خاس ھاجىپ
«قۇتادغۇبىلىك»نىڭ 115 كۇپلېتىدا ئەقىل ـ پاراسەت ھەققىدە: «ئەقىللىق
ئۇقار ئول، بىلىملىك بىلۇر، بىلىملىك، ئەقىللىق تىلەككە يېتۇر» دېسە، با-
تۇرلۇق ھەققىدە 864 ـ كۇپلېتتا: «چىقار يۈرەكنى ئالقاندا تۇتۇپ، ئۇياتماي
يۈرەلسە ئەلنى كۆرۈپ» دەپ يازغان. تەمكىن، ئېغىر ـ بېسىقلىق، ھېسسى-
ياتنىڭ كەينىگە كىرمەسلىك توغرىسىدا: «بېسىقلىق، سىلىقلىق ئاقىل خۇلقى
ئول، ئەقىلسىز كىشىلەر تامام يىلقى ئول» دەپ يازسا، ۋاپادارلىق ھەققىدە:
«ئەقىللىق، ۋاپادار ئەر ئېسىل ئىرۇر، كىشىلەر ئۈچۈن ئۇ جان پىدا قىلۇر»
دەپ يازغان ⑬ . «خاسلىقى يوق مائارىپ ـ مەغلۇب بولغان مائارىپ» دەپ
شوئار تۇۋلىغان «بىز ئىزدەۋاتقان مائارىپ» دېگەن كىتابتا خاسلىقنىڭ قاند-
داق بولۇشى، ئۇنى قانداق يېتىلدۈرۈش ھەققىدە «ھەر كىم ئۆزىنىڭ قىزد-
قىشى ۋە قابىلىيىتىنى تولۇق بايقاپ، شۇ جەھەتتە تەربىيىلىنىشى، ئەخلاقىي
جەھەتتىن ئېسىل، خاراكتېر جەھەتتىن ئىرادىلىك بولۇشى كېرەك» ⑭ دەپ
ئوتتۇرىغا قويۇلغان. دەۋر تەلەپ قىلىۋاتقان خاسلىق مانا مۇشۇ. بىزگە كې-
رەك خاسلىقلارمۇ مانا شۇ. بىز بۇلاردەك خاسلىقلارنى ھەقىقىي ئەركەكتەك
خاسلىقلار، دەيمىز. غەرب، شەرق مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئورتاق بىر خۇلاسىسى
شۇكى، مۇكەممەل بىر ئادەمنى خاسلىق ئەقىللىق كاللا، ئەتراپىدىكى كىشىلەر
يەنى مەدەنىي مۇھىت قوبۇل قىلالايدىغان، گۈزەل دەپ قارىلىدىغان تاشقى
قىياپەت ۋە شۇ قىممەت قارىشىدىكى ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەتتىن تەركىب
تاپقان بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئەقىل ئامىلى دۇنيا بويىچە ئوخشاش ئۆلچەمدە
ئۆلچەنسىمۇ، لېكىن قالغان ئىككى ئامىل ئوخشاش بولمىغان ئۆلچەم بىلەن
ئۆلچىنىدۇ. شۇڭا ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت تۈركۈمىنىڭ خاسلىقنى بەلـ-
گىلەيدىغىنى ئاخىرقى ھېسابتا ئاشۇ ئىككى ئامىل بولىدۇ. ئومۇملاشتۇرۇپ
ئېيتقاندا، كۈچلۈك، ئىجابىي، ئەركەك خاسقلارنى يېتىلدۈرۈشتە ئەقلىي قابـ-
لىيەت، ئېتىقاد، ئەخلاق ئامىللىرى ئورتاق رول ئوينايدۇ. شۇنداق دېيىش
كېرەككى، ئوسمان ئەمەت، ئابدۇرېھىم ھېيت، ئايشەم قېيۇم، رىسالەت ھا-
پىزلارنىڭ مۇقام ـ ناخشىچىلىق ساھەسىدە بۇنداق شۆھرەتلىك خاسلىق ـ ـ
ئۆزگىچىلىكنى شەكىللەندۈرەلىشى، ئۇلارنىڭ ناخشىغا بولغان تۇغما مايىللە-
قىدىنلا ئەمەس، بەلكى يەنە پاكىز مىللىي روھى، تالانتى، تىنىمسىز ئىزدىنىشى
(مەسئۇل مۇھەررىردىن تولۇقلىما)، تىرىشچانلىقى، جاپالىق مەشىق ئارقىلىق
ناخشا ئېيتىش سەنئىتىنى توغرا ۋە مۇكەممەل ئىگىلىشى، ئاندىن يەنە توغرا
كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەتنى
يېتىلدۈرگەنلىكى قاتارلىق بىر نەچچە تەرەپنىڭ ئورتاق رول ئوينىشىدىن
بولغان. ئادىل ھوشۇر، ئابدۇرەھمان ئابلىكىم، مەمتىمىن ھوشۇر، خالىدە
ئىسرائىل ۋە باشقا ئىجابىي، ئەركەكتەك خاسلىق يارىتىۋاتقان مۇنەۋۋەرلىرد-
مىزنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىمۇ خاسلىق ھەققىدىكى قاراشلىرىمىزنىڭ دەلىلىدۇر.

قىسقىسى، ھەر بىر مەدەنىيەت تۈركۈمىدە پايدىلىق ـ ئەركەك خاسلىقلار-
مۇ، ناچار ـ چىشى خاسلىقلارمۇ بولىدۇ. خاسلىق بىر ئادەمنىڭ پۈتكۈل رو-
ھىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ تاشقى ئىپادىلىنىشى بولۇپ، ئۇ مۇرەككەپ ۋە چوڭقۇر
مەزمۇنلۇق بولىدۇ. ئاددىي بولماستىن دۇنيا قاراش، ئەخلاقىي قاراش، ئىقتىدار،
قابىلىيەت قاتارلىقلارغا چېتىشلىق بولىدۇ. ئۇنى شۇ شەخس ئۆسۈپ يېتىلگەن
مەدەنىي مۇھىتنىڭ قىممەت قاراش ئۆلچىمى بويىچە ياخشى ـ يامان، ئەر-
كەك ـ چىشى، دەپ ئايرىشقا بولىدۇ ھەم شۇنداق قىلىش زۆرۈر.

## پايدىلانغان مەنبەلەر


① «ئوكسفورد ئىنگلىزچە ـ خەنزۇچە قوش چۈشەندۈرۈشلۈك لۇغەت»، ئوكسفورد نەشرىياتى 4 ـ نەشرى، سودا كىتاب بېسىش ئورنى 1997 ـ يىل نەشرى.

② «ئوكيانوس»، 3 قىسىملىق، شاڭخەي ئوكيانوس نەشرىياتى 1989 ـ يىل نەشرى.

③ «خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە چوڭ لۇغەت»، 2 قىسىملىق.

④ ، ⑥ «ئىندىۋىدۇئال پەزىلەتلەرنىڭ شەكىللىنىشى ھەققىدە نەزەرىيە ۋە ئىزدىنىش»، خۇاڭ شىتىڭ تۈزگەن، شىنخۇا نەشرىياتى 2004 ـ يىل ئىيۇل نەشرى.

⑤ «ئالىي مەكتەپ پسىخولوگىيە دەرسلىكى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1995 ـ يىل فېۋرال نەشرى، 2 ـ بېسىلىشى.

⑦ «ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا 11 تۈرلۈك نەسىھەت»، جەڭ ۋېلچ تۈزگەن، نېفىت سانائەت نەشرىياتى 2004 ـ يىل ئىيۇل خەنزۇچە نەشرى.

⑧ ، ⑨ «پسىخولوگىيە، چوڭ مېڭە، ئادەم ۋە دۇنيا» تۈزگۈچى ستىفىن. م. كوسلىن بىلەن روبىن. س. روسېنبېرگ، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2004 ـ يىل ئىيۇل نەشرى (ئىنگلىزچە نەشرى).

⑩ «جۇڭگونىڭ يولى»، 2001 ـ يىلى نەشر قىلىنغان، خەنزۇچە نەشرى.

⑪ «چاچ بوياش» ناملىق ماقالە، «ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش» ژۇرنىلى 2003 ـ يىل 10 ـ سان، ئىنگلىزچە نەشرى.

⑫ روبرت ئېيلون: «ئىندىۋىدۇئاللىق سىنىقى»، ئۈمىد نەشرىياتى 2004 ـ يىل ئاپرېل خەنزۇچە نەشرى.

⑬ مۇھەممەد ئوسمان ھاجىم: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەدەب ـ ئەخلاق تەربىيىسى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2003 ـ يىل دېكابىر نەشرى.

⑭ «بىز ئىزدەۋاتقان مائارىپ»، نەلئەت قادىرىي تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 ـ يىل سېنتەبىر نەشرى.


---


ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات كەسپى بويىچە ماگىستىر ئاسپىرانتى



# سېرىق ئۆگۈز ۋادىسىدىكى نەۋرۇز شەيدالىرى

دىلئارام قۇربان

گەپنى يەنىلا ئالىي مەكتەپكە كەلگەن تۇنجى يىلىمدىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

سېرىق ئۆگۈز (خۇاڭخې دەرياسى) بويىدىكى شەھەر لەنجۇدا ھاۋا ئىللىپ، تەبىئەت گۈل - چېچەككە پۈركۈنۈشكە باشلىغان كۆكلۈك باھار كۈنلىرىنىڭ بىرىدە غەربىي شىمال مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەيدانى ئۆزگىچە بىر كۆرۈنۈشتىن ئاجايىپ جانلىنىپ كەتتى. مەيداندا مەكتەپتىكى بارلىق ئۇيغۇر ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار چەمبەر شەكلىدە تىزىلىپ «ھە، ھۇم!» دېيىشىپ ساماغا چۈشۈپ كەتكەنىدى. «پاھ، يېگىلىققۇ بۇ!» دېيىشىمۇ، بۇ ئىچكى ئۆلكىگە نىسبەتەن تولىمۇ ھەيران قالارلىق بىر يېڭىلىق ئىدى. مەن بەكلا ھەيران قالدىم. بۇندىن بۇرۇن بۇ مەيداندا ھەر جۈمە كۈنى تىبەت ساۋاقداشلار ئۇنىئالغۇدا تىبەتچە ناخشىلارنى ئۇنلۇك قويۇۋېلىپ ئۆز ئۇسسۇللىرىغا چۈشۈپ كېتەتتى. خەنزۇ قاتارلىق باشقا مىللەتلەرنىڭ ستودېنتلىرى ئۇلارنىڭ ئارقىسىغا تىزىلىپ گىمناستىكا ئوينىغاندەك بىر ھەرىكەتلەرنى قىلىپ ئۇلارنى دوراپ سەكرىشەتتى. بۈگۈنكى بۇ كارامەتنى كۆرۈڭ. مەن گەرچە قەشقەرگە بېرىپ باقمىغان بولساممۇ، كۆز ئالدىمدىكى بۇ كۆرۈنۈش ماڭا خۇددى ھېيتگاھ مەيدانىدىكى سامادەك كۆرۈنۈپ كەتتى. مەيداندىكى بالىلار خەنزۇ تىلى فاكۇلتېتىنىڭ يۇقىرى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان قەشقەرلىك ساۋاقداشلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ساماغا دەسسەيتتى. «ئوڭغا، سولغا، سەكرە، چۆرگىلە...» دېگەن كوماندا ئاۋازى ئىچىدە رەتسىز قەدەملەر بارا - بارا رەتكە چۈشەتتى، قوپال ھەرىكەتلەر سىلىقلىشىپ، ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنىڭ نەپىسلىكى ئەكس ئېتەتتى. مەن ھاياجانلانغىنىمدىن يېنىمدىكى قىز ساۋاقداشىمدىن: «بىز قىزلار مەيدانغا چۈشۈپ ئويناساقمۇ بولامدۇ؟» دەپ سورىدىم. «بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى قىز ساۋاقدىشىم. «نەۋرۇز پائالىيىتىدە بىز قىزلار مەيداندىكى كەيپىيات ئەۋجىگە چىققاندا چۈشۈپ ئوينايمىز، مەشىق قىلغاندا چۈشۈۋالساق تەرتىپنى بۇزۇپ قويىمىز» دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ. «نەۋرۇز؟ بىز نەۋرۇز قىلامدۇق؟» دەپ سورىدىمەن خۇشاللىقىمنى باسالماي. «ھەئە، سىز تېخى بىلمەمسىز؟ ھەر يىلى نەۋرۇز كەلگەندە بايرام قىلىمىز، ھەرخىل نومۇرلارنى تەييارلايمىز، بەك قىزىيدۇ» دېدى ئۇ. «ھە، مۇنداق يېڭىلىقلارمۇ بار ئىكەندە. ئالىي مەكتەپ ھاياتى ھەقىقەتەن ئاجايىپ كۆڭۈللۈك ئىكەن» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە.

مانا، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈدىغان كۈنلىرىم يېقىنلاپ قالدى. مۇشۇ جەرياندا سېرىق ئۆگۈز ۋادىسىدا - لەنجۇدىكى غەربىي شىمال مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا بولسۇن، مەيلى قەدىمىي شەھەر شىئەندىكى شىئەن قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تېبابەت ئىنستىتۇتىدا ئوقۇۋاتقاندا بولسۇن ئۇزۇلمەي ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان، ھەتتا بارغانسېرى بېيىپ -مول‌لىشىپ بېرىۋاتقان بەش قېتىملىق نەۋرۇز پائالىيىتىنىڭ قىزغىن ئىشتىراكچىسى ۋە ئاكتىپ پىدائىيلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدىم. مۇشۇ جەرياندا تەبىئەت بايرىمىمىز نەۋرۇزغا بولغان چۈشەنچەم، ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىق، قېرىنداشلارچە ھەمجەھەتلىكنىڭ كاتتا مەركىزى بولغان مىللىي ھېيت - بايراملىرىمىزنىڭ مىللىي كىملىكىمىزنى تونۇتۇشتىكى رولى ھەققىدىكى بىلىمىم بارغانسېرى چوڭقۇرلاشتى. گەرچە مەن ئۈرۈمچىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپلا ئىچكى ئۆلكىنىڭ تۇپرىقىغا قەدەم قويغان، مىللىي مەدەنىيەت ۋە ئۇيغۇر مۇھىتىدىن ئايرىلىپ ياشىغان بولساممۇ، نەۋرۇزدىن ئىبارەت بۇ پائالىيەتكە ئۈزۈلمەي

## نەۋرۇز خاسىيىتى

قاتنىشىش ۋە خالىس نەۋرۇز پائالىيەتچىسى بولۇش جەريانىدا نەۋرۇزنىڭ مەنىۋى قاتلىمىغا يوشۇرۇنغان مەدەنىيەت بۇلىقىدىن سۇ ئىچىپ، مىللىي مەدەنىيەت ۋە كىملىكىمىز ھەققىدىكى مەنىۋى تەشنالىقىمنى قاندۇردۇم.

قەدىمىي ۋە مەدەنىيەتلىك تارىخىمىز، خاس تىل ـ يېزىقىمىز، باشقا مىللەتلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىدىغان ئۆرپ ـ ئادىتىمىز، دىنىي ئېتىقادىمىز، يۇقىرى بەدەن ساپايىمىز ،كېلىشكەن قەددى ـ قامىتىمىز، پەخىرلىنىپ تۇرۇپ تىلغا ئالىدىغان «ئۇيغۇر» دېگەن مىللىي نامىمىز بار بىر مىللەت بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن «نەۋرۇز ـ يېڭى كۈن»دەك ئەسلىي ئۆزىمىزگە خاس ئەنئەنىۋى يېڭى يىل بايرىمىمىز، مىللىي، جۇغراپىيىۋى مەركەـ بايراملىرىمىز بار. بىزدىكى «يىل بېشى ـ نەۋرۇز بېشى» دەيدىغان، باھار يەنى كۈن بىلەن تۈننىڭ تەڭلەشكەن 21 ـ مارت كۈنى «قۇتلۇق يېڭى كۈن» ـ ئەنئەنىۋى يېڭى يىل بايرىمى بولۇپ، تارىختىن بۇيان بىزدە، بارلىق تۈركىي (تىللىق) قەۋملەر، ئەرەبلەر ۋە پارسىي زابانلىق خەلقلەردە ئەنئەنىۋى يېڭى يىل بايرىمى بوپكەلگەن. باھار بايرىمى (چاغان)مۇ ئەمەلىيەتتە خەنزۇ خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى يېڭى يىل بايرىمى بولۇپ، جۇڭگودىكى كۆپلىگەن مىللەت، جۈملىدىن ياپونىيە، چاۋشيەن، كورىيە، ۋېيتنام قاتارلىق ئەللەر تارىختىن بۇيان باھار بايرىمىنى يېڭى يىل بايرىمى سۈپىتىدە ئەزەلدىن ئۇلۇغلاپ، تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈپ كەلمەكتە.

بۇ قۇتلۇق بايرامنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى، ئەھمىيىتى ھەققىدە مەرھۇم جۇنەيد بەكرى، مەرھۇم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، ئىمىن تۇرسۇن، ئابدۇكېرىم رەھمان قاتارلىق ئالىم ـ ئەدىب ئاتىلىرىمىز مەخسۇس نوپۇزلۇق تەتقىقات ماقالىلىرىنى يېزىپ بىزنى قىممەتلىك بىلىم ۋە ئۇچۇر بىلەن تەمىنلىدى؛ بولۇپمۇ بىز ياش ئەۋلادلارنىڭ نەۋرۇز ھەققىدىكى ئىلمىي چۈشەنچىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇردى. شۇڭا نەۋرۇز ھەققىدە كۆپ توختالمىدىم. مېنىڭ ئۇقتىلىق سۆزلىمەكچى بولغىنىم، بۇ خاسىيەتلىك بايرامنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا كۆرسەتكەن تەسىرى. گەرچە مەن ئىچكى ئۆلكىلەردە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان بارلىق ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا ۋەكىللىك قىلالمىسامۇ، لەنجۇ ۋە شىئەندىن ئىبارەت ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار نىسبەتەن كۆپرەك ئىككى شەھەردىكى نەۋرۇز پائالىيىتىگە ئاكتىپ ئىشتىراك قىلغان ۋە قوشنا ئالىي مەكتەپلەردىكى نەۋرۇز پائالىيەتلىرى ھەققىدە ئاڭلاپ تۇرغاچقا، يازغانلىرىمنى ئىچكى ئۆلكىلەردىكى نەۋرۇز پائالىيىتىنىڭ ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا كۆرسەتكەن تەسىرى ھەققىدە يېزىلغان نىسبەتەن ئوبيېكتىپ بايان بولالايدۇ، دەپ ئويلايمەن.

ئىچكى ئۆلكىلەردە نەۋرۇز پائالىيىتىگە قاتنىشىش جەريانىدا تۇنجى بولۇپ ھېس قىلغىنىم، نەۋرۇز بىزنى ئىتتىپاقلاشتۇردى. گەرچە بىز ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار بولساقمۇ، ئۆز مەكتىپىمىزدە يۇرتلۇقلار بويىچە ئايرىلىشاتتۇق. ئەلۋەتتە ئالىي مەكتەپتە ھەممە ئوقۇغۇچى ئالدىراش، ئوتتۇرا مەكتەپتىكىدەك كۈندە بىر پارتىدا ئولتۇرۇپ، تەنەپپۇستا بىللە شوخلۇق قىلىدىغان ۋاقىتلار يوق. سىنىپلىرىمىزنىڭ ئارىلىقى يىراق، ياتاقلىرىمىز ھەر يەرلەردە. نەۋرۇز پائالىيىتى نەۋرۇزلۇق نومۇر تەييارلاش سەۋەبىدىن بىزنى بىر يەرگە جەم قىلدى. بىز ئىلگىرى ئۆزىمىزنى بەك ئازدەك ھېس قىلاتتۇق. بىز نەۋرۇز پائالىيىتى جەريانىدا يىغىلىپ ئۆزىمىزنىڭ ئاز ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدۇق. نەۋرۇزلۇق نومۇر تەييارلاش جەريانىدا ئوقۇش يىللىقلىرى ۋە يۇرت ئايرىمىي بىرگە ناخشا ئېيتتۇق، ئۇسسۇل ئويناپ، مۇئاشىرىمىز قىلىپ ئۇيۇلۇپ. ئويلاپ كۆرسەك، مەكتەپ ئىچىدىكى ھەممە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئۆزئارا تونۇشۇپ، بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك يېقىنلىشىپ قالدۇق.

ئىككىنچىدىن، نەۋرۇز ۋۇجۇدىمىزدا كۆمۈلۈپ ياتقان تالانتنى باي-قاتتى. ئارىمىزدىن يارامىلىق ناخشىچى، سازەندە، ئۇستۇن يازغۇچى، كورۇندىغۇچى، ھەممىنى كۈلدۈرەلەيدىغان نەۋرۇز بېشى، شائىر ـ شاگىرەلەر چىقتى. ئاڭلىساق، بېيجىڭدىكى ھەممە ئۇيغۇر جەم بولۇپ نەۋرۇز بايرىمى ئېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىدىكەن. گەرچە بىز بېيجىڭدىكىدەك ئەۋجىگە چىقىرالمىساقمۇ، بىللە ئوقۇيدىغان باشقا مىللەتلەردىن بولغان ساۋاقداش، مەكتەپداشلىرىمىز ئارىسىدا «كىم، قايسى مىللەتتۇ ئۇ، نېمە ئىش قىلىۋېتىپتۇ؟ ئالامەت بىر مىللەتكىنە» دېگۈدەك تەسىر پەيدا قىلالىدۇق.

ئۈچىنچىدىن، بىر كوللېكتىپنىڭ مەنىۋى ئۈچۈن خالىسانە ئىشلەش، پىداكارلىقنىڭ شېرىن تەمىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلدىم. مەنىلا ئەمەس نۇرغۇن ساۋاقداش شۇنداق ھېس قىلدۇق. بىز نەۋرۇز پائالىيىتىنى مىللىتىمىزنىڭ ئوبرازى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، مىللىتىمىزنىڭ تونۇلۇشى، ئوبرازىنىڭ پارلاقلىقى ئۈچۈن تېخىمۇ ئەستايىدىل، مول مەزمۇنلۇق ئۆتكۈزۈدىغان بولدۇق. بۇ جەرياندا قازانغان ھەر بىر مۇۋەپپەقىيەتنىڭ مەنىۋى ھۇزۇرى بىزنى ئەزگۈ تىلەك، يېڭى تەسەۋۋۇرلارغا يېتەكلەپ تۇردى.

ھېلىمۇ ئېسىمدە: مەن تۇنجى ئىشتىراك قىلغان، غەربىي شىمال مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق نەۋرۇز پائالىيىتىدە «سەھنە» لايىھىلىگەنىدىم. رەسىم سىزىشقا قىزىقىدىغانلىقىمنى بىلىدىغان ساۋاقداشلىرىم مۇشۇ ئىشنى «دىلئارام قىلالايدۇ» دەپ ماڭا تاپشۇرغانىدى. مانا ئارىدىن نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى. مەيلى مەن لەنجۇدا ئوقۇي، مەيلى شىئەندە ئوقۇي بۇ ۋەزىپىنى ھازىرغىچە خالىس ئۈستۈمگە ئېلىپ كېلىۋاتىمەن. ئەينى يىللاردا يۇمشاق رەڭلىك قەغەزگە رەسىم سىزىپ، خەت ئويۇپ ئۇنى تامغا چاپلاپ «سەھنە» قىلغانىدىم. ھازىر كومپيۇتېر تېخنىكىسىنىڭ ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ سەھنە ياسايدىغان بولدۇم. ئۆزاقى يىلى ئاتاقلىق رەسسامىمىز غازى ئەھمەد ئاتىنىڭ «مۇقام» ناملىق مەشھۇر ماي بوياق رەسىمىنى يوغان پۇركۈپ چىقىرىپ، ئۈستىگە خەت چاپلاپ سەھنە قىلدىم. بۇلتۇر بىۋاستە ئۇرۇمچىگە تېلېفون قىلىپ، بۇ ۋەزىپىنى ئۇكامغا تاپشۇردۇم. ئۇكامنىڭ كەسپى لايىھىلەش بولغاچقا ۋەزىپىنى قالتىس ئورۇندىدى. سەھنە رەسىمىنىڭ ئەتراپىغا نەقىش ئېلىپ، ئۈستىگە ئۇيغۇرچە ھۆسنخەت چىقىرىپتۇ. ئۇنىڭ توردىن ئەۋەتكەن نۇسخىسىنى شىئەندە رەسىم پۇركۈيدىغان يەرگە ئاپارسام، ئۆلچەملىك تىكلىمە سەھنە قىلىپ چىقىرىپ بەردى. ئۆتكەن يىلدىكىدىن تېخىمۇ قولايلىق بولدى، كۆركەم چىقتى.

نەۋرۇز خاسلىقىمىز، كىملىكىمىزنى ئىزدەش يولىدىكى بىر جەريان بوپقالدى. نەۋرۇز ئۆتكۈزۈش جەريانىدا نەۋرۇزنىڭ ئەھمىيىتى، مەنىسى ھەققىدىكى سوئاللار تارىخىمىز، مەدەنىيىتىمىز، ئۆرپ ـ ئادىتىمىز، مىللىي ئەنئەنىمىز ھەققىدە بىر قاتار سوئاللارنى تۇغدى. بۇ سوئاللارغا ئىمكانقەدەر قانائەتلەنگىدەك جاۋاب ئىزدەش ئادىتىمىزگە ئايلاندى. بۇ ھەقتىكى ئادىتىمىز يىلدىن يىلغا مۇكەممەللەشتى، كونا ئوقۇغۇچىلاردىن يېڭى ئوقۇغۇچىلارغا مىراس قالدى. بەلكىم بىز ئىچكى ئۆلكىلەردە ئوقۇۋاتقان بولغاچقىمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسىدە ئۆز يۇرتىغا سېغىنىش ئۇلغىيىپ تۇراتتى. بۇ خىل سېغىنىش نەۋرۇز باھانىسى بىلەن پارتلايدىغان بولدى. قانچە ئۆزگە مۇھىتقا بارغانسېرى شۇنچە ئەسلىنى سېغىنىدىغان بوپقالىدىكەن كىشى.

مانا بۇلار مېنىڭ سىرىق ئۆڭگۈز ۋادىسىدا ھېس قىلغان نەۋرۇز ھەققىدىكى خىياللىرىم. خىيال خىيالنى تۇغىدۇ. خىياللىرىم سىزدە مىللىي بايراملىرىمىز ھەققىدە ئەگەشمە خىياللارنى پەيدا قىلالىسا، بۇ مېنىڭ تەلىيىم.

---

ئاپتور: شىئەن قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتى تېببىي ئىنستىتۇتى 2000 ـ يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى



# شېئىرلىرىنىڭ روھىي زور تا- سىرى تۇغرىسىدا بىر ئاغىنەمنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئىش

ئايۇپ ئابدۇرەھمان

مەن شائىر مۇھەممەتجان راشىدىنىنىڭ شېئىرلىرىنى سۆيۈپ ئو- قۇيدىغان ئوقۇرمەنلەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى مەزمۇنى تېرەن، ئوبرازلىق شۇنداقلا چىنلىق تۇيغۇسى كۈچلۈك. شۇڭا شائىرنىڭ ئورغۇنلىغان شېئىرىنى خەلق سۆيۈپ ناخشا قىلىپ ئېيتىپ كەلمەكتە. شېئىرىي تىلى باشتىن ئاخىر خەلق تىلى بولۇپ، چۈشىنىكسىز ـ مەۋ- ھۇم سۆزلەر زادىلا كۆرۈنمەيدۇ. بارلىق شېئىرلىرىدا بىرەر قېتىممۇ ئاھ، ئۇھ، ئېھ! قا ئوخشاش ئورۇنسىز ئۈنجىقلاش، ساختا ھاياجانلىق ئىبارىلار تېخىمۇ كۆرۈنمەيدۇ. شېئىر مىسرالىرىغا ھېسسىياتنى ناھا- يىتى ماھىرلىق بىلەن سىڭدۈرۈۋەتكەن.

بىرەر ئوقۇتقۇچىنىڭ قابىلىيەتلىك ياكى ئەمەسلىكىگە پەقەت ئو- قۇغۇچىلارلا باھا بەرگىنىدەك، شائىرنىڭمۇ ھەقىقىي خەلق شائىرى ياكى ئەمەسلىكىگە ئوقۇرمەنلەر، ئاخىرقى ھېسابتا پەقەت خەلقلا باھا بېرىشكە ھەقلىق. مەن ئاۋام ئىچىدىكى تالاي ئوقۇرمەننىڭ: «گې- زىت ـ ژۇرناللاردا ئالدى بىلەن مۇھەممەتجان راشىدىنىنىڭ شېئىرلە- رىنى ئوقۇيمەن، ئاندىن كېيىن باشقا يازغۇچى ـ قەلەمكەشلەرنىڭ شېئىر ـ ھېكايىلىرىنى ئوقۇيمەن» دېگىنىنى تولا ئاڭلىغانمەن. ھەت- تاكى ئاز ـ تولا ئۇيغۇر تىلى ھەم ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى بىلىدىغان قې- رىنداش مىللەتلەردىن بولغان بۇرادەرلەرنىڭمۇ شائىر مۇھەممەتجان راشىدىنىنىڭ شېئىرلىرىدىن تەسىرلىنىپ كۆز ياش قىلغانلىقىنىمۇ ئاڭ- لىدىم. مەن شائىرنىڭ شېئىرلىرى ھەققىدىكى تەسىراتىمنى پەقەت بىر ئاغىنەمنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن بىر ئىش ئارقىلىقلا ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

# ئال رەڭلىرىدىن ـ شېئىرىيەتنىڭ يىلتىزى

مەن 1998 ـ يىلى ئىيۇلدا، جىلىلىيۈزىدە ئولتۇرۇشلۇق ئاغىنەم مىر- جالالنىڭ ئۆيىگە ئۇنى يوقلاپ چىقىپ قالدىم. ئۇنىڭ ھال ـ ئەھۋالى ھەم ئائىلە، بالا ـ چاقىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ بولغاندىن كېيىن، پاراڭدىن پاراڭ چىقىپ، پارىڭىمىز شائىر مۇھەممەتجان راشىدىنىنىڭ شېئىرلىرىغا يۆتكەلدى. مىرجالال شائىرنىڭ شېئىرلىرىغا مەندىنمۇ ئۆتە ھېرىسمەن،

ئاشىق ئىكەن، ھاياجانلىنىپ سۆزلەپلا كەتتى:

— ئاداش، سىزمۇ شائىرنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇغانسىز. بولۇپمۇ شائىرنىڭ «بۇ دۇنيا»، «سەن يوق»، «بىر كۈنى»، «ياشىسۇن»، «ئاتىلار ۋە ئانىلار» ناملىق شېئىرلىرىدىن باشقا يەنە «ياتلاشتۇق» ناملىق شېئىرى ماڭا، قېرىنداشلىرىمغا ئاجايىپ تەسىر قىلدى دەڭا. بولۇپمۇ بىز ئىككى ئەر، بەش ئايال قېرىنداشنىڭ مېھىر - مۇھەببىتىمىزنى تېخىمۇ چىڭىتتى، بىر - بىرىمىزگە تېخىمۇ ئامراق، كۆيۈمچان، مېھرىبان قىلىۋەتتى. بۇ ئىش مۇنداق: 1985 - يىلى ئانام تۇراخان، 1991 - يىلى ئاتام ئابدۇرەھمان ناسىرى دۇنيادىن ئۆتتى. بۇنىڭدىن سىزنىڭمۇ خەۋىرىڭىز بار. قاراڭ ئاداش، ئۇلاردىن ئۈچ ئېغىزلىق ئۆي بىلەن يېرىم مو ئەتراپىدىكى قورۇ - جاي بىزگە مىراس بوپقالدى. ئاتىمىزنىڭ ۋەسىيتى بويىچە ئوتتۇرىمىزدىكى كىگىز - كېچەك، ئۆي - جابدۇقلارنى جېدەل - ماجىراسىز بۆلۈشۈۋالغان بولساقمۇ، لېكىن قورۇ - جايىنى كۆڭۈلدىكىدەك تەقسىم قىلماق ناھايىتى قىيىن ئىش ئىدى. بالىلارنىڭ ئەڭ چوڭى مەن ئىدىم. بۇ ۋەزىپە مېنىڭ زىممەمدە ئىدى. بىز قورۇ - جايىنى بىر تەرەپ قىلغىچە سۇخەنچى - گەپ توشۇغۇچىلار ئۇرۇق - تۇغقانلارنى ئېچىتىپ، كاللا سوقۇشتۇرۇپمۇ تۇردى. مەن شۇ ئاي، شۇ يىللاردا مىراس بۆلۈشكەن قولۇم - قوشنىلار ۋە ئەل - يۇرتتىكى مىراس دەۋاسى قىلىشىپ يۈرگەن بەزى قېرىنداشلارنىڭ ئەھۋاللىرىنىمۇ تولا ئاڭلاپ، ھەتتا بەزىلىرىنىڭ جۇداللىرىنى كۆرۈپمۇ تۇرغانمەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەزەن قېرىنداشلارنىڭ مىراس تالىشىپ بىرىدىن ۋاز كېچىپ، بېرىش - كېلىش قىلماي باتناپ يۈرگەنلىكى، بەزىلىرىنىڭ ھەتتا «ئۆلۈك - تىرىكىڭگە ئارىلاشمايمىز» دېيىشىپ ئادا - جۇدا بولۇشقانلىقى، يەنە بەزىلىرىنىڭ پالتا - پىچاق كۆتۈرۈشۈپ بىر - بىرىنى چېپىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى، بولۇپمۇ بەزى قېرىنداشلار چەت دۆلەتلەردە بولغاچقا ئۇزۇن يىللاپ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن دىدارلىشالماي، ۋەتەنگە كەلگەندە قېرىنداشلىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ، يىغلىشىپ، ئاخىرىدا يەنە مال - دۇنيا، مىراس تالىشىپ ئارازلىشىپ، ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە تۇرالماي، يات كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىدە يېتىپ - قوپۇپ، چاۋىسىنى چىتقا يېيىپ قايتىپ كەتكەنلىكى، بەزەن قېرىنداشلار سوتمۇسوت داۋالىشىپ، ئۇنى ئاز دەپ ئادۋوكات - سوتچىلارغا تالاي پۇلنى يېگۈزۈپ ھەسرەت - نادامەتتە يۈرگەنلىكىنى تولا كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانمەن. شۇلارنى ئويلاپ: «ئاھ، بىزمۇ ئاشۇلارغا ئوخشاش قېرىنداشلاردىن بوپقالارمىزمۇ؟!» دەپ ئازابلىق خىياللارغا چۆمەتتىم. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە مۇھەممەتجان راشىدىننىڭ «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1994 - يىلى 25 - فېۋرال سانىدا ئېلان قىلىنغان «ياتلاشتۇق» ناملىق شېئىرىنى كۆرۈپ قالدىم. شېئىرنى ئوقۇپ چىقىپ ئۆزۈم قاراڭغۇچىلىقتىن بىر يورۇقلۇقنى تاپقاندەك بولدۇم. شېئىرنى ئوقۇپ بولۇپ خاتىرە دەپتىرىمگىمۇ كۆچۈرۈۋالدىم. ئۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلماي، 60 ياشتىن ئاشقان بولساممۇ 55 مىسرالىق بۇ «مۇخەممەس»نى بالا چاغلىرىمدىكىدەك يادلاپمۇ ئالدىم. شېئىر مۇنداق باشلىنىدۇ:

يامان كۈنلەردە تۇغقانتۇق، روناق تاپقاندا ياتلاشتۇق،
پالاستىن تەستە ئايرىلساق، كىگىز باسقاندا ياتلاشتۇق،
سارايلار بۇزدىمۇ ئىشنى، گىلەم ئاسقاندا ياتلاشتۇق،
تامام ئۇنتۇلدى ھەم زاغرا، توقاچ ياققاندا ياتلاشتۇق،
ئۇچۇپ چىقتۇق دېسەك كۆككە، قانات قاققالدا ياتلاشتۇق.

دەپ شېئىرنى باشتىن - ئاخىر تېنىمەي يادلاپ بەردى ھەم سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: 1994 - يىل ئاپرېلدا سىڭىللىرىم مېنى يوقلىغاچ: «ئاكا، دادامنىڭ قورۇسى ئاشۇنداق ۋەيران بولۇپ تۇرامدۇ؟ قانداق قىلىمىز؟» دېيىشىپ ئۆيۈمگە كېلىشتى. مەن شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە پەيتنى مەھكەم تۇتتۇمدە، شائىرنىڭ شېئىرىنى قىز قېرىنداشلىرىمنىڭ بەشىگە ئوقۇپ بەردىم. قېرىنداشلىرىم ۋە مەن شېئىرنىڭ مۇنۇ مىسرالىرىغا كەلگەندە ئۆپكە - ئۆپكىمىزنى باسالماي بوقۇلداپ يىغلاپ، ئۆزىمىزنى تۇتالماستىن باشقىدىنلا ئۆيىمىزدە يەنە بىر قېتىم ھازا ئاچتۇق.

ئاتا كەتتى، ئانا كەتتى، دېمەك بىزدىنمۇ ياز كەتتى،
قېرىنداشلىق بىناسىنىڭ يامان يېرىگە دەز كەتتى،
ئىچەرگە ئاش، كىيەرگە تون، چالارغا بىللە ساز كەتتى،
ئارادىن سەلتەنەت تاجى ئاجايىپ ئىمتىياز كەتتى،
شۇلار كەتتى، يوغان ھويلا غېرىب قالغاندا ياتلاشتۇق.

ھازىمىز توختىغاندىن كېيىن شېئىرنىڭ قالغان قىسمىنى ئۆپكىدەپ يۈرۈپ ئاران تۈگەتتىم.

مەن قېرىنداشلىرىمغا شۇنداق دېدىم: «شائىر يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەردىن نۇرغۇنلىغان قېرىنداش مال - دۇنيا، مىراس دەپ ياتلىشىپ كېتىۋاتىدۇ دېگەن بىلەن، ئەمما شېئىرنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىدە قېرىنداشلار زادىلا ياتلاشماڭلار دېمەكچى» دېدىم. قېرىنداشلىرىممۇ ئوڭلۇق - ئىش ئۇقۇدىغانلاردىن ئىدى. ئۇلار: «ئاكا، بىز ھەرگىزمۇ بۇ قورۇ - جايىنى دەپ بىر - بىرىمىز بىلەن ياتلاشمايمىز. بىز سىزنىڭ ئاغزىڭىزغا قارايمىز» دېيىشتى ھەم يەنە: «ئاكا، بۇ شېئىردا بىزنىلا يازغانمۇ - نېمە؟ ئايرىم جايلىرىدا بىزنىلا يازغاندەك قىلىدىغۇ؟» دەپ كۈلۈشتۇق. چۈنكى بىزنىڭمۇ ئاتا - ئانىمىزنى كۆڭۈلدىكىدەك كۈتەلمىگەن، ھەتتاكى ئېغىش جەريانىدا كەتكۈزۈپ قويغان يەرلىرىمىزمۇ ئەلۋەتتە بار ئىدى.

زۇرۇر بولسا مالاي قىلدۇق شۇلارغا نەۋرە باققۇزدۇق،
كېلىنلەر چاچ سوقۇپ يۈردى، شۇلارغا ناننى ياققۇزدۇق،
تېزەك ياققانىنى ئاز كۆرۈپ شۇلارغا ئۆچكە ساققۇزدۇق،
تېخى غالۋاردۇق بەزەن، جاھاندا يوقنى تاپقۇزدۇق،
باقار چاغدا باھانە كۆپ، بەدەر قاچقاندا ياتلاشتۇق.

شۇنداق قىلىپ شېئىرنىڭ تەسىرى، مەنىۋى رىغبىتى بىلەن قېرىنداشلار ئارا گېپىمىز بىر يەردىن چىقتى - دە، ئۇلۇغ پارس مۇتەپەككۇرى شەيخ سەئدىينىڭ: «بىرەر قىيىن ئىشقا دۇچ كەلسەڭ، ئۇنىڭ ئاسان تەرىپىنى تاللىغىن» دېگەن ھېكمىتى بويىچە قورۇنى سېتىپ، مىراس ئىشىمىز تۆۋەندىكىچە ھەل بولدى:

بىرىنچىدىن، قىز قېرىنداشلىرىمنىڭ ئەرلىرىنى، ئۆزىمىزنىڭ ئاياللىرىنى بۇ ئىشقا ئارىلاشتۇرمىدۇق، ھەتتاكى ئۇلارنىڭ ياخشى - يامان سۆزلىرىنى ئاڭلىمىدۇق، مەسلىھەتمۇ ئالمىدۇق.

ئىككىنچىدىن، ھەر قايسىمىزنىڭ ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولغان ئوغۇل، قىز، كېلىنلىرىمىزمۇ بار ئىدى. ئۇلارنى تېخىمۇ ئارىلاشتۇرمىدۇق، ئۇلارغىمۇ تەقسىم قىلمىدۇق.

ئۈچىنچىدىن، قانۇننىڭ ھەم ئۆزىمىزنىڭ ئادىتىمىز بويىچە كىم ئاتا - ئانىسىنى كۆپ باققان، كۆپ قارىغان بولسا، شۇنىڭغا جىقراق تەقسىم قىلىنىدۇ، دېگەن بويىچە تەقسىم قىلدۇق.

تۆتىنچىدىن، قېرىنداشلار ئارا ئىناقلىقنى مۇھىم بىلىپ، مىراس بۆلۈشۈش تۈگىگەندىن كېيىنمۇ ھەر بىر قېرىندىشىمىزنىڭ ئالدىغا بېرىپ رازىلىق پىكرىنى ئالدۇق. مانا بىز يەتتە قېرىنداش ھازىر ھەممىمىز ھايات، بىر - بىرىمىز بىلەن ئىتتىپاق - ئىناق بولۇپ ئۆتۈۋاتىمىز. دېمەك بىز ياتلاشمىدۇق. بىز پەقەتلا ئەل - جامائەت ئاغزىدىن: «سىلەر ناھايىتى ياخشى قىلدىڭلار، سىلەر بەك ئىناق ئىكەنسىلەر» دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىدۇق، خالاس... مەن شائىرنىڭ بۇ شېئىرنى يادلىۋالغاندىن كېيىن گويا بىر «مەدداھ»نىڭ ئۆزى بولدۇم. يۇرتداش، ئۇرۇق - تۇغقان، ئەل - ئاغىنە، ساۋاقداش، قولۇم - قوشنىلىرىمغىچە توي - تۆكۈن، ھەرخىل سورۇنلاردا ئوقۇپ بەردىم. بۇ جەرياندا بەزى ماي تارتىشىپ قالغان قېرىنداش، ئۇرۇق - تۇغقانلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپمۇ قويدۇم. 1995 - يىلى فېۋرالدا مەرھۇم ئابلىمىت ئاغىنەم بىلەن غۇلجا ناھىيە ئاقتام كەنتىگە ئوقۇغۇچىمىز تۇرسۇن ئادىلنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ چىقىپ قالدۇق. تۇرسۇن ئەتىسى بىزنى يۇنۇس دېگەن تۇغقان دېھقان ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە باشلاپ باردى. ئۇ يەردىمۇ گەپتىن گەپ چىقىپ شائىرنىڭ بۇ شېئىرنى يادلاپ بەردىم. يۇنۇسنىڭ ئايالىمۇ ئولتۇراتتى. شېئىر تۈگىگەن ھامان بىردىنلا ئەر - خوتۇن ئىككىسى تەڭلا تەسىرلىنىپ يىغلاپ: «تووۋا، قارا، بۇ شېئىردا بىزنىلا يېزىپتىغۇ. ئىنىم ئايۇپ بۇ شېئىرنى بىر ئاڭلىسا بولاتتى - دە. ئۇ تۈنۈگۈنلا: مېنىڭ سېنىڭدىن ئالىدىغان 40 تۈپ مىراس ياغىچىم بار، دەپ بىز بىلەن سوقۇشۇپ ئارازلىشىپ كەتتى. بىزغۇ ئۇنىڭ بىلەن ئارازلاشمايمىز. ئەمما ئىنىم نادان، بىز ئۇنىڭ بىلەن چىقىشىۋالساق بولىدىكەن، ئۇنىڭ ئاھانەتلىرىنى كەچۈرسەك بولىدىكەن» دەپ، ئارقىدىنلا: «ھېلىقى ‹سۆزۈك ئالما ئىدۇق› دېگەن يەرلىرىنى يەنە بىر قېتىم يادلاپ بېرىڭە» دېدى.

تىزىق مونچاق ئىدۇق بىزلەر ئاتام بويىندىكى گويا،
سۆزۈك ئالما ئىدۇق بەش تال ئاتام قويىندىكى گويا،
ئۇچار قۇشلار ئىدۇق ھەممە ئاشۇ ھويلىدىكى گويا،
تۈگەل لەگمەن ئىدۇق ياكى كۈمۈش چويلىدىكى گويا،
جاھان بىزنى ھەريان ئۈزۈپ تارتقاندا ياتلاشتۇق.

يۇقىرىقى مىسرالارنى ئاڭلاپ ئۇلار كۆزىگە يەنە لىققىدە ياش ئالدى - دە، ئەر - خوتۇن ئۇزاقتىن ئۇزاق سۈكۈتتە تۇرۇپ كەتتى. مەن گەپنى باشقا ياققا بۇرىدىم.

1996 - يىلى ئاپرېلدا غۇلجا ناھىيە جېلىلىيۈزى يەركەن مەھەللىسىدە سىڭىل قېرىندىشىمىزنىڭ خەتمە قۇرئان مەرىكە سورۇنىغا بورتالادىن بىر نەچچە مېھمان كېلىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە 25 ياشلاردىكى بىر موڭغۇل يىگىتمۇ بار ئىدى. ئۇ يىگىت كەلگەن مېھمانلارنىڭ شوپۇرى ئىكەن. ئۇ يەردىمۇ مەن «مەدداھ» شائىرنىڭ بۇ شېئىرنى يەنە يادلاپ قالدىم. ھېلىقى موڭغۇل يىگىت باشقىلار سۆزلىگىچە دەرھاللا شېئىرنىڭ مەزمۇنىغا يەتتى بولغاي، شېئىرغا ھەيران بولغان ھالدا شۇنداق دېدى:

—پاھ! مۇنداق ئىشلار بىز موڭغۇللاردىمۇ ناھايىتى ئېغىر. يەنى مال - دۇنيا، قورۇ، مىراس تالىشىش ئىشلىرى سىلەرنىڭكىدىنمۇ ئارتۇق، ئېغىر، كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ شائىر تۇرمۇشنى نېمىدېگەن ئەينەن - چىن تەسۋىرلىگەن - ھە؟! سىلەرنىڭ «قالماق قېرىسىنى ئىشلىتىدۇ» دېگەن ماقالىڭلار ھەقىقەتەن راست دەۋەتتى، دەپ ئاغىنەم مىرجالال سۆزنى تۈگەتتى.

مانا بۇ خەلق شائىرى مۇھەممەتجان راشىدىن شېئىرلىرىنىڭ خەلقتىكى ئىنكاسى، شېئىرلىرىنىڭ ئەمەلىي تەسىراتى، چىنلىقى، خەلققە بەرگەن مەنىۋى ئوزۇقى!

2001 - يىل 23 - يانۋار، شەھىرى غۇلجا

---

* ماۋزۇ مەسئۇل مۇھەررىر تەرىپىدىن قويۇلدى

ئاپتور: غۇلجا شەھەر 2 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ پېنسىيونېرى، 2004 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن

# تەھرىراتىمىزنىڭ ئالاھىدە ئۇقتۇرۇشى

ئاپتورلار تەھرىراتىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەندە تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى كېرەك:

1. ئاپتورلار كونۋېرتقا ۋە ئەسەرگە ئىسىم فامىلىسى، كەسپى، ئادرېسىنى ئېنىق ۋە تەپسىلىي يېزىشى، ئالاقىلىشقا قۇلايلىق بولۇشى ئۈچۈن تېلېفون ۋە يانفونى بارلار ئەسكەرتىپ قويۇشى كېرەك.

2. ئەسەرلەر ئۆلچەملىك ماقالە ياكى ئىش قەغىزىگە قۇر ئارىلىقى كەڭ، ئىملا قائىدىسىگە ئۇيغۇن يېزىلىشى كېرەك. بەتنىڭ ئاستى - ئۈستىدىن مۇۋاپىق ئاق تاشلانمىغان، ئالدى - ئارقىسىغا يېزىلغان، ئىملاسى سەت، قۇر ئارىلىقى زىچ، سۆز - جۈملىلەر گىرامماتىكا قائىدىسىگە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ؛ كومپيۇتېردا باستۇرۇپ ئەۋەتىش شەرت ئەمەس.

3. ئەسەرلەردە ئېلىنغان ستاتىيىلارنىڭ ئاپتورى، بېسىلغان كىتاب گېزىت - ژۇرناللار، مەزكۇر كىتاب گېزىت - ژۇرناللارنىڭ نەشر قىلىنغان ۋاقتى، نەشر قىلغان نەشرىياتلار ئېنىق، توغرا، ئەينەن ئەسكەرتىلىشى كېرەك. مەزكۇر تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ ياكى ئىشلىتىلمەيدۇ.

4. تەرجىمە قىلىنغان ياكى نەشرگە تەييارلانغان ئەسەرلەرنى ئەۋەتكەندە مەزكۇر ئەسەرلەرنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى ياكى كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى ئەۋەتىش بىلەن بىرگە، نەشر قىلىنغان گېزىت - ژۇرنال، نەشرىياتلارنىڭ نەشر قىلغان ۋاقتى، نەشر خاتىرىسىنى قوشۇپ قويۇشى كېرەك. بۇ تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ.

——«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى

www.uyghurkitap.com



# «ئانا» ھەققىدە ئويلىغانلىرىم

تۇرنىساگۈل خەلىل

نۆۋەتتىكى كۈنسايىن شالغۇتلىشىپ كېتىۋاتقان مەدەنىي مۇھىتتا، ئاياللىرىمىزنىڭ، بولۇپمۇ شەھەر مۇھىتىدىكى ئاياللىرىمىزنىڭ خېلى كۆپلىرىنىڭ ئەسلىدىكى گۈزەل ـ ئېسىل مىللىي ئەنئەنىلىرىمىزدىن بارغانچە يىراقلىشىپ، خار ـ زەبۇنلۇق ۋە ھالاكەتكە باشلايدىغان قىلمىشلارغا بىلىپ ـ بىلمەي يۈزلىنىشىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۈچىيىۋاتقانلىقىنى چۆچۈش ئىچىدە بايقىماقتىمىز. بارغانسېرى قويۇقلىشىپ ـ قېلىنلىشىپ كېتىۋاتقان گىرىملەر، چىرايلىق يانفونلاردىكى شېرىن سۆزلەر، رېستورانلاردىكى ھاياجانلىق دەقىقىلەر، ۋاللىداپ تۇرغان قىممەت باھالىق جاۋاھىراتلار ۋە مودا كىيىملەر ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىغا ئايلىنىپ قالغىلى تۇردى. چىن ئىخلاسى بىلەن ۋەتەن ـ مىللەت ئۈچۈن ئەخلاقلىق، ئىقتىدارلىق پەرزەنت چوڭ قىلىشتەك مۇقەددەس بۇرچ ئۆتىدا بىر ئۆمۈر كۆيۈشنى پەرز ۋە ۋىجدانىي قەرز، دەپ بىلىدىغان ئەنئەنىۋى ئانىلىق روھى ئەمدىلىكتە ئۆتكۈنچى دۇنيانىڭ ھۇزۇر ـ ھالاۋەتلىرىدىن كۆپرەك بەھرىلىنىۋېلىش كويىدا پالاقلايدىغان ئاياللارنىڭ ۋۇجۇدىدا يىگىلەپ، ئۆز قىممىتىنى يوقاتماقتا. ئۇنداقلارنىڭ جىگەر پارىلىرى بولمىش سەبىي پەرزەنتلىرى ئۈچۈن ئۆز ۋاقتىنى چىقارغىلى، ئۇلار بىلەن ئانىلىق مېھرى ۋە مەسئۇلىيىتى بىلەن سىردىشىپ خۇشاللىقىغا ئورتاق بولغىلى، دەردى ـ ھالىغا يەتكىلى چولىسى تەگمەيدۇ. بىچارە باللار تورخانا، تېلېۋىزور ۋە مەكتەپتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ بىرلەشمە مەھسۇلاتىغا ئايلىنىپ، ئائىلە بەزى باللار ئۈچۈن پەقەتلا بىر قونالغۇ ـ ياتاق بوپقالغىلى تۇردى. پەقەت كىتابىي بىلىم بېرىش ۋەزىپىسىنىلا ئۆز ئۈستىگە ئالغان مەكتەپ بىلەن قونالغۇغا ئايلىنىپ قالغىلى تۇرغان ئائىلىدىن تۈزۈك مىللىي خاسلىققا ئىگە تەربىيىگە ئېرىشەلمىگەن باللارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى بەزى چاكىنا، چۈشكۈن، شەھۋانىي، قاتىللىق، تېررورلۇق تەسۋىرلەنگەن تېلېۋىزىيە فىلىملىرى زەھەرلەپ، ساپ مىللىي ئەخلاق ـ ئەقىدىمىز، ئېسىل ئادەتلىرىمىزگە يات بولغان شەخسىيەتچىلىك، رەھىمسىزلىك بىلەن ياشاش قاراشلىرى ۋە ئەخلاقسىزلىق خاھىشلىرى ئىگىلەپ كەتمەكتە. نەتىجىدە غەربنىڭ قىممەت قارىشى بىلەن زەھەرلىنىپ، مىللىي مەدەنىيەت، مىللىي روھ، مىللىي ئەخلاق ۋە مىللىي ئەنئەنىۋى خاراكتېر ـ ئالاھىدىلىكلەردىن ياتلىشىۋاتقان بىر تۈركۈم ناباب ئەۋلاد ئۆسۈپ يېتىلمەكتە. بۇ يۈزلىنىشنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئادەمنى تولىمۇ چۆچۈتىدۇ.

ھەممىمىز بىلىمىز، ئاياللار ئانا بولالىغانلىقى ئۈچۈنلا «ئانىنىڭ بىر قولىدا بۆشۈك، بىر قولىدا دۇنيا تەۋرەيدۇ» دېگەن ئۇلۇغ باھاغا مۇيەسسەر بولغان. ئانىلار بىرەر ئائىلىنىڭلا ئەمەس، ماھىيەتتە بىر مىللەتنىڭ، بىر دۆلەتنىڭ، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئانىسى. ئەگەر ئادەمنىڭ يارىتىلىشىنى ياراتقۇچىدىن دېسەك، ئۇنداقتا ئۇنىڭ يارىلىشى ئانىدىن بولىدۇ، دېيىش جايىزدۇر. چۈنكى ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ تۇنجى ۋە ئۆمۈرلۈك مۇئەللىمى ئانىدۇر. ئاخىرقى ھېسابتا بىر پۈتۈن مىللەتنىڭ ساپاسى، گۈللىنىشى ياكى خاراب بولۇشى ئانىغا باغلىقتۇر. چۈنكى ئانىلارنىڭ ئادەم، تۇرمۇش، مىللەت، دۇنيا ۋە ھايات توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرى، ئەخلاقىي قاراشلىرى ۋە شۇ ئانا تەۋە بولغان

## ئانىلىق نىداسى

مىللەتنىڭ ھەرخىل مەدەنىي ئالاھىدىلىكلىرى ئۇنىڭ تەربىيىسى ئارقىلىق بالىلارغا - مەزكۇر مىللەتنى تەشكىل قىلغۇچى ئەزالارغا ئۆتىدۇ. نەتىجىدە ئانىلار شۇ ئارقىلىق ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۇلايدۇ، مىللىي مەنىۋىيىتىنى قۇرۇپ چىقىدۇ. شۇڭا ئاياللاردىكى ساپا - سەۋىيە ۋە ئەخلاقىي سۈپەت تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا، بىر مىللەتنىڭ ساپا - سۈپىتى ۋە ئەخلاقىي سەۋىيىسىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ.

ھازىر مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىمىز غەربنىڭ ماددىچىلىقنى ئاساس قىلغان، ئەخلاق ئۆلچىمىنى پايخانلىۋەتكەن چۈشكۈن مەدەنىيەت ئامىللىرى ۋە قىممەت قاراشلىرىنىڭ تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق سىڭىپ كىرىشى ۋە ئۇلارنىڭ تەشۋىقات ئۈستۈنلۈكىگە تايىنىپ توختاۋسىز غىدىقلىشى ئارقىسىدا ئېغىر خىرىسقا دۇچ كەلمەكتە. جۇدۇنغا يولۇققان دەرەختەك تىترىمەكتە. مۇنداق ئەھۋالدا، ئېغىر كىرىزىسكە دۇچ كېلىۋاتقان مىللەتنىڭ ئېسىل روھىنى خەۋپتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بۇ ئۇلۇغ روھنىڭ قۇرغۇچىسى، مىللىي مەدەنىيەتنى ئەجدادتىن ئەۋلادقا يەتكۈزگۈچى بولغان ئاشۇ ئۇلۇغ ئانىلارغا مۇراجىئەت قىلىمىز، ئەلۋەتتە. «ئۇلۇغلۇق» سۆزى شەرتسىز مەجبۇرىيەت يۈكسەكلىكى مەنىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغانكى، بۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان ھېچقانداق بۈيۈك مەجبۇرىيەت ۋە يۈكسەك ۋىجدانىي بۇرچ يوقتۇر. ئەپسۇس، تولىمۇ ئەپسۇس، ئانا بولۇۋاتقان بەزى ئاياللىرىمىزنىڭ ئەھۋالى ھېلىقىدەك. ئۇنداق ئانىلارنىڭ قولىدا بىز كۈتكەن قەلبى ئويغاق، پاراسەت ۋە دىيانەتتە يېتىشكەن مەردانە ئوغلانلار ئەمەس، چۈشكۈن، بېلى بوش، ئىرادىسى ئاجىز، كاللىسى قۇرۇق، ئەخلاقسىز، بەتقىلىق، ھەمدەم خىيال، شەخسىيەتچى، ئاچ كۆز، مەنپەئەتپەرەس، راھەتپەرەس، زەئىپ، شاللاق، ۋىجدان - ۋۇجۇدى ئۆلۈشكە يۈز تۇتقان قارا ئۆپكە ئەۋلادلار يېتىشىپ چىقماقتا. ئەپسۇسلىنارلىقى، بۇنداق يارامسىز پەرزەنتلەرنى بىلىپ - بىلمەي جەمئىيەتكە قوشۇۋاتقان ئانىلار كۈنسايىن كۆپەيمەكتە.

شۇڭا، بىز ئاياللار غەپلەت باسقان كاللىمىزنى قاتتىق سىلكىۋېتىشىمىز، بۇ خىل ئاچچىق رېئاللىقتىن چۆچۈپ ئويغىنىپ، بۈگۈنكى كەسكىن رىقابەت ۋە مىللىي مەۋجۇدلۇقىمىز يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، ئۆز مەسئۇلىيىتىمىزنى تولۇق تونۇشىمىز تولىمۇ زۆرۈر. بىزدە شائىرىمىز ئابدۇلباسىت ئابدۇرەھىمان ئۆزىنىڭ «ئانا» داستانىدا تەسۋىرلىگەندەك ئۇلۇغ روھقا ئىگە ئانىلار بولۇشى كېرەك؛ پۈتكۈل ھاياتىنى، بارلىق تاپقان - تەرگىنى، ئوي - خىيالى ھەتتا ھەر بىر نەپسىگىچە بالا - پەرزەنتلىرىنىڭ ساغلام تەربىيىلىنىشى، ھەر تەرەپلىمە مۇكەممەل يېتىلىشى، ئەخلاق ۋە بىلىمدە كامالەتكە يەتكەن، ئۆزى ئۈچۈنلا ئەمەس، ئۆز تويى - خەلقىنىڭ ئىشى ئۈچۈن جان پىدا قىلىدىغان ئادەم بولۇپ چىقىشى ئۈچۈن سەرپ ئېتەلەيدىغان، ئۆزىنى قۇربان قىلىش روھىغا ئىگە ئانىلار بولۇشى كېرەك؛ بالىلارنىڭ كىيىم - كېچىكى، يېمەك - ئىچمىكىگە كۆڭۈل بۆلۈشنى ئانىلىق بۇرچى دەپ قارايدىغان ئانىلارلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىنى پاكىز روھ بىلەن پەرۋىشلەپ، ئېتىقادلىق، ئاق - قارىنى چىن مەنىسىدىن پەرق ئېتىدىغان، ئەجدادلارنىڭ توغرا ئىزىدىن چەتنىمەيدىغان، لەۋزى ھالال، ئېپىيەت - ھايالىق، باتۇر، ئىشچان، مۇستەقىل قاراشقا ئىگە ئېسىل ئەخلاقلىق قىز - ئوغۇللارنى ئۆستۈرەلەيدىغان ئانىلار بولۇشى كېرەك.

ئەپسۇسكى، ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى مىسران قىلىچنى قامالاپ تۇتۇپ، يەتتە باشلىق يالماۋۇزغا ئېتىلغان چىنتۆمۈردەك باتۇرنىڭ چۆچىكىنى سۆزلەپ بېرىپ، بالىلىرىغا بوۋىلىرىنىڭ مەردۇ - مەردانىلىقىدىن پەخىرلىنىشنى ئۆگىتىدىغان، بوۋىلىرىغا ئوخشاش ھەققانىيەت يولىدا جان پىدا قىلالايدىغان، ئەل ئۈچۈن كۆكرەپ كېرىپ چىقالايدىغان، ئوغرى، لۈكچەك، مۇتتەھەم، زوراۋان - ئۇششۇقلارنىڭ جاجىسىنى بېرەلەيدىغان باتۇر ئادەم بولۇشقا ئۈندەيدىغان؛ يالغانچى، ئاچكۆزلەرنى توقمايلايدىغان «ئۇرتوقماق»تەك چۆچەكلەرنى ئېيتىپ بېرىپ، سەبىي قەلبلىرىگە ھەق - ناھەق تۇيغۇسىنى سىڭدۈرۈپ، تەسەۋۋۇر قۇشلىرىنى پەرۋاز قىلدۇرالايدىغان ئانىلىرىمىز ھازىر قېنى؟

بۇ دېگەنلىك زامانىۋى پەن - تېخنىكىنى ئىنكار قىلىپ، ئانىلار بالىلىرىنىڭ كاللىسىنى قەدىمكى ھېكايە - چۆچەكلەر بىلەن توشقۇزۇپ، پەن - تېخنىكا يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكى دۇنيادىن خەۋەرسىز قالدۇرۇشى كېرەك دېگەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئىلىم - پەن تەرەققىياتى ئارقىلىق ھەرقانداق بىر خەلق بۇ كەسكىن رىقابەت دۇنياسىدا ئۆز مەۋجۇدلۇقى ۋە كۈچ - قۇدرىتىنى نامايان قىلالايدۇ. لېكىن توغرا نىشان ۋە مىللىي روھتىن ئايرىلغان تەرەققىياتنى قوغلىشىشنىڭ ئاقىۋىتى خەيرلىك بولمايدىغانلىقى ھەممىگە ئايان بىر دۇنياۋى قانۇنىيەت. شۇڭا ئانىلار بالىلىرىغا ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى ياخشى ئۆگىنىش شارائىتى يارىتىپ بېرىش بىلەن بىرگە ئۆزى ئەخلاق - پەزىلەتتە ئۈلگە بولۇپ، زۆرۈر بولغان ئېسىل مىللىي خاراكتېر، مىللىي مەدەنىيەت ۋە ئەجداد روھى تەربىيىسىنى بېرىشى - ساغلام يۈنىلىشتىكى تەرەققىيات ۋە پەرزەنتلەر تەربىيىسىنىڭ مۇقەررەر تەقەززاسى.

ئاخىرىدا، مەن ئانىلىرىمىزنى، كەلگۈسىدە ئانا بولىدىغان قىزلىرىمىزنى شائىرىمىز ئابدۇلباسىت ئابدۇرەھىماننىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1998 - يىلى 1 - سانىدا ئېلان قىلىنىپ، بىز ئوقۇرمەنلەر قەلبىدە زور زىلزىلە قوزغىغان داستانى - بىز ئانىلارغا تىكلەنگەن نادىر شېئىرىي ئابىدە «ئانا» داستانىنى ئوقۇپ چىقىشنى، ھەقىقىي ئانىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىر بىلىپ قويۇشنى، شائىرىمىزنىڭ بىز ئانىلار ھەققىدە تېخىمۇ ئېسىل ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

---

ئاپتور: «باغراش» قەغەز زاۋۇتىنىڭ ئىشچىسى

ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەردىن ئۆزگەرتىش ۋە تولۇقلاشقا تېگىشلىك دەپ قارالغانلىرىدىن باشقىلىرى بىردەك ئاپتورلارغا قايتۇرۇلمايدۇ. شۇڭا ئاپتورلار ئەسەر ئەۋەتكەندە ئۆزىدە بىر نۇسخا ساقلاپ قېلىشنى سورايمىز.

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى

www.uyghurkitap.com

## دۇنياۋى مەشھۇر نۇتۇقلاردىن ئۆرنەك

# مېنىڭ ئارزۇيۇم

مارتىن لۇتېركىڭ



بىر ئەسىر ئىلگىرى، ئامېرىكىلىق بىر بۈيۈك زات ① «نېگىر قۇللارنى ئازاد قىلىش خىتابنامىسى»نى ئىمزالىغانىدى. بۈگۈن بىز بۇ بۈيۈك زاتنىڭ سىمۋوللۇق مەنىگە باي ھەيكىلى چۈشۈرگەن سايە ئاستىدا بۇ يەرگە يىغىلدۇق. بۇ مۇھىم بۇيرۇق ئادالەتسىزلىكنىڭ ئا-زابلىق يالقۇنلىرىدا جەبىر تارتىۋاتقان نەچچە مىليون نېگىر قۇلغا نىسبەتەن گويا ئۈمىد بېغىشلىغۇچى بەھەيۋەت ماياك، ئۇزاققا سو-زۇلغان قۇللۇق زۇلمىتىگە خاتىمە بەرگۈچى سۈبھى نۇرى.

ئەمما بىر ئەسىردىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە نېگىرلاردا يەنىلا ئەركىنلىك يوق، بىز بۇ تراگېدىيىلىك رېئاللىققا چوقۇم يۈزلىنىشىمىز كېرەك. بىر ئەسىردىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە نېگىرلار ئىرقىي ئاي-رىمچىلىق ۋە ئىرقىي كەمسىتىشنىڭ كىشەنلىرىگە پاجىئەلىك ھالدا بەنت قىلىنماقتا. بىر ئەسىردىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە نېگىرلار يەنىلا نامراتلىقنىڭ تەنھا ئارىلىدا ياشىماقتا. ۋەھالەنكى، ئۇلارنىڭ ئەتراپى ماددىي پاراغەتنىڭ پايانسىز ئوكيانى. بىر ئەسىردىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە نېگىرلار ئۆز ۋەتىنىدىمۇ سەرسانلارغا ئايلىنىپ، ئا-مېرىكا جەمئىيىتىنىڭ قىسلچاقلىرىدا ئازاب چەكمەكتە. شۇڭا بىز بۈ-گۈن بۇ جايغا كېلىپ، ئادەمنى شۈركەندۈرىدىغان بۇ خىل ھالەتتىن شىكايەت قىلماقچىمىز.

مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، بىزنىڭ پايتەختكە كېلىشىمىز بىر چەكنى نەقلەشتۈرۈش ئۈچۈندۇر. جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ پېشۋالىرى «ئاساسىي قانۇن» ۋە «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى»نىڭ ئۆلمەس قۇرلىرىنى يېزىۋاتقاندا، ئۇلار ھەر بىر ئامېرىكا پۇقراسى ۋارىس بولالايدىغان بىر دانە چەككە ئىمزا قويغانىدى. بۇ چەك ھەر بىر ئادەمدىكى دەخلى-تەرۇزسىز مەۋجۇدىيەت، ئەركىنلىك ۋە بەخت ئىزدەش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن قىلىشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان ئاساس ئىدى.

ناھايىتى روشەنكى، رەڭلىك ئىرقلارغا ② نىسبەتەنمۇ ئامېرىكا بۇ چەكنى نەقلەشتۈرگىنى يوق. ئامېرىكا بۇ مۇقەددەس كېلىشىمنى

ھۆرمەت قىلماقتا يوق، ئەكسىچە «بانكا قالدۇقى يېتىشمەيدۇ» دەپ بەلگە قىلىنغان بىر دانە قۇيۇقۇرۇق چەكنى ③ نېگىرلارغا تۇتقۇزۇپ قويدى. بىز ئادالەت بانكىسىنىڭ ۋەيران بولۇپ كېتىشىگە ھەرگىز ئىشەنمەيمىز. پۇرسەت بىلەن تولغان بۇ دۆلەتنىڭ غايەت زور خەزىنىسىنى قۇرۇپ كەتتى، دېسە ھەرگىز ئىشەنمەيمىز. شۇڭا بىزگە ئەركىنلىك بايلىقى ۋە ئادالەتنىڭ ھىمايىسىنى ئاتا قىلىدىغان بۇ چەكنى نەقلەشتۈرگىلى كەلدۇق. بىز بۈگۈنكى ۋاقىتنىڭ تولىمۇ تەخىرسىزلىكىنى ئامېرىكىنىڭ سەمىگە سېلىپ قويۇش ئۈچۈن بۇ مۇقەددەس جايغا كەلدۇق. ھازىر سوغۇققانلىق ياكى سۇلھىچىلىك قاتارلىق تىنچلاندۇرۇش دورىسىنى ئىشلىتىدىغان چاغ ئەمەس. ھازىر دېموكراتىيە ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان چاغ؛ ھازىر ئىرقىي ئايرىمىچىلىقنىڭ زۇلمەتلىك، قاقاس جىلغىلىرىدىن ئىرقىي باراۋەرلىكنىڭ قۇياشلىق داغدام يولىغا قەدەم باسىدىغان چاغ؛ ھازىر پەرۋەردىگارنىڭ بارلىق ئوغۇل - قىزلىرىغا ④ پۇرسەت ئىشىكىنى ئاچىدىغان، دۆلىتىمىزنى ئىرقىي باراۋەرسىزلىكنىڭ قۇم - شېغىللىرىدىن، قېرىنداشلارچە دوستلۇقنىڭ مۇستەھكەم گرانىت تاشلىرىغا ئايلاندۇرىدىغان چاغ.

بۈگۈنكى كۈننىڭ تەخىرسىزلىكىگە سەل قاراش ۋە نېگىرلارنىڭ ئىرادىسىنى سەل چاغلاش بۇ دۆلەتكە نىسبەتەن بەك خەتەرلىك. ئەركىنلىك، باراۋەرلىككە تولغان راھەتلىك كۈز كۈنلىرى كېلىشتىن بۇرۇن، نېگىرلارنىڭ ھەققانىي نارازىلىقلىرى بىلەن تولغان دىمىق ياز ھەرگىز كەتمەيدۇ. 1963 - يىلى ئاخىرلىشىش ئەمەس، بەلكى بىر باشلىنىش. نېگىرلارغا ۋەدە قىلىنغان پۇقرالىق ھوقۇقى بېرىلىشتىن بۇرۇن، ئامېرىكا تىنچ ۋە ئارامخۇدا بولالمايدۇ. تاكى ئادىللىقتا تولغان يورۇق كۈنلەر كەلگۈچە قارشىلىق بورانلىرى دۆلىتىمىزنىڭ ئۇلىنى توختاۋسىز تەۋرىتىدۇ.

ئادىللىق ئوردىسىغا ئۆتىشىدىغان خاسىيەتلىك بوسۇغىدا تۇرۇۋاتقان قېرىنداشلىرىمغا دەيدىغان يەنە بىر مۇنچە گېپىم بار. قانۇنىي ئورنىمىزنى قولغا كەلتۈرۈش داۋامىدا قانۇنسىز ھەرىكەتلەر بىلەن ئۆزىمىزنى جىنايەت يولىغا ئىتتىرمەسلىكىمىز كېرەك. ئۆچمەنلىكنىڭ ئاچچىق شارابى بىلەن ئەركىنلىككە بولغان تەشنالىقىمىزنى باسساق بولمايدۇ. بىز كۈرىشىمىزنى ئىنسانىي غۇرۇر ۋە ئىنتىزام ئاستىدا مەڭگۈ ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك. ئىجادچانلىققا باي بولغان بۇ كۈرىشىمىزنى جىسمانىي ئوبيېكتقا قارىتىلغان زوراۋانلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇپ قويماسلىقىمىز كېرەك. بوشاشماي تىرىشىش ئارقىلىق روھىي كۈچ جىسمانىي كۈچ ئۈستىدىن غالىب كېلىدىغان مۇقەددەس ئورۇنغا چىقىشىمىز كېرەك. نۆۋەتتە پۈتكۈل نېگىرلار رايونىنى قاپلاپ كەتكەن، خۇددى مۆجىزىدەك يېڭىدىن پەيدا بولۇۋاتقان نېگىرلارنىڭ كۈرەشچانلىق روھى ھەرگىزمۇ ئاق تەنلىكلەرنىڭ بىزگە بولغان ئىشەنمەسلىك تۇيغۇسىنى كەلتۈرۈپ چىقارمىسۇن. چۈنكى بىزنىڭ نۇرغۇن ئاق تەنلىك قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بۈگۈن بۇ يەرگە كېلىشى، ئۇلارنىڭ تەقدىرى بىلەن بىزنىڭ تەقدىرىمىز ھەم ئەركىنلىكىمىزنىڭ چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. بىز ھەرگىز تەنھا ھەرىكەت قىلالمايمىز.

بىز ھەرىكەتكە ئۆتكەن ۋاقىتتا مەڭگۈ ئىلگىرىلەشكە، زادىلا چېكىنمەسلىككە جەزمەن كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك. بەزىلەر كىشىلىك ھوقۇق ھەرىكىتىگە ئۆزىنى بېغىشلىغانلاردىن: «سىلەر زادى قاچاندا قانائەت قىلىسىلەر؟» دەپ سورىشىدۇ. پەقەت نېگىرلار داۋاملىق ساقچىلارنىڭ كىشىنى ۋەھىمىگە سالىدىغان زورلۇقلىرىغا ئۇچراپلا تۇرسا بىز ئەبەدىي قانائەتلەنمەيمىز. سەپەرلەردە چارچاپ قالغانلىرىمىزدا يول بويلىرىدىكى ۋە شەھەرلەردىكى مېھمانخانىلاردىن قونالغۇ تاپالمىساق، بىز ئەبەدىي قانائەتلەنمەيمىز. «پەقەت ئاق تەنلىكلەرگىلا خاس» دەپ خەت يېزىلغان ئاشۇ تاختىلار باللىرىمىزنىڭ باللىق غۇرۇرى ۋە ئىززىتىنى داۋاملىق ۋەيران قىلىۋېرىدىكەن، بىز ئەبەدىي قانائەتلەنمەيمىز. نېگىرلارنىڭ نوپۇسى ئاشۇ كىچىكرەك نېگىرلار رايونىدىن سەل چوڭراق رايونلار ئوتتۇرىسىدىلا چەكلىنىپ قالىدىكەن، بىز ئەبەدىي قانائەتلەنمەيمىز. مىسسىسىپىدىكى نېگىرلار سايلامغا قاتنىشالمايدىكەن، نيۇ - يوركتىكى نېگىرلار سايلامنىڭ قىلچە پايدىسى يوق دەپلا قارايدىكەن، بىز مەڭگۈ قانائەتلەنمەيمىز. ياق، ياق، ئادىللىق خۇددى دەريا دولقۇنلىرىدەك تاشقىنلاپ كەلمىگۈچە بىز ئەبەدىي قانائەتلەنمەيمىز.

دوستلار، بۈگۈن سىلەرگە شۇنداق دېگۈم كېلىدۇ، گەرچە تۈرلۈك قىيىنچىلىق ۋە ئوڭۇشسىزلىقلار بولسىمۇ، مەندە شۇنداق ئارزۇ بار. بۇ «ئامېرىكا چۈشى» ⑤ گە مەھكەم يىلتىز تارتقان بىر ئارزۇ.

مەن بۇ دۆلەتنىڭ ھامان بىر كۈنى ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ئۆزى ئېتىقاد قىلىپ كېلىۋاتقان «بىز بارلىق ئادەملەر تۇغۇلۇشىدىنلا باراۋەر دېگەن سۆزنى شەكسىز ھەقىقەت دەپ قارايمىز» ⑥ دېگەن ئاشۇ ئەقىدىنى ئەمەلگە ئاشۇرىسىكەن، دەپ ئارزۇلايمەن.

مەن ھامان بىر كۈنى جورجىيا شتاتىدىكى قىزىل تاغلاردا قۇللارنىڭ باللىرى بىلەن قۇلدارلارنىڭ باللىرى بىر ئۈستەلدە قېرىنداشلارچە بىرگە ئولتۇرالىسا، دەپ ئارزۇ قىلىمەن.

مەن مىسسىسىپىغا ئوخشاش ئادالەتسىزلىك ۋە بېسىمنىڭ ناخۇش ھارارىتى بىلەن قاپلانغان قاقاس جاينىڭ ئەركىنلىك ۋە ئادالەت بوستانىغا ئايلىنىشىنى ئارزۇ قىلىمەن.

مەن ھامان بىر كۈنى تۆت بالامنىڭ تېرىسىگە قاراپ ئەمەس، پەزىلىتىگە قاراپ باھالايدىغان ئاشۇنداق بىر دۆلەتتە ياشىشىنى ئارزۇ قىلىمەن.

بۈگۈن مەندە شۇنداق بىر ئارزۇ بار:

مەن ئالاباما ⑧ شتاتىنىڭ ۋەزىيىتىدە ئۆزگىرىش بولۇپ، نېگىرلارنىڭ ئوغۇل - قىزلىرى ئاق تەنلىك ئوغۇل - قىزلار بىلەن قېرىنداشلارچە قول تۇتۇشۇپ، تەڭ ماڭسا دەپ ئارزۇ قىلىمەن.

بۈگۈن مەندە شۇنداق بىر ئارزۇ بار:

ھەر بىر تاغلار پەسلەپ، چوڭ - كىچىك ئېدىرلار تەكشىلىنىپ، ئېگىز - پەسلىكلەر تەپتەكشى بولۇپ، پەرۋەردىگارنىڭ نۇرى جىلۋە قىلغاندا، جىمى بارلىق جانلىقلارنىڭ بىرلىكتە بۇ مەنزىرىنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىمەن.

بۇ بىزنىڭ ئۈمىدىمىز. بۇ دەل مەن جەنۇبقا ⑨ بىللە ئەكېتىدىغان ئېتىقاد. مۇشۇ ئىشەنچ بولغاچقا، ئۈمىدسىزلىك تاغلىرىدىن ئۈمىد تاشلىرىنى پارچىلاپ چىقالايمىز. مۇشۇ ئىشەنچ بولغاچقا، دۆلىتىمىزدىكى ئەسەبىي داشقايناق سادالارنى دوستلۇقنىڭ گۈزەل سىمفونىيىسىگە ئايلاندۇرالايمىز. مۇشۇ ئىشەنچ بولغاچقا، بىز بىرلىكتە خىزمەت قىلالايمىز. بىز بىرلىكتە دۇئا قىلالايمىز. بىرلىكتە كۈرەش قىلالايمىز. بىرلىكتە كامېردا ياتالايمىز. بىرلىكتە ئەركىنلىكنى قولغا ئالالايمىز.

www.uyghurkitap.com

چۈنكى بىز هامان ئەركىنلىككە ئېرىشىدىغانلىقىمىزنى بىلىمىز.

ئاشۇ كۈن كەلگەندە، پەرۋەردىگارنىڭ بارلىق بالىلىرى هاياتىي كۈچكە تولغان خورنى بىللە ياڭرىتىدۇ:

ۋەتىنىم سەن ئۈچۈن
گۈزەل تۇپرىقىم سەن ئۈچۈن
ئۈزۈلمەيدۇ كۈيلىرىم.
ئەجدادلىرىم كۆمۈلگەن تۇپراق
بوۋام پەخىرلەنگەن تۇپراق
ئەركىنلىكنىڭ سادالىرى
ياڭرىسۇن تاغلار ئارا!

ئەگەر ئامېرىكا ئۇلۇغ دۆلەتكە ئايلانماقچى بولىدىكەن، بۇ نۇقتىنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرۇشى كېرەك. شۇڭلاشقا ئەركىنلىك سادالىرى يېڭى هامپشىردىكى ⑩ بۈيۈك چوققىلاردا ياڭرىسۇن! ئەركىنلىك سادالىرى پېنسىلۋانىيىدىكى⑪ بۈلۈتقا تاقاشقان ئالگېنىس تاغلىرىدا جاراڭلىسۇن!

ئەركىنلىك سادالىرى كولورادودىكى⑫ قارلار بىلەن قاپلانغان روكىز تاغلىرىدا جاراڭلىسۇن!

ئەركىنلىك سادالىرى كالىفورنىيىدىكى ⑬ ئۇزاقلاردا سوزۇلغان تاغ ئېدىرلىرىدا جاراڭلىسۇن!

بۇلار يېتەرلىك ئەمەس. ئەركىنلىك سادالىرى جورجىيادىكى⑭ ستون تېغىدا ياڭرىسۇن!

ئەركىنلىك سادالىرى تېننېسسىدىكى ⑮ لوكوت تاغلىرىدا ياڭرىسۇن!

ئەركىنلىك سادالىرى مىسسىسىپىدىكى ⑯ هەر بىر جايدا، هەر بىر چوققىدا ياڭرىسۇن! هەر بىر تاغدىن ئەركىنلىك سادالىرى ياڭرىغاي!

بىز ئەركىنلىك سادالىرىنى ياڭراتقان ۋاقتىمىزدا، بىزنىڭ سادالىرىمىز هەر بىر بۇلۇڭ، هەر بىر قىشلاق، هەر بىر شتات، هەر بىر شەهەردە ياڭرىغاندا، پەرۋەردىگارنىڭ بارچە بالىلىرى، مەيلى ئۇ نېگىر، ئاق تەنلىك، يەهۇدىي، غەيرىي يەهۇدىي، پروتېستانت⑰ مۇرىتلىرى ياكى كاتولىك مۇرىتلىرى بولسۇن، قولنى قولغا تۇتۇشۇپ نېگىرلارنىڭ: «ئاخىر ئەركىن بولدۇق! ئاخىر ئەركىن بولدۇق! پەرۋەردىگار رەهمەت ساڭا! بىز ئاخىر ئەركىن بولدۇق!» دېگەن قەدىمىي قەسىدىسىنى تەڭ توۋلايدىغان ئاشۇ خاسىيەتلىك كۈننىڭ كېلىشىنى تېخىمۇ تېزلىتەلەيمىز.

### تەرجىماندىن ئىزاهلار

① ئاپتور بۇ يەردە ئامېرىكا رەئىس جۇمهۇرى ئابراهام لىنكولننى دېمەكچى.

② ئاپتور نېگىرلاردىن باشقا ئىرقلارنى كۆرسەتمەكچى.

③ بۇ رېئال چەك ئەمەس، بەلكى ئاساسىي قانۇندىكى نېگىرلار هوقۇقىنى كۆرسىتىدۇ.

④ خرىستىئان دىنىدا پەرۋەردىگارنىڭ بالىلىرى بار، دەپ قارىلىدۇ. ۇ يەردە ئاپتور ئامېرىكا پۇقرالىرىنى كۆزدە تۇتۇۋاتىدۇ.

⑤ دۇنيادىكى سان ـ ساناقسىز ئادەم ئامېرىكىنىڭ ئەركىن پۇقراسى بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇنى «ئامېرىكا چۈشى» دەپ ئاتىغان.

⑥ دۇنياغا مەشهۇر ئامېرىكا «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى»دە مۇشۇ سۆزلەر بار.

⑦ كۆڭۈلگە ياقمايدىغان، كىشىنى بىزار قىلىدىغان مەنىسىدە.

⑧ ئامېرىكىدىكى شتات.

⑨ ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىدا قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ تەسىرى بەك ئېغىر.

⑩ ، ⑪ ، ⑫ ، ⑬ ، ⑭ ، ⑮ ، ⑯ ئامېرىكىدىكى شتاتلار.

⑰ خرىستىئان دىنىنىڭ بىر تارمىقى.

---

شاڭخەي چەت ئەل تىللىرى مائارىپى نەشرىياتى 1999 ـ يىل ئاپرېلدا نەشر قىلغان «ئالىي مەكتەپ ئىنگلىز تىلى» دەرسلىكىنىڭ 5 ـ قىسمىدىن **سۇلايمان قەييۇم** تەرجىمىسى

# ئەركىنلىك ساهىلىدىكى قارا ماياك

ـــمارتىن لۇتېركىڭ ۋە ئۇنىڭ «مېنىڭ ئارزۇيۇم» دېگەن نۇتقىنى تەرجىمە قىلىشتىن ئويلىغانلىرىم

**سۇلايمان قەييۇم**

ئۇنىڭ يۈرەكلەرنى لەرزىگە سالىدىغان ئاجايىپ نۇتقى ۋە تەسىرلىك ئىش ـ ئىزلىرى ئۇنىڭ نامىنى ئامېرىكىغىلا ئەمەس، پۈتكۈل دۇنياغا تارقىتىۋەتتى.

ئۇنىڭ رەڭگى تۇم قارا، ئەمما ياڭراق ئاۋازى، ئىنسانىيەتكە بولغان مۇهەببەتلىك قەلبىدىن ئاپئاق نۇرلار توختاۋسىز چاقناپ تۇرىدۇ. بۇ نۇر ئادەملەرنىڭ قەلبىدىكى زۇلمەتنى هېلىهەم يورۇتۇپ تۇرىدۇ.

ئۇنىڭ بۇ مەشهۇر نۇتقىنى شۇ كۈنى پىدائىيلارچە كەلگەن 250 مىڭ ئادەم ۋاشىنگتوندىكى رەئىس جۇمهۇر ئابراهام لىنكولننىڭ هەيكىلى ئالدىغا يىغىلىپ ئاڭلىغانىدى. بۇ سان بىزدىكى ئوتتۇراهال بىر ناهىيىنىڭ نوپۇسىغا توغرا كېلىدۇ. بىزدە بۇنداق ساننى تەسەۋۋۇر قىلغىلىمۇ بولمايدۇ. بىزدە 250 مىڭ ئەمەس، 250 ئادەمنى بىر يەرگە يىغىپ بەرسە، ئۇخلىتىپ قويماي ياكى غۇدۇراتماي، تېنىمەي يېرىم سائەت گەپ قىلالايدىغان ئادەملەر ئانچە كۆپ ئەمەس.

پاساهەت تۆكۈلۈپلا تۇرىدىغان، قىزغىنلىق، سەمىمىيەت، ئۈمىد ۋە سۆيگۈ بالقىپ تۇرىدىغان بۇ نۇتۇقنىڭ تەسىر كۈچى ئاللىبۇرۇن ئامېرىكىدىن هالقىپ كەتتى.

ئۇ، نۇتقىدا ئامېرىكا ئىنچىكە سەل قاراپ كېلىۋاتقان ئىنتايىن مۇهىم بىر مەسىلىگە جاۋاب تاپقان. ئۇ: «مەيلى نېگىرلار ياكى ئاق تەنلىكلەر بولسۇن، چوقۇم باراۋەر بولالايدۇ. چۈنكى ئادەملەر كۆڭلىدە بەزىلەرنى ئۆزىدىن پەس تۇرىدۇ دەپ قارىسا، دەل شۇ ۋاقىتتا بەزىلەرنىڭ ئۆزىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان بولىدۇ ـ دە، ئۆزىنى كەمسىتكەن بولىدۇ» ①دەپ قارايدۇ.

ئۇ چېركاۋدا نۇتۇق سۆزلەۋاتقاندا بىر ئاق تەنلىك ئەسەبىي ئىرقچىنىڭ ئوقىدا بىئەجەل قازا قىلدى. بىراق ئۇ «مېنىڭ ئارزۇيۇم» دېگەن مەشهۇر نۇتقى بىلەن نەچچە مىليون يۈرەكتە تىرىك ياشىماقتا. ئۇ قەستكە ئۇچراپ جان ئۈزۈش ئالدىدا: «مەن كىشىلەرنىڭ مۇشۇ

كۈندە مارتىن لۇتېركىڭ دېگەن ئىسمنى تىلغا ئېلىشنى ھەم ھاياتىنى باشقىلارغا ئاتىشنى خالايمەن» [2] دەپ يېزىلايدۇ.

ئۇ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا 29 قېتىم تۈرمىگە كىردى. ئەمما ئۇنىڭ قەتئىي ئىرادىسى، مول بىلىمى ۋە يۈكسەك ئىناۋىتى ئۇنى ئامېرىكا نېگىرلار ھەرىكىتىنىڭ داھىيسىغا ئايلاندۇردى.

ئۇ كىشى كىم؟ ئامېرىكا نېگىرلار ھوقۇقى ھەرىكىتىنىڭ داھىيسى، ئىرقچىلىققا «زورلۇق كۈچىسىز قارشى تۇرۇش»نى تەشەببۇس قىلىپ، ئۇنى ئۆز ھاياتى ئارقىلىق ئىسپاتلىغۇچى مارتىن لۇتېركىڭ. ئۇنىڭ ھاياتى بىلەن تونۇشۇپ قويۇش ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن ئەھمىيەتسىز بولمىسا كېرەك.

دوكتور مارتىن لۇتېركىڭ 1929 ـ يىلى 15 ـ يانۋاردا ئاتلانتادىكى پوپ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، بوۋىسى قۇل ئىدى. ئۇ بىر قانچە ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتكۈزۈپ، ئىلاھىيەتشۇناسلىق ئىلمى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغان.

ئۇ ئىنچىل ھالدا ئامېرىكىدىكى ئىرقچىلىق تۈزۈمىگە قارشى «زورلۇق كۈچىسىز قارشىلىق ھەرىكىتى»نى قانات يايدۇرغان. 1963 ـ يىلى 28 ـ ئاۋغۇستتا ۋاشىنگتوندا 250 مىڭ ھەرمىللەت خەلقى ئۇنىڭ مۇشۇ نۇتقىنى ھاياجان ئىلكىدە ئاڭلىغان. ئۇ يۇقىرىقى تۆھپىلىرى بەدىلىگە 1964 ـ يىلى «نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتى»غا نائىل بولۇپ، پۈتكۈل دۇنياغا تېخىمۇ تونۇلدى. 1968 ـ يىلى 4 ـ فېۋرالدا تېنېسسى شتاتىدىكى بىر چېركاۋدا نۇتۇق سۆزلەۋاتقاندا بىرئاق تەنلىك ئەشەددىي ئىرقچى تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن. بۇ ئىشتىن كېيىن ئۇ ئامېرىكا خەلقىنىڭ قەلبىدىكى قەھرىمانغا ئايلانغان. 1983 ـ يىلى شۇ چاغدىكى رەئىس جۇمھۇر رېگان «مارتىن لۇتېركىڭ بايرىمى»غا قانۇنىي ھۆججەت تەرىقىسىدە ئىمزا قويدى. 1986 ـ يىلدىن باشلاپ ھەر يىلى يانۋارنىڭ ئۈچىنچى دۈشەنبە كۈنىدىن تارتىپ بىر ھەپتە «مارتىن لۇتېركىڭ بايرىمى» دۆلەت بويىچە تەنتەنىلىك خاتىرىلىنىپ كېلىنمەكتە. ئامېرىكىدا مۇشۇ ئۇسۇلدا پەقەت ئىككىلا ئادەم خاتىرىلىنىدۇ. يەنە بىرى جورجىي ۋاشىنگتون [3]. «ھازىر 100 دىن ئارتۇق دۆلەتتە ئىرقچىلىققا قارشى بۇ قەھرىماننى تۈرلۈك شەكىلدە خاتىرىلەپ كەلمەكتە» [4].

بۇنداق ئەھۋال باشقا مەشھۇر شەخسلەردە ئانچە كۆپ كۆرۈلمەيدۇ. نۆۋەتتە نۇرغۇن دۆلەتتە «مارتىن لۇتېركىڭ تەتقىقات ئورنى» قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ كۈرەشچان ھاياتى، پەلسەپىسى، نەزەرىيىسى مەخسۇس تەتقىق قىلىنىپ، شۆھرىتى يىلسېرى ئېشىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ «ئامېرىكا ئاساسىي قانۇنى» ۋە «نېگىر قۇللارنى ئازاد قىلىش خىتابنامىسى» ئاساس قىلىنىپ ئامېرىكىنىڭ ئىرقىي كەمسىتىش سىياسىتىگە قاتتىق زەربە بېرىلگەن، ئىنسانپەرۋەرلىك روھى بىلەن سۇغۇرۇلغان، سىياسىي داھىيلارغا خاس سالاپەت، ئىنقىلابچىلارغا خاس ئوتتەك قىزغىنلىق ئۇرغۇپ تۇرغان («ئالىي مەكتەپ تىل ـ ئەدەبىياتى» دەرسلىكى (ئۇيغۇرچە) دىن. — مەسئۇل مۇھەررىردىن تولۇقلىما) بۇ دۇنياۋى شۆھرەتلىك نۇتقى دۇنيادا كۆپ تىلغا تەرجىمە قىلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئېلىمىز ۋە ئاپتونوم رايونىمىز ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ دەرسلىكلىرىگە دۇنياۋى مەشھۇر نۇتۇقلاردىن نەمۇنە سۈپىتىدە كىرگۈزۈلگەن (مەسئۇل مۇھەررىردىن تولۇقلىما).

دەرۋەقە، ئۇنىڭ تىرىشچانلىقلىرى بىھۇدە بولمىدى. ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ئۇ باشلىغان مۇقەددەس ئىشلارنى توختاۋسىز ئېلىپ باردى. ئۇنىڭ رەپىقىسى كورېتتا سكوت كىڭ قەدىنىسىنىڭ ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ «كىڭ بايرىمى»نى خاتىرىلەش مۇراسىمىدا سۆزلىگەن «كىڭ بايرىمىنىڭ ئەھمىيىتى» دېگەن نۇتقى ئىنتايىن مەشھۇر.

ئېرىگە ۋە ئۇنىڭ كەسپىگە بولغان مۇنداق پىداكارانە مۇھەببەت ۋە ۋارىسلىقنى پۇل ۋەسۋەسىسى ۋە شەخسىيەتچىلىك غەۋغالىرى بىلەن لىق تولغان بۇ دۇنيادا بارغانسېرى كەم ئۇچرىتىۋاتىمىز. «مارتىن لۇتېركىڭ بايرىمى»دا ئامېرىكىنىڭ بارچە شتاتىدا ۋە 100 دىن ئارتۇق دۆلەتتە «مېنىڭ ئارزۇيۇم»نىڭ ئۈن ـ سىن لېنتىسى بىر ھەپتە جارالىنىدۇ. كىشىلەر بالىلىرىنى ئېلىپ «مارتىن لۇتېركىڭ خاتىرە سارىيى»، ئۇ قەستكە ئۇچراپ ۋاپات بولغان چېركاۋ ۋە ئۇنىڭ تۇپراق بېشىغا بېرىپ، ئۇ قارا چولپاننى چوڭقۇر ياد ئېتىدۇ.

مارتىن لۇتېركىڭ نېگىرلاردىن يېتىشىپ چىققان مەشھۇر ئىجتىمائىي پائالىيەتچى، سىياسىيون، ناتىق ھەم ئەدىب. ئۇ ۋەكىللىكىدىكى بىر تۈركۈم نېگىر سىياسىيونىنىڭ ھارماي ـ تالماي تىرىشىشى بىلەن ئامېرىكا ئاخىر ئۆزى ۋەدە قىلغان چەكنى نەقلەشتۈردى.

گەرچە ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىدا ئىرقىي كەمسىتىشكە ئۈزۈل ـ كېسىل خاتىمە بېرىلمىگەن، نېگىرلار جۈملىدىن ئاق تەنلىكلەردىن باشقا ئىرقلارغا قارىتىلغان يەكلەش ۋە كەمسىتىش تېخى تولۇق تۈگىتىلمىگەن بولسىمۇ، ئاخىرى ئامېرىكا ۋە دۇنيادىكى نېگىرلار ئارىسىدىن مەشھۇر كىشىلەر تۈركۈملەپ يېتىشىپ چىقتى. دۇنيا ۋە ئامېرىكا سىياسىي سەھنىسىدىكى مەشھۇر سىياسىيونلار، دۇنيا تەنھەرىكەت مۇنبىرىدىكى مەشھۇر قارا چولپانلار، سوت مۇنبىرىدىكى سودىيلەر، مەشھۇر ئۇنىۋېرسىتېتلاردىكى نېگىر ئالىملار، ئادۋوكاتلار، كىنو ـ ناخشا چولپانلىرى نېگىرلارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ئورنىنىڭ كۆتۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ.

سۆزىمىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە بەزى مەشھۇر نېگىرلارنى تىلغا ئالساق كۇپايە. ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ رەئىس جۇمھۇرى جورجىي ۋالكىېر بۇشنىڭ ئالدىنقى قېتىملىق ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدىكى دۆلەت خەۋپسىزلىكى بويىچە ياردەمچىسى، ھازىرقى دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى كوندولىزا رېيىس ۋە بۇش ئالدىنقى قېتىم ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدىكى دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى، يامايكىلىق نېگىر پۇشتى كولىن پوۋېل، ئامېرىكىدا ئۆتكۈزۈلگەن 26 ـ نۆۋەتلىك دۇنيا ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ مەشئىلىگە ئوت ياققان «دۇنيا بوكس شاھى» مۇھەممەدئەلى، «ئۇچار ئادەم» دەپ لەقەمى بار نېگىر ۋاسكېتبول چولپىنى مايكىل جوردان، يەنە دۇنيا تولغىما ناخشىچىلىقىنىڭ پىرى مايكىل جېكسون، 27 يىل كامېر ئازابىنى تارتىپ ئىرادىسىدىن تەۋرەنمەي ئاخىر جەنۇبىي ئافرىقىنى نۇرغا تولدۇرغان ئۇلۇغ داھىي، «نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتى»نىڭ ساھىبى نېلسون ماندېلا، ب د ت نىڭ باش كاتىپى كوففى ئانان...لارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزلىرىدىن قاپقارا رەڭ تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان بۇدرە چاچلىق نېگىرلاردۇر.

نۇتۇقشۇناسلىق بىزدە تېخى مۇكەممەللەشكىنى يوق. ئەمما تۇرمۇشتا نۇتۇقنىڭ رولىدىن خالىي ياشىغىلى بولمايدۇ. يەر شارىدىكى 100 نەچچە دۆلەتكە تەسىر كۆرسەتلىگەن دۇنيادىكى سەككىز مەشھۇر ناتىق (بۇلارنىڭ ئېيسىمدە قالغانلىرى لېنىن، ستالىن، چېرچىلل، ئەپلاتون، گەندىي) نىڭ بىرى دەپ شۆھرەتلەنگەن بۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ نەچچە مىليون يۈرەكنى تىترەتكەن ئۇلۇغ نۇتقىنى تەرجىمە قىلىشنىڭ، يەنە كېلىپ ئەينى تىلدىن تەرجىمە قىلىشنىڭ ئەھمىيەتلىك ئەمگەكلىكىنى ھېس قىلدىم.

بىز نۇتۇق دېگەن گەپ بىلەن لېكسىينى دائىم ئارىلاشتۇرۇۋېتىمىز. نۇتۇق دېگەن گەپ بولۇنسىلا، چېچى ئاپئاق بەزى پروفېسسورلارنىڭ يۇقىرى گرادۇسلۇق كۆزەينىكىنى تاقاپ، تۇتۇقۇمدەك

قىلىن، قىرچىلىپ ⑤ كەتكەن، كەم دېگەندە 20 يىللىق تارىخقا ئىگە
قەدىمكى لېكسىيە خاتىرىسىنى يېيىپ، ئاللىقاچان تارىخنىڭ ئەخلەتگە
ئايلىنىپ كەتكەن چاۋار ـ چاتقاللارنى سىزگە قايتا ئېزىپ ـ ئىچۈرى-
دىغان ئېتىقسىز كۆرۈنۈش ئەسكە كېلىدۇ.

بۈرۈن ئاجايىپ ناتىقلار بوپتىكەن. ئۇلۇغ بۇددا مۇتەپەككۇرى،
كۇسەنلىك كۇمراجىۋا چاغئەندە لېكسىيە سۆزلىسە، پۈتكۈل چاغئەن
لەرزىگە كېلەركەن، نەۋائىي ھەزرەتلىرى نۇتۇق سۆزلىسە، ھۈسەيىن
بايقارا ئوردىسىنى ھەيرەتكە سالارئىكەن. مەرھۇم سەيپىددىن ئەزىزىي
«ئۆمۈر داستانى»دا: «مەن ھازىرغىچە بىزدە ئاجايىپ ناتىقلاردىن
ئىككى ئادەمنى ئۇچراتتىم، بىرى، ئەھمەدجان قاسىمي، بىرى مەمتىلى
تەۋپىق» دەپ يازىدۇ.

بىرەر قېتىملىق نۇتۇق ياكى لېكسىيىنىڭ رولىغا سەل قارىغىلى
بولمايدۇ. ئۇ، پىكىرلەرنى نۇرغۇن قەلبكە چاچىدۇ، پىكىرلەر ئۇ يەردە
جۇغلىنىپ، ئىجادىيلىق ۋە تەپەككۇرنىڭ يارقىن نۇرىنى چاقنىتىدۇ.
نۇتۇق دېگەن سىزگە ئانچە ـ مۇنچە شەيدائىي ئوت سالالمىسا، ئۇنىڭ
ئۈيقۇ دورىسى ياكى ئەللەي ناخشىسىدىن ئۆزگە رولى بولمايدۇ. ئالىي
مەكتەپلەردە مۇنداق ھادىسە تولا. نۇتۇق ئارقىلىق زىيالىيلار بىلەن
ئاۋام ئوتتۇرىسىدىكى قېلىن قاشا تاملارنى نېپىزلىتىشكە بولىدۇ. لېكىن
بىزدىكى بەزى زىيالىيلار ئىشخانىلىرىغا مەھكەم قامىلىۋالغانلىكى، قۇ-
لۇلدەك ئۆزىنىڭ قېپىدىلا مىدىرلاپ يۈرۈشىدۇ. ئۇلار ئىجتىمائىي
پائالىيەتتىن قاچىدۇ. ئۇلار خۇددى ئابدۇقادىر جالالىدىن يازغاندەك
«قۇرتنى تەتقىق قىلغانلار قۇرتقا، كىتاب يازغانلار قامۇسقا» ئايلىنىپ
قالغان. ئۇلاردىن تىرىك بىلىملەرنىڭ ھاياتبەخش ھىدى پۇرىمايدۇ.

«مېنىڭ ئارزۇيۇم» نۇتۇق دېگەننىڭ ئەسلىي قانداق بولىدىغانلى-
قىنى ئاز ـ تولا ئەسلەتتى. نۇتۇقشۇناسلىق خەلقئارادا يۈكسەك ئابرۇيغا
ئىگە بىر پەن بوپقالدى. ناتىق دېسە بىز دائىم پوپلارنى، ئىمام ـ خاتىپ-
لارنى، سىياسىيونلارنىلا كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىمىز. نۇتۇق ـ سىز بىز-
گىمۇ تازا لازىم بولىدىغان كاتتا ئىلىم. ئەمما ناتىق بولۇش ئوڭاي ئە-
مەس. ناتىق بولۇش ئۈچۈن ئەدەبىيات، تىل، ئىستىلىستىكا، ئېستېتىكا،
لوگىكا، پسىخولوگىيە، پەلسەپە قاتارلىق ئۇنىۋېرسال بىلىملەر ھەتتا
ئاكتىيورلۇق (بىز بۇنى رولشۇناسلىق دەپ ئاتىساق مۇۋاپىق بولار)
پەنلىرىنىمۇ ئاز ـ تولا بىلىپ قويمىساقمىز بولمايدۇ. مارتىن لۇتېركىنگ-
دەك ناتىق بولۇش ئۈچۈن يۇقىرىقى شەرتلەر ھەرگىزمۇ كۇپايە قىلماي-
دۇ. يۇقىرىقى ئويلار مەزكۇر نۇتۇقنى تەرجىمە قىلىشقا سەۋەب بولغان
بىر ئامىل. يەنە بىر مۇھىم ئامىلمۇ بار: نەچچە يىل ئاۋۋال رەئىس جياڭ
زېمىن ئاقسارايدا ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ شۇ چاغدىكى رەئىس
جۇمھۇرى ۋىليام كلىنتون بىلەن دوستانە قول سىقىشقاندا شۇنداق دەي-
دۇ: «جۇڭگو ـ ئامېرىكا شەرقىي ۋە غەربىي يېرىم شاردىكى ئىككى
ئۇلۇغ دۆلەت ھەم ئىككى ئۇلۇغ خەلق. بۇ ئىككى خەلق بىر ـ بىرىنىڭ
ئىدېئولوگىيىسى، خاراكتېرى، كۆرەشچانلىق ئەنئەنىسى، تارىخى، پەل-
سەپىسى، سىياسىي تۈزۈلمىسى، مەدەنىيىتىنى چوڭقۇر چۈشىنىشى ۋە
ھۆرمەتلىشى كېرەك. دۇنيا خەلقى بىر ـ بىرىنى ياخشى چۈشىنىشكە
موھتاج. بىز شۇنداق بىر دەۋردە تۇرۇۋاتىمىز. بىز ئوخشىمىغان سادا-
لارنى ئاڭلاپ بېقىشىمىز كېرەك. بۇ، ئىككى دۆلەتنىڭ كەلگۈسىدىكى
دوستانە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئاساسىي بوپقالىدۇ. بۇ، دۇنيا
تىنچلىقى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈنمۇ بەك مۇھىم». رەئىس خۇجىنتاۋ ئا-
مېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ ھازىرقى رەئىس جۇمھۇرى جورجىي ۋالكې-
ربۇش بىلەن كۆرۈشكەندىمۇ جۇڭگو ۋە ئامېرىكا خەلقلىرىنىڭ دوستا-
لۇقى ھەققىدە ئەڭ ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۈردى.

مارتىن لۇتېركىڭنى چۈشىنىشتىن مەقسەت ئامېرىكىنىڭ ئىرقىي
كەمستىش تارىخىنى چۈشىنىش، تېخىمۇ مۇھىمى، مىللەت، دىن،
ئىرقلاردىن ھالقىغان ھالدا ئىنسانلارنىڭ بىر ـ بىرىنى چۈشىنىشنى
ئىلگىرى سۈرۈپ ئىنسانپەرۋەرلىككە قەدەم ئېلىش، دۇنيا تىنچلىقىغا
تۆھپە قوشۇشتىن ئىبارەت (مەسئۇل مۇھەررىردىن تولۇقلىما).

دۆلىتىمىز ۋە خەلقىمىز ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە تەرەققىياتنى خا-
لايدۇ ھەم دۇنيانىمۇ شۇنداق بولسىكەن، دەپ ئارزۇ قىلىدۇ. بۇ،
بىزنىڭ ئىزچىل مەيدانىمىز، ھەم بۇ «مېنىڭ ئارزۇيۇم» نىڭ ئا-
ساسىي روھى.

## ئىزاھلار

① «ئالىي مەكتەپ ئىنگلىز تىلى تەكرار يېتەكچىسى»، ماشىنىسازلىق سانائىتى نەشرىياتى 2002 ـ يىل نەشرى 408 ـ بەتكە قاراڭ.

② yahao. com دىكى مارتىن لۇتېركىڭغا ئائىت تور بې-تىگە قاراڭ.

③ «ئالىي مەكتەپ ئىنگلىز تىلى»، شاڭخەي چەت ئەل تىللىرى مائارىپى نەشرىياتى 1999 ـ يىل ئاپرېل نەشرى 5 ـ قىسىم 228 ـ بەت.

④ «yahao. com» دىكى مارتىن لۇتېركىڭغا ئائىت بەت-لەرگە قاراڭ.


⑤ چەت، چۆرىسى تىتىلىپ، بۇزۇلغان مەنىسىدە.

---

تەرجىمان: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات كەسپى بويىچە ماگىستىر ئاسپىرانتى

ئاپتورلار ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ ژۇرنالغا بېرىلگەن ياكى بې-
رىلمىگەنلىكىنى ژۇرنالدىن كۆرۈۋالسا بولىدۇ، تېلېفون بېرىپ
سۈرۈشتۈرۈش ھاجەت ئەمەس. زۆرۈر تاپسا تەھرىراتىمىز ئاپ-
تورلار بىلەن ئۆزى ئالاقىلىشىدۇ.
——«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى

# ساتىراش ئاكا، بۈگۈن نېمىشقا پۇل تاپالمىدىڭ؟



بۈگۈن پۇل تاپالمىدىم ئادىل ئىسمائىل فوتوسى

تۇرسۇن تۇردى

ئادەتتە خاتىرە قالدۇرۇش ئۈچۈن سۈرەتكە چۈشكەن كىشى سۈرەتنى قولىغا ئېلىپلا ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ جامالىنى ئىزدەيدۇ. مەنمۇ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا ئانچە ـ مۇنچە بىر نېمىلەرنى ئەۋەتىپ تۇرغاچقا، ھەر قېتىم ژۇرنالنى قولۇمغا ئېلىپلا ئۇنىڭ مۇندەرىجىسىدىن «تۇرسۇن تۇردى» دېگەن ئىسمىنى ئىزدەيمەن. ئەمما، بۇ قېتىم «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2004 ـ يىل 6 ـ سانىدا ئۇنداق ئۆزۈمنى ئىزدەيدىغان ئىش بولمىدى. چۈنكى بۇ ساندىكى مۇقاۋىنىڭ 4 ـ بېتىگە بېرىلگەن ئادىل ئىسمائىلنىڭ «بۈگۈن پۇل تاپالمىدىم» دېگەن فوتو سۈرەت ئەسىرىگە كۆزۈم چۈشۈپ قېلىشى بىلەن تەڭ يۈرىكىم ئورنىدىن لوككىدە تۇردى ـ دە، ئىختىيارسىز ھالدا بۇ «پۇل تاپالمىغان ئاكام» بىلەن بىردەم ھال ـ مۇڭ بولۇپقالدىم.

## مۇڭداشقىلى مەن كەلدىم

ـــ ھەي ئۇكا، ـ دېدى ئۇ زورايغان قوللىرى بىلەن تېرىلىرى قورۇشۇپ كەتكەن يۈزلىرىنى شار ـ شۇر سىلاشتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن جاۋغايلىرىنى چوجەپ قويۇپ، ـ بىز دېگەن ئاتا ـ بوۋىمىزدىن دېھقان جەمەتى دېگىنە. ئۇرۇق ـ ئەۋلادىمىز ئىچىدە بۇرۇنمۇ، ھازىرمۇ ھۆكۈمەتنىڭ قويىنىغا كىرىپ ئايلىق ئالالىغان لىڭسىگۇڭ (ۋاقىتلىق ئىشچى) چاغلىق بىرەرسى بولغان ئەمەس. مېنىڭچە، جاھاندا «يەر ـ ئالتۇن قوزۇق» دېگەن ھېكمەتكە بىزدەك ئەمەل قىلغان جەمەت بولمىسا كېرەك. كېيىنكى چاغلاردا، مەن يەرگە شۇنچە ئىشلەپمۇ جېنىمنى جان ئېتەلمەي دېھقانچىلىقتىن رايىم يېنىپ، باشقا بىرەر كەسىپ ياكى ئوقەت قىلىشقا تۇيۇندۇم. نېمىسىنى ئېيتسەن ئۇكا، ھۈنەر ـ كەسىپمۇ ئادەم تاللايدىكەن، ئوقەتمۇ ھەممىلا ئادەمگە ئالدىنى قىلىۋەرمەيدىكەن: سېتىقچىلىق قىلساڭمۇ، ئەمما خەق ئالغان پايدىنى سەن ئالالمايدىكەنسەن؛ خەققە ئوخشاش كاۋاپچىلىق قىلساڭمۇ، خەق پەيدا ئالسا سەن زىيانغا ئولتۇرىدىكەنسەن؛ خەقنىڭكىگە ئوخشاش ئۈچ چاقلىق موتسىكلىت بىلەن كىراكەشلىك قىلساڭمۇ، لېكىن باشقىلار تاپقان كىرا پۇلنى سەن تاپالمايدىكەنسەن! ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، «ئوت

www.uyghurkitap.com

بازار» بولۇپ مېڭىۋاتقان ئاشخانىنى ئاشپەزلىرى بىلەن قوشۇپ ئېلىپ ماڭغۇزاي دېسەڭ، ئاشخانا سېنىڭ قولۇڭغا ئۆتۈشكىلا بازار ئۆلىدۇ، دېسە؟ خۇددى بىرسى سەن بىلەن قېرىشىۋاتقاندەكلا... ھەي ي ... بۇ ئۆمرۈمدە مەن كىرمىگەن تىرىكچىلىكنىڭ كوچىسى قالمىدى، ئۇكا. ئەمما ھېچقايسىسى مېنى قويىنغا ئالمىدى! بۇ ھەقتىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ كەلسەم، ماۋۇ يېڭى ئەسىرمۇ كونىراپ كېتىدۇ ـ ھە! بەزىدە ھېلىقى دېھقانلارنىڭ ئەڭگۈشتىرى بولغان «ئالتۇن قوزۇق» ـ يەر ھەققىدە كۆپۈرلۈق سۆزلەپ قويىدۇممۇ ـ يا؟ دەپ ئويلاپ، كەتمىنىمنى قايتا قولۇمغا ئالغۇم كېلىدۇ ـ يۇ، دېھقانىنىڭ ھالىغا قاراپ تېنىم شۈركەنگەن ھالدا نىيىتىمدىن يېنىپ قالىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ياش بىر يەرگە بېرىپ قالدى، ئەمدى بۇ سۆلى قاچقان تەن يەرنىڭ جاپاسىنى كۆتۈرەلمەيدۇ، شۇڭا قايسىبىر ۋاقىتلاردا ئۆگىنىۋالغان ساتىراشلىق ھۈنىرىم بىلەن جان ساقلاپ كېلىۋاتىمىز، ئۇكا. دەسلىپىدە بۇ ھۈنەرنىڭ نېنىمۇ خېلى بىر ئاچقان يەرگە باراتتى. بىراق كېيىنچە ئاۋۇ چەت ئەللىك بەزى زەيپانىلەرنىڭ خوتۇن كىشىدەك چاچ قويىدىغان ئادىتى ياشلىرىمىزغا يۇقۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ناھايىتى ئەپلىك ساقال ئالغۇچىلار پەيدا بولغاندىن بېرى خەقلەر ساقىلىنى ئۆزى ئالىدىغان بولۇۋالدى، شۇنىڭ بىلەن بىزدەك ساتىراشلارغا ئاشۇ قولى تىترەيدىغان قېرى ـ چۈرىلەرلا قالدى. يامان يېرى، ئۇلار كۈندىن ـ كۈنگە ئازلاپ كېتىۋاتىدۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەندەك ساتىراشلارنىڭ كۈنى... — ئۇ چىشىنى چىشىغا قاتتىق باسقان بولسا كېرەك، شۇڭا ياڭىقى لۈمۈلدەپ، مۈڭلۈق چىقىر كۆزلىرى بىردىنلا غەرەپلىك تۇس ئېلىپ جىمىپ قالدى.

مەن تەقدىرنىڭ ئۇنىڭغا سالغان جاپالىرىغا قارىتا كۆڭۈل ياساش يۈزىسىدىن بولسىمۇ بىرەر تەسەللىي بېرىپ قويماقچى بولدۇميۇ، ئەمما گەپنى قانداق، قەيەردىن باشلاشنى بىلمىگەچكە، كۆزۈمنى پارقىرىتىپ تۇرۇشتىن باشقا ھېچنېمە قىلىپ بېرەلمىدىم. مېنىڭ بۇ بىچارە تۇرقۇم ئۇنىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ يېرىم قىلىۋەتكەن بولسا كېرەك، بىر چاغدا ئېسىمگە كېلىپ قارىسام، ئۇ خېرىدارسىز قالغان ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە لۆڭگىسى بىلەن پەشتامبىلىنى قاتلاپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بېلىكىنى ئالماپ، بىلەكىگە ئېڭىكىنى تىرىگىنىچە خۇددى «ئېگىزگە چىقىپ يىراققا نەزەر سېلىۋاتقان» دانا كەبىي ئۆزىنىڭ ھايات مۇساپىسىدا ئۇچرىغان ۋە ھېس قىلغانلىرىدىن خۇلاسە چىقىرىۋاتقاندەك ئولتۇرۇپتۇ. تۇرۇپلا ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكى ئەزالارنىڭ ئەھۋالىنى بىلگۈم كېلىپ سوراي دەپ تۇرسام، ئاڭغىچە ئىشىك چېكىلىپ قالدى. بېرىپ ئىشىكنى ئاچسام، بوسۇغىدا ئوتتۇرا بوي، چىلق سەمرىگەن، قىزىل ھەم سۈزۈكلۈكىدىن كاچىتىنىڭ قىلدام تومۇرلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان، پاقلان بولغان بوۋاقنىڭ كاسىسىنى ئەسكە سالىدىغان پارقىراق يۈزىگە قاپقارا يال ـ يال ساقىلى خويمۇ ياراشقان بىر دېۋانە قولىنى دۇئاغا كۆتۈرگىنىچە ماڭا ۋە ئائىلەمگە زور بەخت ـ بەرىكەت تىلەپ گۆشۈيۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ بىزەڭلىك يېغىپ تۇرغان يىرگىنچلىك چىرايىنى ئاۋۇ «پۇل تاپالمىغان» ساتىراش ئاكامنىڭ تىرىكچىلىكنىڭ خىلمۇخىل قىسمەتلىرى چوڭقۇر ئىز سالغان جاپاكەش چىرايىغا سېلىشتۇرۇپ، شۇنداق ئاچچىقىم تۇتتىكى، گەجگەم غۇززىدە قورۇلۇپ، پۈتۈن ئەزايىم ئوت ئالغاندەك قىزىپ كەتتى. ئەگەر روزا ـ رامىزان ئايلىرى بولمىغان بولسا، بۇ تىرىكتاپ ئوغرىنىڭ يۈزىگە شالاقىدە بىرنى تۈكۈرۈپ، كۆتىگە تەپكەن پېتىم قوغلاپ چىقىرىۋەتكەن بولاتتىم! ئامال قانچە... «ئەلھەمدۇلىللا مۇسۇلمان» ئەمەسمۇ، شۇڭا ئۇنداق قىلالمىدىم، تېخى ئەللىك تىيىننى ئاز كۆرۈپ، بىر سومنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ يولغا سالدىم... ئاندىن ئورنۇمغا قايتىپ كېلىپ ژۇرنالدىكى «بۈگۈن پۇل تاپالمىغان» ساتىراش ئاكامنىڭ چىرايىغا بىر ھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن:

— ئامان بولۇڭ ساتىراش ئاكا، بۈگۈن تاپالمىغان پۇلنى، خۇدايىم بۇيرۇسا ئەتە تېپىپ قالارسىز! ـ دېدىم بوغۇلغان ھالدا.

ئادىل ئىسمائىل ئەپەندى، مەن رەسىم ۋە فوتو سۈرەتلەرگە ئانچە قىزىقىپ كەتمەيتتىم (ھەجۋى رەسىملەردىن باشقا). كېيىن بەدىئىي سۈرەتلەردىمۇ ئالامەت مەنىلەرنىڭ بولىدىغانلىقىنى بىلگەنىمدە، ئۇنىڭغا خېلى ئۆزۈمنى ئۇرۇپ باقتىم. ئەمما خېلى ـ خېلى داڭلىق سۈرەت ـ رەسىملەردىن شۇنچە قىلىپمۇ بىرەر ئەھمىيەتلىك مەنىلەرنى بايقىيالمىغانىدىم. خەقنىڭ دەپ بەرگىنى خۇددى ئۆزى چايناپ يۇتمىغان تائامدەك بەتتام بولىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈمنىڭ «رەسىم قارىغۇسى» ئىكەنلىكىمنى تەن ئېلىپ، بۇ ساھەگە چات كىرىۋالماسلىق ھەققىدە ئۆزۈمنى ئاگاھلاندۇرغانىدىم. بىراق بۇ قېتىم قانداق بولدى بىلمىدىم، «بۈگۈن پۇل تاپالمىدىم» دەپ ئولتۇرغان ساتىراش ئاكام بىلەن ئىختىيارسىز مۇڭدىشىپ قالدىم. سىزنىڭچە، كۆزۈم ئېچىلىپ قالغانمىدۇ ياكى «كاللا دېسە پاچاق» دېگەندەك بىر نېمىلەرنى دەپ يۈرگەندىمەنمۇ؟

---

* ماۋزۇ مەسئۇل مۇھەررىر تەرىپىدىن قويۇلدى

ئاپتور: قاراماي كەسپىي ـ تېخنىكا ئىنستىتۇتى ئاماللەر كومىتېتىدا

بۇ سانىنىڭ ئىجرائىيە مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخرىبداكتورى: قۇربان مامۇت



پۇتكۇل خەلقلەر دوستلۇقىنىڭ ئەلچىسى، تونۇلغان قازاق ئوبزورچى، ئەدەبىياتشۇناس،
هاياتىنى ئۇيغۇر ئالىي مائارىپىغا بېغىشلىغان ئۇستاز قاۋسىلقان قامجان ئەپەندى

ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان كىتابلىرى: «تېپىپجان ئېلىيېۋ تەتقىقاتى»، «ئىز ۋە ئۈلگە»
«ئۈمىد»، «قەلەم ۋە قەدەم»، «ئىزدىنىش»، «ئەدەبىيات تەرەققىياتى ھەققىدىكى ئويلار»،
نەشرگە (1- توم، «تېيىپجان ئېلىيېۋ ئەسەرلىرى»، «ئەدەبىي ئەسەر ۋە بەدىئىي زوق»
تەييارلىغان)؛ قازاق تىلىدا نەشر قىلىنغان كىتابلىرى: «جوڭگو ھازىرقى دەۋر قازاق ئەدەبىياتى
تارىخى»، «جوڭگو بۈگۈنكى دەۋر قازاق ئەدەبىياتى تارىخى»، «سۇلتان جانبولاتوپ ۋە ئىلجار
كۆنبىي رومانى»، «يېزىقچىلىقنىڭ نەزەرىيىلىك بىلىملىرى»، «ئەمەلىي يېزىقچىلىق ئاساسلىرى»
«تۆل ئەدەبىياتىمىز ھەققىدە ئويلىغانلىرىم»، «قازاق ئەدەبىياتىدىن كونسۇلتاتسىيە»

www.uyghurkitap.com

## ● ئۇستىداتلىق فوتوگراف ئادىل ئىسمائىل ئەپەندى



《新疆文化》 （维吾尔文）
综合性文学双月刊

主管：新疆维吾尔自治区文化厅
主办：新疆维吾尔自治区艺术研究所
编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号：ISSN1008-6498
国内统一刊号：CN65-1073/I
海外发行：中国图书进出口（集团）总公司出口部
代理者地址：中国北京朝阳区工体东路16号
P.O.BOX 88, 16 Gongti East Road, Beijing 100020, china
海外发行代号：6498BM
发行范围：国内外发行
地址：乌鲁木齐市团结路72号
邮编：830001 电话：(0991) 2856942
印刷：《新疆日报》印务中心
发行：乌鲁木齐市邮局
订阅：全国各地邮局

邮发代号：58-22 定价：5元

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2005- يىل 3- سان
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنى
تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008-6498
مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65-1073/I
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو كىتاب ئىمپورت- ئېكسپورت (گۇرۇھى)
باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى
چەت ئەللەرگە قارىتا ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM
مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىتتىپاق يولى 72- قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون نومۇرى: 2856942 (0991)
باسقۇچى: «شىنجاڭ گېزىتى» باسما مەركىزى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58-22 باھاسى: 5 يۈەن